# ئانىلار ئۈچۈن ھېكايەتلەر

(ئانىلار بىلىشكە تېگىشلىك 101 ھېكايەت)



شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى



# ئانىلار ئۈچۈن ھېكايىلەر

(ئانىلار بىلىشكە تېگىشلىك 101 ھېكايەت)

تەرجىمە قىلغۇچى: پەتتارجان مۇھەممەت ئەرقۇت

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

3011/13

图书在版编目（CIP）数据

妈妈讲给妈妈的故事 ：维吾尔文 / 梁明娟编著；
帕特尔·买买提译. -- 乌鲁木齐 ：新疆人民卫生出版社，
2011.11
（青少年德育教育丛书）
ISBN 978-7-5372-4750-4

Ⅰ. ①妈… Ⅱ. ①梁…②帕… Ⅲ. ①家庭教育-维
吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①G78

中国版本图书馆CIP数据核字(2011)第240573号

书　　名：妈妈讲给妈妈的故事
策　　划：艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯
编　　译：帕特尔·买买提
责任编辑：阿依古丽·买合木提·土尔根
责任校对：乔尔帕·吐尔逊
出　　版：新疆人民卫生出版社
地　　址：乌鲁木齐市龙泉街196号
网　　址：http://www.xjpsp.com
印　　刷：新疆翼百丰印务有限公司
发　　行：新疆新华书店
版　　次：2011年11月第1版
印　　次：2012年1月第1次印刷
开　　本：880×1230毫米　1/32开本
印　　张：10.5　　插页4
书　　号：ISBN 978-7-5372-4750-4
印　　数：1—5100
定　　价：25.00元

发行科联系电话：(0991)2823055　邮编：830001

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى قىسىم مۇھەببەتنىڭ نامى بىلەن


مۇھەببەتنىڭ مەخپىيىتى ...... 3
تەڭرىنىڭ ئالمىسى ...... 6
باھاسىز گۆھەر ...... 10
ئۆيىگە قايتىش ...... 14
سېستىرا قىز ...... 19
قايتىپ كېلىشنى ئۇنتۇما ...... 23
ئۆلۈمگە بەرداشلىق بېرىش ...... 25
ئىللىق قول ...... 28
مۇھەببەتكە تولغان يامغۇرلۇق ...... 31
قار توزۇندىلىرىنى قېقىپ چۈشۈرۈۋېتىش ...... 33
ھاياتلىقنىڭ قىممىتى ...... 36
مىننەتدارلىق بايرىمىدىكى قول ...... 39
سەن بۇلارنىڭ قايسىسى؟ ...... 41
تولۇق نومۇرلۇق جاۋاب ...... 45
بالا ۋە دەرەخ ...... 50
بەخت تۇيغۇسى ...... 55

تۆشۈك چېلەك ۋە گۈل ........................ 59
ئۈنىڭ قەلبىنى چۈشىنىمەن ........................ 63
قۇياش نۇرىنى سۈپۈرۈپ ئەكىرىش ........................ 65
ئىنەك ........................ 67

## ئىككىنچى قىسىم بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە

تۇخۇمسىمان تاش ۋە ھايات ........................ 71
ئوغرىلاپ كېلىنگەن مۇھەببەت ........................ 74
باففېتىنىڭ پەرزەنت تەربىيەسى ........................ 77
ئاتا ـ ئانىنىڭ جاسارىتى ........................ 81
ھاياتتىكى ئەڭ مۇھىم بىر كۈن ........................ 86
سوغۇق نەزەرلەرنى تېشىپ ئۆتۈش ........................ 90
مەڭگۈلۈك بېلەت ........................ 93
قوزۇق چىش ........................ 97
كىشىلىك ھاياتنىڭ ئاچقۇچى ........................ 100
بۇتقا تىئۇنىش ۋە كۈجە كۆيدۈرۈش ........................ 104
تەگرى ئادىلدۇر ........................ 106
ۋەدە ........................ 109
قەبرە تېشى ........................ 113
ئىرادە يېتىلدۈرۈش ........................ 117
نىقابلىنىش بايرىمىدىكى يامغۇر ........................ 120
مەن يەنە قايتىپ كېلىمەن ........................ 124

ئىككى كىچىك ئاق چاشقان ........................ 126
خۇشال يۈرۈش بىر خىل ئادەت ........................ 129
ئانا بىلەن قىزنىڭ كېلىشىمى ........................ 134

## ئۈچىنچى قىسىم مېنىڭ ئىسمىم ئانا

ئانىنىڭ جاۋابى ........................ 141
مېنىڭ يەنە بىر ئالمام بار ........................ 144
مۇھەببەتنىڭ ھەرىكىتى ........................ 147
ئاق قۇ ........................ 150
خىزمەتكە قوبۇل قىلىنغان ئانا ........................ 153
بالىلارنى باشقا نۇقتىدىن تەربىيەلەيلى ........................ 156
ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ........................ 159
پىر بىلەن مۇرىت ........................ 163
قۇرتلاپ قالغان مېۋە ........................ 166
بىر پارچە قەغەز ........................ 168
ئىككى شەمشەر ........................ 170
ماختاش ........................ 172
مۇنەۋۋەر نەرسىلەرنىڭ بىرى بولسىلا كۇپايە ........................ 174
تۇرمۇش پەلەمپەيگە چىقىشقا ئوخشايدۇ ........................ 178
ئاسمانغا ئۆرلىگەن شار ........................ 181
ئۇقۇشماسلىق ........................ 183
دۆلەت چېگراسى ھالقىغان مۇھەببەت ........................ 185

ئانىنىڭ ئالمىسى ........ 193
ياقتۇرىمەن، ياقتۇرمايمەن ........ 197
100 ـ دېڭىز يۇلتۇزى ........ 200
دوكتور ........ 204
ئۆزىگە تايىنىش ........ 207

## تۆتىنچى قىسىم بالىلار بىلەن تەڭ ئۆسۈپ يېتىلىش

ھاياتلىق بانكىسى ........ 211
ساختا ھاراق ۋە يود قوشۇلمىغان تۇز ........ 214
ئېگىلىشنىڭ كۈچى ........ 216
يۇقىرى چەككە جەڭ ئېلان قىلىش ........ 218
قۇتقۇزۇشنى رەت قىلغان باستېر ........ 222
دىۋە بىلەن يىگىت ........ 225
يىغلىمايدىغان قەھرىمان ........ 229
خۇشاللىق ئىزدەش ........ 232
بىكارچى ۋە قۇرۇق گەپ ........ 235
ئېكسپېدىتسىيە ۋە بىخەتەرلىك ........ 237
ياردەمخۇمار ........ 240
ھاياتلىقنىڭ ئېگىزلىكى ........ 243
شەخسىيەتسىزلىك ۋە شەخسىيەتچىلىك ........ 245
باھاسىز تاش ........ 247
ئۈچ ساياھەتچى ........ 250

ئەتىنىڭ غېمىنى يېيىش ........................ 253
دەريا بويىدىكى ئالما ........................ 256
سىز قانداق جايدىن كەلدىڭىز؟ ........................ 258
پاسخا بايرىمىلىق كارتوچكا ........................ 262
بەختلىك قىز ۋە بەختسىز ئوغۇل ........................ 265
ھاياتلىقتىكى يۇدۇمە سېۋەت ........................ 267
كىچىك ئىشلارغا چېچىلماڭ ........................ 273
ئەڭ ياخشى جاۋاب ........................ 276

## بەشىنچى قىسىم مەن مەڭگۈ يېنىڭدا

مەن مەڭگۈ يېنىڭدا ........................ 281
بۇلاق پاسىبانى ........................ 286
مېنىڭ ئانام ........................ 290
رېكورتنى بۇزغان ئانا ........................ 292
ۋاقىت ۋە مۇھەببەت ........................ 295
ئېغىر ۋە يېنىك ........................ 298
راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىسى ........................ 300
قوپال ياسالغان ياغۇراتقۇ ........................ 303
دۇنيادىكى ئەڭ تەلەيلىك ئادەم ........................ 307
ھەممە كۈچىنى ئىشقا سېلىش ........................ 311
خۇشال ئۆتكەن مىلاد بايرىمى ........................ 314
باللار بىلەن ئۆتكەن ھەربىر كۈندىن بەھرىلىنىش ........ 318

# كىرىش سۆز

نۇرغۇن ئانا مەن تۇنجى قېتىم ئانا بولغان ۋاقتىمدىكىگە ئوخشاش، «ئانا» دېگەن سۆزگە قارشىلىشىش كەيپىياتىدا بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق ئاتىلىش بىزدە «مەن» دىن مەھرۇم قېلىشتىن قورقۇش ھېسسىياتىنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. ئېتىراپ قىلالايلى ياكى قىلمايلى، ھامىلىدارلىقنىڭ ئەڭ دەسلەپىدە، «ئۆزلۈك» پىسخىكىسىغا ئېسىلىۋېلىش، زىددىيەتكە تولغان بەخت تۇيغۇسى بىزگە ئىزچىل ھەمراھ بولىدۇ. بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇش ئالدىدا تۇرغان، تومۇرىدا قېنىمىز ئېقىپ تۇرغان بۇ كىچىك ھاياتلىقتىن ھەم خۇشال بولىمىز ھەم ئۇ بۇ دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن ئەسلىدىكى تۇرمۇشىمىزنى ئۆزگەرتىۋېتىشىدىن، كەلگۈسىمىزنىڭ قانداق ئۆزگىرىپ كېتىشىدىن، قانداق يېڭى تۇرمۇشنىڭ بىزنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىدىن ئەندىشە قىلىمىز.

بالا بىر ياشقا كىرگەندىن كېيىن، مەن ئاندىن بۇ خىل خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدىن ئاستا ـ ئاستا قۇتۇلدۇم. بەلكىم ئانا بولۇش ۋاقتىمنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن، بۇ خىل تۇيغۇغا ئادەتلىنىپ قالغان بولسام ياكى بالا ئېمىتىش ۋە ئۇنىڭ زاكىسىنى

ئالماشتۇرۇش جەريانىدا، بالىغا بولغان مېھرىم ھەممىنى بېسىپ چۈشكەن بولسا كېرەك. قانداق سەۋەب بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، «مەن» ۋە «ئانا» دېگەن بۇ ئىككى سۆز ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن ئەپچىل بىر خىل تەڭشەك مۇناسىۋىتىنى تاپتىم. ئۇنىڭ خۇددى مەن تېرىغان ئۇمىد ئۇرۇقىغا ئوخشاش، كۇنسېرى ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى، قايغۇسى ۋە شادلىقىنىڭ قەلبىم بىلەن تېخىمۇ مەھكەم باغلانغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ ئۆيگە بىر كەلگەن ئويۇنچۇقلىرى ئارىسىدا ئالدىراش يۇرگەنلىكىنى كۆرسەم، قەلبىم تەسۋىرلىگۈسىز تەسەللى ۋە ھاياجانغا تولىدۇ. مېنىڭچە، بىر بالىنى تۇغۇپ ئانا بولۇش بىر ئايالنى تېخىمۇ يېتىلدۇرىدۇ، مۇكەممەللەشتۇرىدۇ. ئەگەر ماڭا قايتىدىن تاللاش پۇرستى كەلسە، ئەينى چاغدا ئۇنى تۇغۇشنى قارار قىلغانلىقىمدىن ئۆكۈنمەيمەن. بۇنى ئانا بولۇپ باقمىغانلار مەڭگۇ ھېس قىلىپ يېتەلمەسلىكى مۇمكىن.

ئانا بولۇشقا باشلىغان ۋاقىتتا، كاللامدا بىر قىسىم تەسىر ياكى كۆز قاراشلار پەيدا بولغانىدى. لېكىن بالىنى تەربىيەلەش جەريانىدا، بۇ خىل ئۆلۈك تەسىر ئاستا ـ ئاستا تۈزەلدى. يېڭى تۇغۇلغان بالا بىلەن ئىككى ـ ئۈچ ياشلىق بالىنى بېقىشقا تامامەن ئوخشاش بولمىغان ئىقتىدار ۋە ماھارەت كېتىدۇ. ئىككىنچى بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن، بىرىنچى بالامنى باققاندىكى

تەجرىبىلىرىمنىڭ تامامەن ماس كەلمەيدىغانلىقىنى بايقىدىم. شۇنداق قىلىپ، بالىنىڭ كۈنسېرى چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ئۆزۈمدە ھەر ۋاقىت يېڭى تەسىراتلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى، داۋاملىق ئۆگىنىشىم، چېنىقىشىم ۋە يېتىلىشىم كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم ۋە بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى بىلەن ئانىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى بىر - بىرىگە باغلىنىشلىق ئىكەن، دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم. ئانىنىڭ ساپاسى ۋە تەربىيەلىنىشى بالىنىڭ ساپاسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى بېكىتىدۇ. بالا بىزنى داۋاملىق ئۆگىنىشكە، پىشىپ يېتىلىشكە، ئۆزىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە مەجبۇرلايدۇ. ئەگەر بۇنداق بولمىسا، ئۇنىڭ تېز تەرەققىياتىغا يېتىشىپ بولالمايمىز.

يۇقىرىقى سەۋەبلەردىن، ئوخشاش كەچۈرمىش ۋە تەسىراتقا ئىگە ئانىلار بىلەن پىكىرلىشىپ تۇرۇشنى، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئەڭ قاتتىق تەسىر قىلغان بالا تەربىيەلەش تەجرىبىلىرى، تەسىراتلىرى بىلەن ئورتاقلىشىشنى ئارزۇ قىلىپ قالدىم. بۇ كىتابنى تۈزۈشنىڭ ئانىلىق رولىنى ئوبدان ئۆتۈشكە ياردىمى كۆپ بولدى. ھەربىر ئانىنىڭ بۇ كىتابنى ئوقۇغاندا ماڭا ئوخشاش مەنپەئەت ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ كىتابتىن سىز باشقا ئانىلارنىڭ بېسىملارنى قانداق يەڭگەنلىكىنى، رىقابەتكە تولغان بۇ مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن قانداق چىققانلىقىنى ۋە قانداق

جاۋابقا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرەلەيسىز. بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنىدا ئىپادىلەنگەن جەسۇرلۇق، خۇشاللىق ۋە كۆز ياش، ئەقىل - پاراسەت بۇ ئانىلارنىڭ ئۆزئارا قىلىشقان قىممەتلىك سوۋغىسىدۇر.

— تۇزگۇچىدىن

# بىرىنچى قىسىم

## مۇھەببەتنىڭ

## نامى بىلەن

# مۇھەببەتنىڭ مەخپىيىتى

ئىككى ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن جەننەتكە كىرىپتۇ. تەڭرى ئۇلاردىن:

— نۇرغۇن كىشى جەننەتكە كىرىمىز دەپ شۇنچە ئارزۇ قىلسىمۇ كىرەلمەيدۇ، لېكىن سىلەر مىليونلىغان كىشى ئارىسىدىكى تالەيلىك كىشىلەر. ئۆزۈڭلەرنىڭ جەننەتكە نېمىشقا كىرەلىگەنلىكىڭلارنى بىلەمسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

— چۈنكى بىزدە مۇھەببەت بار، يەنە كېلىپ مۇھەببىتىمىزنى ئەمەلدە كۆرسىتەلىدۇق، — دەپتۇ ئىككىيلەن.
تەڭرى ئۇلارنى مۇھەببەتكە بولغان چۈشەنچىسىنى سۆزلەپ بېقىشقا بۇيرۇپتۇ.

— مېنىڭچە مۇھەببەت ئىنتايىن مۇقەددەس، — دەپتۇ بىرىنچىسى، — ئۇنى ئاسانلىقچە ئىزھار قىلغىلى بولمايدۇ، ئىزھار قىلغانىكەنمىز، چوقۇم ئەمەلدە كۆرسىتىشىمىز كېرەك. ھەقىقىي مۇھەببەتنى ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق ئىپادىلەش لازىمدۇر. مەن شۇنداق ئويلايمەن، ھەم شۇنداق قىلدىم. مۇھەببىتىمنى ئاسان ئاشكارىلىمىدىم، شۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىگە يەتتىم.

ــ مېنىڭ قارىشىم تامامەن ئەكسىچە، ــ دەپتۇ ئىككىنچىسى، ــ مۇھەببەت ئىنتايىن مۇقەددەس بولغاچقىلا، ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن ئاسان چىقىپ كەتكىلى بولمايدۇ. ناۋادا مۇھەببەتنى كۆڭۈلدىلا ئويلاپ ئېغىزدىن چىقارمىسام، ئۇنىڭدىن ئىلھام ۋە قىزغىنلىقنى ئېرىشەلمەيمەن. شۇڭا مەن مۇھەببىتىمنى دائىم ئىزھار قىلىپ تۇردۇم، مۇھەببەتكە بولغان تەشنالىقىم ۋە ئېھتىياجىمنى ئېيتىپ تۇردۇم. مۇھەببىتىمنى ئىزھار قىلغان ۋاقتىمدا، خۇددى ئىشچىلارغا ئەمگەك سىگنالى چېلىنغاندەك، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولىدۇ ـ دە، مۇھەببەتتىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيمەن.

ئانىلارغا سۆز: مۇھەببەت ئىناقلىقنى مەركەز قىلغان ھالدا ئىللىقلىق، لەززەت ۋە بەخت ئاتا قىلىدۇ. مۇھەببەتلىك دۇنيانىڭ قويىنى كەڭ، ئۇ كۈتۈش، چىداش ۋە چۈشىنىشلەرنى سىغدۇرالايدۇ. مۇھەببەت ئۆزئارا ھۆرمەت ۋە قوغداشقا موھتاج. مۇھەببەتنى قوغداش بىر خىل مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت ۋە ھوقۇقتۇر. يارىلانغان قەلبلەرنى چىن قەلب بىلەن قۇتۇلدۇرۇپ، گۇمران بولغان روھلارنى ئەسلىگە كەلتۈرمەك لازىمدۇر. مۇھەببەتنىڭ قوغدىشى نۇقسانسىز، قىممەتلىك ۋە پىشىپ يېتىلگەن، شۇڭا ئەبەدىي قىزغىن ھەم قەيسەر كېلىدۇ. مۇھەببەت ھاياتلىقنىڭ ۋەدىسى، چۈنكى ھاياتلىق مۇھەببەتنىڭ بۆشۈكى. ئويلاپ باقايلى، تەڭرى ھاياتلىقنى يارىتىش بىلەن بىرگە، مۇھەببەتنىمۇ ياراتقان ئەمەسمۇ.

كىشىلەرنىڭ مۇھەببەتنى ئىپادىلەش شەكلى ئوخشاش بولمايدۇ. مىڭ ئانا بولسا، مىڭ خىل پەرزەنت تەربىيەلەش، مۇھەببەتنى ئىزھار قىلىش ئۇسۇلى بار بولىدۇ. كىشى مۇھەببەتنى ئىزھار قىلسۇن ياكى قەلب چوڭقۇرلۇقىدا ساقلىسۇن، ئۇنى ئەمەلىي ھەرىكەتكە سىڭدۈرۈۋېتىشى لازىمدۇر. مۇھەببەتتىن قەتئىي ۋاز كەچمىگەندىلا، ھاياتلىقنىڭ ھەقىقىي مەنىسىگە يەتكىلى بولىدۇ.

# تەگرىنىڭ ئالمىسى

ئېرۋىنىڭ كۆزى كىچىك ۋاقتىدىلا كورمەس بولۇپ قالغانىدى، ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇ ئەما بولۇپ قېلىشنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ يېشى چوڭىيىشقا باشلىغاندا، ئاندىن ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيانى مەڭگۇ كۆرەلمەيدىغانلىقىنى بىلدى.

«تەگرىم، ماڭا نېمىشقا بۇنداق مۇئامىلە قىلىسەن؟ ئەجەبا مەن بىرەر ئىشنى خاتا قىلغانمىدىم؟» ئېرۋي ھەمىشە ئۆزىدىن شۇنداق سورايتتى، «مەن قۇشلارنى، دەل ـ دەرەخلەرنى، ئۇلارنىڭ رەڭلىرىنى كۆرەلمەيمەن. يورۇقلۇقتىن مەھرۇم قالسام يەنە نېمە قىلالايمەن؟»

ئۇنىڭ تۇغقانلىرى ۋە دوستلىرى، يەنە نۇرغۇن ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلەتتى، ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى. ئۇ ئاپتوبۇسقا چىققاندا، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئورۇن بوشىتىپ بېرەتتى؛ يولدىن ئۆتكەندە بىرى كېلىپ يۆلىۋالاتتى. بىراق ئېرۋي بۇلارنىڭ ھەممىسىنى باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتقانلىقى دەپ بىلەتتى. ئۇ باشقىلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قوبۇل قىلىشنى خالىمايتتى.

بىر كۈنى يۈز بەرگەن بىر ئىش ئۇنىڭ قارىشىنى ئۆزگەرتتى.

ئۇ كۆنى پوپ كېررى ئۆنىڭغا مۇنداق بىر گەپنى قىلغانىدى: «ھەربىر ئادەم تەڭرى چىشلەپ قويغان ئالمىدۇر، ھەممىسىنىڭ نۇقسىنى بار. بەزىلەرنىڭ نۇقسىنى چوڭراق، چۈنكى تەڭرى ئۇنىڭغا بەك ئامراق بولغاچقا چوڭراق چىشلەپ قويغان.»

— مەن راستىلا تەڭرى چىشلەپ قويغان ئالمىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئېرۋې پوپتىن.

— شۇنداق، تەڭرى ھەرگىزمۇ سېنى تاشلىۋەتمىگەن. لېكىن تەڭرى ئۆزى ئامراق ئالمىنىڭ ئۆمرىنى ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆتكۈزۈشىنى خالىمايدۇ، — دېدى پوپ جاۋابەن.

— رەھمەت سىزگە پوپ، سىز كۈچ - قۇۋۋىتىمنى قايتۇرۇپ كېلىشىمگە ياردەم قىلدىڭىز، — دېدى ئېرۋې خۇشاللىقىدا. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ئەما بولۇپ قېلىشىنى تەڭرىنىڭ ئۆزىگە قىلغان ئالاھىدە ئامراقلىقى دەپ قاراپ، روھىنى كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان بولدى.

«كۆزۈم كۆرمىگەن بىلەن، ھېچبولمىغاندا قۇلىقىم ئاڭلىيالايدۇ، قولۇم نەرسىلەرنى تۇتالايدىغۇ!» ئۇ، شۇ خىيال بىلەن بىر ئەما ئۇۋۇلاش ئۇستىسىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن ئۇۋۇلاش ماھارىتىنى ئۆگەندى. ئۇ تىرىشچان ھەم جاپاغا چىدايدىغان بولغاچقا، بىر نەچچە يىلدىن كېيىنلا ماھارىتى ئۇستازىنىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇ يەنە يېڭىچە بىر خىل ئۇۋۇلاش ئۇسۇلىنى كەشىپ قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى.

ئۇ كېيىن بىر ئۇۋۇلاش دۇكىنى ئاچتى. دۇكانغا كېلىدىغان خېرىدارلار بەك كۆپ بولغاچقا، بەزىدە يېتىشەلمەيلا قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئەمادىن بىر نەچچە شاگىرت قوبۇل قىلدى. خىزمەت جەريانىدا ئۇ كىشىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپلا قالماستىن، يەنە ئۆزىگە ئوخشاش كىشىلەرگە تۇرمۇشنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلدۇرۇپ، ئۇلارغىمۇ ئۈمىد ئاتا قىلىپ، روھىنى ئۇرغۇتتى. مانا، ئاخىر ئۇ خۇشال ھالدا كۈلدى!

تەڭرى بۇ ئىشلارنى بىلگەندىن كېيىن، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مەن بۇ گۈزەل ھەم ئاقىلانە ئوخشىتىشنى ياقتۇرۇپ قالدىم. مەن ھەرقاچان بىرەر ئالمىنى تاشلىۋەتكەن ئەمەسمەن، — دېدى.

ئانىلارغا سۆز: «ھەربىر ئادەم تەڭرى چىشلەپ قويغان ئالمىدۇر، ھەممىسىنىڭ نۇقسىنى بار. بەزىلەرنىڭ نۇقسىنى چوڭراق، چۈنكى تەڭرى ئۇنىڭغا بەك ئامراق بولغاچقا چوڭراق چىشلەپ قويغان.»

بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلارنى ئۆتكۈزگەن كىشىلەر خۇددى مەڭگۈ ياشىغىلى بولمىغاندەك، ئادەمنىڭ مۇكەممەل بولالمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. رېئال تۇرمۇشتا ھەر قانداق بىر ئاقىل ئادەم ئۆزىنىڭ مۇكەممەل ياكى ئەمەسلىكىگە پەرۋا قىلىپ كەتمەيدۇ. لېكىن بالىلار ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار بۇ جاھاننىڭ ئىشلىرىغا يېڭىلا كىرىشكەن بولغاچقا، تەبىئىي ھالدا

بۇ دۇنيانى گۈزەل، پاك، ئۆزىنى پەرىشتىدەك نۇقسانسىز ھېسابلايدۇ. بۇنداق غايىۋى ئىشنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بايقىغاندا، ئۈمىدسىزلىنىپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا، ئانا بولغۇچى بالىسىنىڭ بۇ خىل روھىي ھالىتىنى ۋاقتىدا بايقاپ، ئۇنىڭغا ئادەم ھاياتىنىڭ مۇكەممەل بولمايدىغانلىقىنى، ئەيىبناقلىقنىڭ بەختسىزلىك ئەمەس، بەلكى ھەربىر ئادەم دۇچ كېلىدىغان مەسىلە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشى كېرەك. بالىلاردىكى بۇ خىل روھىي كەيپىياتقا ۋاقتىدا تاقابىل تۇرغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ توغرا دۇنيا قارىشى تۇرغۇزۇشىغا ياردەم بېرىپ، ئۆزى ۋە ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە بولغان ئىشەنچىنى چىڭىتقىلى بولىدۇ. بالىلارنى ياخشى كۆرۈش ھەرگىزمۇ بۇ دۇنيانىڭ نۇقسانلىرى ۋە رەزىل قىياپىتىنى يوشۇرۇش دېگەنلىك ئەمەس. ئەكسىچە، بالىلارغا ھەقىقىي ئەھۋالنى مۇۋاپىق ئۇسۇلدا ئېيتىش كېرەك. ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا، ئۇنى ئىلھاملاندۇرۇش تەسەللى بەرگەنگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم.

# باھاسىز گۆھەر

بىر دوستۇمنىڭ ئىككى قىزى بار ئىدى. ئۇ يىگىتلەرنىڭ كۆڭلىگە ئاز - تولا قورقۇنچ سېلىپ قويۇشنى مۇۋاپىق دەپ قارايتتى. ئۇ قىزلىرى بىلەن ئۇچراشماقچى بولغان يىگىتلەر بىلەن ئايرىم سۆزلىشىشنى تەلەپ قىلغاندا، قىزلىرى بەلكىم ئاز - تولا ئوڭايسىزلىق ھېس قىلغان بولۇشى ئېھتىمال. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ يىگىتلەرگە ئۆزىنىڭ بەكمۇ تەلەپچان، قىزلىرىنى زىيادە قوغدايدىغان ئاتا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى خالايتتى، ئوچۇق - يورۇق ئەمەسكەن دېگەن تەسىرنى بېرىپ قويۇشنى خالىمايتتى. يىگىتلەر بەلكىم بۇ ئاتىنى قىزلىرىنى بەكمۇ قاتتىق قوغدايدىكەن، دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ يىگىتلەرگە مۇنداق دەيتتى:

— ناۋادا مېنىڭ ئىنتايىن قىممەتلىك، چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلگەن مۇسابىقە ماشىنام بار بولسا ھەم سىزگە بېرىپ تۇرسام، چوقۇم ئېھتىيات بىلەن ھەيدەيسىز، توغرىمۇ؟

— ھەئە، خاتىرجەم بولسىڭىز بولىدۇ.

— ئۇنى ئۆز ماشىنىڭىزدىنمۇ بەكرەك ئاسرايسىز، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، ئەپەندى.
— مېنىڭچە، سىز خالىغانچە جىددىي تورمۇز قىلمايسىزغۇ دەيمەن، توغرىمۇ؟
— شۇنداق، ئەپەندى.
— ياخشى، ئەمىسە مەن بىر ئىشنى ئەركەكلەرگە خاس ھالدا ئۇدۇللا دەۋېرەي: قىزىم ماڭا نىسبەتەن باھاسىز گۆھەر، ھەر قانداق ماشىنىدىنمۇ قىممەتلىك. مەقسىتىمنى چۈشەندىڭىزمۇ؟ ئۇنى سىزگە بىر نەچچە سائەت بېرىپ تۇرسام، ئۇنىڭغا ئۆز مەيلىڭىزچە مۇئامىلە قىلماسلىقىڭىزنى، مەسئۇل بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۇ مېنىڭ، ھازىرچە سىزگە ۋاقىتلىق ھاۋالە قىلىمەن، بۇ خىل ئىشەنچكە ئىككىنچى قېتىم پۇرسەت كەلمەيدۇ، چۈشەندىڭىزمۇ؟
بۇ چاغدا، يىگىت ئەلۋەتتە ئۆزى تەكلىپ قىلغان ئادەمنىڭ باشقا بىر قىز بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ ئۇ باش لىڭشىتىشتىن باشقا ھېچنېمە دېيەلمەيدۇ. كۆپىنچە ئەھۋاللاردا، ئۇ دېيىشكەن ۋاقىتتىن بۇرۇن قىزنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدۇ. ھەتتا قىز مۇشۇ سەۋەبلىك دادىسىدىن ئاغرىنىشى مۇمكىن، لېكىن قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە دادىسىدىن ئىنتايىن مىننەتدار بولىدۇ. يەنە كېلىپ، ئۇ كەلگۈسىدە ئۆزىنى شۇ قەدەر كۆتىدىغان بىرىگە ياتلىق بولىدۇ.
ئانىلارغا سۆز: بۇ ھېكايىنى تۇنجى قېتىم ئوقۇغاندا، ئالدى بىلەن كاللامغا كەلگىنى مىننەتدارلىق ۋە خۇشاللىق ھېسسىياتى

بولدى. بەلكىم بۇ دادىنىڭ قىزىنى قوغداش مۇددىئاسى بەك كۈچلۈككەن، دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن. لېكىن ئۇنىڭ قىزى مۇشۇنداق دادىسىنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىدۇ، نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇ كەلگۈسىدە توي قىلىپ بالىلىق بولىدۇ، شۇنداقلا دادىسىنىڭ بۇ خىل مۇھەببىتىنى قەدىرلەيدۇ.

ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىسىنى قەدىرلىشىمۇ مۇشۇنداق ئەمەسمۇ؟ بالا كىچىك ۋاقتىدا، بىز ئۇنىڭ ئاستا ـ ئاستا چوڭ بولغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىمىز. ئۇ خىل مېھرىبانلىقنى ئاتا ـ ئانا بولۇپ باقمىغانلارنىڭ ھېس قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ تۇنجى قېتىم باغرىمدا مېنى ئەممەي، مۇستەقىل ھالدا تاماق يېيىشكە، ئۆزى يۇيۇنۇپ، كىيىمىنى ئۆزى يۇيۇشقا باشلىغان، ھەممىلا ئىشتا مۇستەقىل بولۇشقا باشلىغان ۋاقىتتا، بۇرۇنقى ۋاقىتلارغا قايتىپ، ئۇنىڭ يۇمران ئاۋازى بىلەن «ئايا» دەپ چاقىرغىنىنى ئاڭلىغۇم كېلىدۇ. ئۇ ئاستا ـ ئاستا چوڭ بولۇپ، كۆپ قىسىم ۋاقىتلىرىنى مەكتەپتە ئۆتكۈزۈشكە باشلىغاندا ھەمىشە ئۇنىڭ غېمىنى قىلىپ، مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ دەرھال يېنىمغا قايتىپ كېلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. ئۇنىڭ بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن مۇستەقىل بولىدىغانلىقى، ئاخىرىدا مەندىن ئايرىلىپ باشقا بىر جايدا ئۆزىگە تەئەللۇق ئائىلىسىنى قۇرىدىغانلىقى، ئاندىن ئۆزىنىڭ پەرزەنتى بولىدىغانلىقى ماڭا ئايان. قەلبىمدىكى ئاچچىق تۇيغۇلارنى بېسىپ بولالماي، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكەن ھەربىر

كۆننى تېخىمۇ قەدىرلىدىم. تۇرمۇشقا تېخىمۇ سالماق مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدىم. بالىلىرىمنىڭ ساددا، غۇبارسىز كۆزلىرىدىن ئۇلارنىڭ خۇددى «نېمىشقا بۇنداق ئالدىرايسىز، ئاپا؟» دەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم. شۇنىڭدىن باشلاپ، نېمىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك، بەدەل تۆلەشكە ۋە قەدىرلەشكە ئەڭ ئەرزىيدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. پەرزەنتلىرىم ماڭا ئۆزۈمنىڭ شۇنچە ئۇلۇغ ئىكەنلىكىمنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدۇرۇپ، مېنى مۇكەممەل ئادەمگە ئايلاندۇردى.

# ئۆيگە قايتىش

ئۆي كىچىك بولسىمۇ، يېتەرلىك بولسىلا بولىدى. كانانىڭ ئۆيى باشقا نۇرغۇن نامرات قوشنىلىرىغا ئوخشاش بىرلا ئېغىز، يەنە كېلىپ ھەمىشە تۇپا - چاڭ توزۇپ تۇرىدىغان بىر كوچىغا جايلاشقانىدى.

ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە قىزىل كاھىش يېپىتىلغانىدى. كانا بىلەن قىزى ئېۋىتا ئۆينىڭ كۆل رەڭ تېمىغا بىر كونا ئاسما كالېندار، ئۆچۈپ كەتكەن سۈرەت، بىر ياغاچ كىرېست قاتارلىقلارنى ئېسىپ بېزىدى. ئائىلە جاھازلىرىمۇ ناھايىتى ئاددىي، يەنى ئۆينىڭ ئىككى تەرىپىگە بىردىن كونا كارىۋات، بىردىن جاۋۇر قويۇلغان، يەنە بىر ئوتۇن قالايدىغان ئوچاقمۇ بار ئىدى.

كانانىڭ ئېرى ئېۋىتا تېخى زاكىدىكى ۋاقتىدىلا ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ياش ئانا قايتا ياتلىق بولماي، قەيسەرلىك بىلەن ئىش تېپىپ قىلىپ، سەبىي ئېۋىتانى بېقىپ چوڭ قىلدى. 15 يىلدىن كېيىن، ئەڭ جاپالىق كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. گەرچە كانانىڭ مالايلىقتىن قىلىدىغان ئازغىنە ئىش ھەققى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا

ئاران ـ ئاران يەتسىمۇ، لېكىن ھەرھالدا مۇقىم ھېسابلىنىدۇ. مۇھىمى، ھازىر ئېۋىتا ئاخىر چوڭ بولۇپ، ئىش تېپىپ قىلىپ ئائىلىسىنى قامدىغۇدەك بولغانىدى.

بەزىلەر ئېۋىتانى ئاپىسىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئۆگەنگەن دەيتتى. ئۇ بالدۇر ياتلىق بولۇپ ئائىلە قۇرىدىغان ئەنئەنىۋى كۆز قاراشنى قوبۇل قىلمايتتى. ئۇ ئەر تاللاش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن ئەمەس، ئەكسىچە ئۇنىڭ قوڭۇر رەڭلىك كۆزلىرى ۋە زەيتۇن رەڭ تېرىسى نۇرغۇن ئەرلەرنى ئۇنىڭ ئېتىكى ئاستىغا يىقىتقانىدى. ئۇ دائىم مەغرۇر كۈلەتتى، كۈلكە ئاۋازى ئۆينى بىر ئالاتتى. يەنە ئۇنىڭدىكى ئاياللاردا كەم تېپىلىدىغان سېھرىي كۈچ ئۇنى ئەرلەرنىڭ ئالدىدا قەدىر ـ قىممەتكە ئىگە قىلسا، ئۆزگىچە سىرلىقلىق باشتىن ـ ئاخىر ئەرلەر بىلەن مەلۇم ئارىلىق ساقلايتتى.

ئۇ دائىم شەھەرگە كىرىمەن دەيتتى، ھامان بىر كۈنى سەھرادىن ئايرىلىپ، ئاۋات شەھەرگە قەدەم بېسىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇنىڭ مۇشۇ خىيالىلا ئانىسىنى خاتىرجەمسىزلەندۈرەتتى. كانا دائىم قىزىنى شەھەر تۇرمۇشىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ: «شەھەردىكىلەر سېنى تونۇمايدۇ، خىزمەت تاپمىقىڭ تەس، تۇرمۇش رەھىمسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن شەھەردە نېمەڭگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىسەن؟» دەيتتى.

كاناغا ئېۋىتانىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقى ياكى نېمىگە تايىنىپ جېنىنى باقىدىغانلىقى ئايان ئىدى. شۇڭا مەلۇم بىر

كۇنى سەھەردە، ئۇ قىزنىڭ كارىۋىتىنىڭ بوش تۇرغانلىقىنى كۆرگەندە، يۈرەك - باغرى پارە - پارە بولۇپ كەتتى. ئۇ قىزنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى، ئۇنى قەيەردىن تاپقىلى بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. ئۇ دەرھال بىر نەچچە قۇر كىيىمنى يىغىشتۇرۇپ، ھەممە پۇلىنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقتى.

ئۇ ئاپتوبۇس بېكىتىگە بېرىش يولىدا ، بىر مىللىچمال دۇكىنىغا كىرىپ، ئۇ يەردىكى سۈرەتكە تارتىش ئۆيىگە كىرىپ، ھەممە پۇلىنى خەجلەپ دېگۈدەك سۈرەتكە چۈشتى. يانچۇقلىرىغا لىق توشقان چوڭ - كىچىك رەڭسىز سۈرەتلەرنى ئېلىپ، شەھەرگە بارىدىغان ئاخىرقى ئاپتوبۇسقا چىقتى.

كانا ئېۋىتانىڭ جېنىنى باقالمايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا قىزنىڭ بىر ئىشتىن ئاسانلىقچە بولدى قىلمايدىغان تەرسا مىجەزىنى بىلەتتى. تەكەببۇرلۇققا ئاچارچىلىق قوشۇلسا، ئادەم ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايدۇ. كاناغا بۇ نۇقتا ئايدىڭ ئىدى. ئۇ قاۋاق، رېستوران، بەزمىخانا ۋە باشقا سەرگەردان ۋە پاھىشەلەر كىرىپ - چىقىدىغان جايلارنىڭ بىرىنى قالدۇرماي ئىزدىدى. بارغانلا يېرىدە ئۆزىنىڭ سۈرىتىنى قالدۇرۇپ ماڭدى، سۈرەتنىڭ كەينىگە بىر نەچچە ئېغىز سۆز يېزىپ قويدى.

ئۇزاققا بارماي ئۇنىڭ يانچۇقى قۇرۇقدىلىپ، سۈرەتلەرمۇ تۈگىدى. كانا ئۆيىگە قايتىشقا مەجبۇر بولدى. قايتىش سەپىرىگە ئاتلانغان ۋاقىتتا، چارچىغان بۇ ئانا يىغلاپ تاشلىدى.

بىر نەچچە ھەپتىدىن كېيىن، ئېۋىتا بىر رېستوراننىڭ

پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايلىق يۈزلىرى
ھارغىنلىقتىن تاتارغان، قوڭۇر رەڭلىك كۆزلىرىدە ياشلىقنىڭ
نۇرلىرى قالمىغان، ئۇنىڭدىن پەقەت ئازاب ۋە ۋەھىمە تۆكۈلۈپ
تۇراتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسى ئاياغلاشقان، ئارزۇلىرى بەربات
بولغانىدى. ئۇ پەلەمپەيىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا كەلگەندە،
كۆزلىرىگە بىر تونۇش چىراي كۆرۈندى. ئۇ كۆزىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ
قارىغانىدى، زالدىكى ئەينەكتە ئاپىسى كانانىڭ سۈرىتى چاپلاقلىق
تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئېۋىتانىڭ كۆزلىرى ئاچچىق بولۇپ،
ئېسەدىگەن پېتى ئەينەكنىڭ ئالدىغا بېرىپ سۈرەتنى قولىغا
ئالدى. سۈرەتنىڭ كەينىدە كىشى رەت قىلغۇسىز تەكلىپ خېتى
يېزىلغانىدى: «قانداق ئىش قىلغانلىقىڭ ياكى قانداق ئادەم بولۇپ
قېلىشىڭدىن قەتئىينەزەر، ھېچ ۋەقەسى يوق، ئۆيگە قايتىپ
كەلگىن!»

ئانىلارغا سۆز: ئادەم ئەۋلىيا ئەمەس، كىمدىن سەۋەنلىك
ئۆتمىگەن؟ چوڭلارمۇ سەۋەنلىك ئۆتكۈزىدىغان تۇرسا، كىچىك
بالىنى ئەيىبلەش مۇمكىنمۇ؟ ئانا بولغۇچى ئاچچىقى كەلگەنلىك
سەۋەبلىكلا، خالىغانچە ئۇلارنى ئەيىبلەپ، ئىززىتىنى يەرگە
ئۇرسا بولامدۇ؟ ئەكسىچە، ئانا بولغۇچى بالا سەۋەنلىك سادىر
قىلغاندا، ئۇنى روھىي يۆكىنى تاشلىۋېتىشكە ئىلھاملاندۇرۇپ،
ئۇنىڭغا «سەمىمىيلىك بىلەن خاتالىقىنى تۈزەتسىلا، كىشىلەرنىڭ
ئۇنى ئەپۇ قىلىدىغانلىقى» نى بىلدۈرۈشى كېرەك.

ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن بالىلار كۆپىنچە

ناهايىتى ئاڭلىق كېلىدۇ، ئۇلار دوستانە، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق بولۇپ، چوڭلار بىلەن سۆزلەشكەندە ھەرگىز قوروۇنۇپ ئولتۇرمايدۇ، مۇستەقىللىق ئېڭى كۈچلۈك بولىدۇ. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، بۇلارنىڭ ھەممىسى بالىلارنىڭ تېگىشلىك ھۆرمەتكە ئېرىشكەنلىكىنىڭ ياخشى ئىنكاسى ئىكەن.

ھەربىر بالا چاقناپ تۇرغان ئالماسقا ئوخشايدۇ. سەۋەبسىز خورلاش، ئەيىبلەش، مەسخىرە قىلىشلار بۇ ئالماسقا توپا ـ چاڭ قوندۇرىدۇ، پەقەت ئىللىق مۇھەببەت، سەممىمي ھۆرمەتلا ئۇنى پارقىرىتالايدۇ.

# سېسترا قىز

بىر ياش سېسترا «مەكتەپ تۇرمۇشى» ناملىق ژۇرنالدا، ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ بىماردا ئۈمىد پەيدا قىلغانلىقىنى يازغانىدى.

ئېللون ئۇ ئەڭ دەسلەپتە ھالىدىن خەۋەر ئالغان بىمار ئىدى. دوختۇرنىڭ ھۆكمى بويىچە بولغاندا، مېڭىسىگە قان چۈشۈش سەۋەبىدىن ئۇ سەزگۈسىنى تامامەن يوقاتقانىدى، ھېچنېمىنى سەزمەيتتى، ئەتراپىدا نېمە ئىشلار بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالمايتتى. دوختۇر ـ سېسترالار ئۇنى يوتقان يارىسى بولۇپ قالمىسۇن، دەپ ھەربىر سائەتتە بىر قېتىم ئۇنى ئۆرۈپ قويۇشقا ئېھتىياجلىق ئىدى، ھەر ئىككى كۈندە بىر قېتىم ئۇنىڭغا غىزا يېگۈزەتتى. ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش كىشىنى بىزار قىلىدىغان خىزمەت ئىدى.

— ئەھۋال ناچار بولغاندا، چوقۇم ئۆزۈڭلارنىڭ ھېسسىياتىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇڭلار، — دېگەنىدى بىر پېشقەدەم سېسترا ياش سېسترالارغا. نەتىجىدە، ئېللون بارغانسېرى بىر ئۆسۈملۈك ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى.

لېكىن بۇ ياش سېسترا ئۇنىڭغا باشقىلاردەك مۇئامىلە

قىلماسلىق قارارىغا كەلدى. ئۇ ئېللونغا گەپ قىلىپ بېرەتتى، ناخشا ئېيتىپ ئىلھاملاندۇراتتى، ھەتتا ئۇنىڭغا كىچىك سوۋغاتلارنى بېرەتتى. بىر كۈنى ئېللوننىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن يامانلىشىپ كەتتى. بۇنداق چاغدا ئۇ ئاچچىقىنى ئېللوندىن چىقىرىۋالسا تامامەن بولاتتى. لېكىن ئۇ ئېللونغا تېخىمۇ كۆيۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ كۈنى تەشەككۇر بايرىمى ئىدى. سېسترا ئېللونغا:

— ئېللون، بۈگۈن كەيپىياتىم ياخشى ئەمەس، چۈنكى بۈگۈن مەن ئارام ئالىدىغان كۈن ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ كەلدىم، مۇشۇنداق قىلغانلىقىمدىن ئۆزۈممۇ ناھايىتى خۇشال، چۈنكى تەشەككۇر بايرىمىدا سېنى كۆرەلمەي قالماي دېدىم. بۈگۈن تەشەككۇر بايرىمى ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ — دېدى.

بۇ چاغدا تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. سېسترا تېلېفوننى ئالدى ـ يۇ، يەنە قايرىلىپ ئېللونغا قارىدى، ئارقىدىن:

— ئېللون يىغلىغىنىمنى كۆردى، ئۇنىڭ كۆز يېشى ياستۇقنى ھۆل قىلىۋەتتى، بەدىنى تىترەپ كەتتى، — دېدى.

ئۇ ئېللوننىڭ ئىنسانلارغا خاس بىردىنبىر ئىنكاسى ئىدى، لېكىن بۇ، باشقا دوختۇر ـ سېسترالارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتىشكە يېتىپ ئاشاتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئېللون بۇ دۇنيادىن خوشلاشتى. ياش سېسترانىڭ ھېكايىسى ئاخىرلىشىدىغان چاغدا، ئۇ مۇنداق دېدى:

— ئۇنى دائىم ئەسلەيمەن... مەن ئۇنىڭغا كۆپ قەرزدار. ئەگەر ئىلىلون بولمىغان بولسا، ياخشىلىقتا جاۋاب قايتۇرالمايدىغان كىشىلەرگە مېھىر ـ مۇھەببەت ئاتا قىلىشنى مەڭگۈ ئۆگىنەلمىگەن بولاتتىم.

ئانىلارغا سۆز: مېھىر ـ شەپقەت ۋە ھۆرمەت بىر پالەچنىڭ سەزگۈسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئەتراپىڭىزدا خۇشال تاقلاپ يۈرگەن بالىغا مۇھەببەت ۋە ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلسىڭىز، مۆجىزە كۆرۈلۈشى مۇمكىن.

نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار كۆڭلىدە بالىسىنى ئۆزىنىڭ قوشۇمچە بىر بۇيۇمى ھېسابلايدۇ. «ياغاچ قولاق»، «كارغا يارىماس» دېگەندەك سۆزلەر ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيدۇ، تېخى مۇشۇنداق سۆزلەرنى ئىشلىتىشنى ھەقلىق، دەپ قارايدۇ. لېكىن بالىلارنىڭ نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بالىلارنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق تەپەككۇرى ۋە ھۆكمى بولىدۇ. نېمىشقا چوقۇم سىزنىڭ گېپىڭىزنى ئاڭلىشى كېرەك ئىكەن؟ بالىمۇ بىر مۇستەقىل گەۋدە، ئۇ ھەرگىزمۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكىنى قاندۇرىدىغان، ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلىدىغان قورالى ئەمەس، نېمىشقا سىزنىڭ ئۆلچىمىڭىز بويىچە بولغاندا، ئاندىن «كارغا يارايدىغان» بولىدىكەن؟ ناۋادا ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بالىسىنى دوختۇر قىلماقچى بولسا، لېكىن بالىسىنىڭ سەنئەت جەھەتتە تۇغما تالانتى بولۇپ، كەلگۈسىدە رەسسام بولۇپ يېتىشىپ چىقسا، ئۇنداقتا ئۇ مەغلۇپ بولغۇچى

ھېسابلىنامدۇ؟

مېھرىبانلىق ۋە ھۆرمەت ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغان بالىنى يېتىلدۈرىدۇ. زالىملارچە ئارىلىشىۋېلىش پەقەت تەرسا مىجەز ياكى موللا بوزەك بالىنىلا پەيدا قىلىدۇ، خالاس.

# قايتىپ كېلىشنى ئۇنتۇما

ئادەم ئۆمرىدە بىر خىل ئادەمدىن، يەنى دائىم كىشىنىڭ قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىدىغان ئادەمدىن ھەزەر ئەيلىشى كېرەك.

بىر ئانا ئاشخانىدا قاچا ـ قۇچا يۇيۇۋاتاتتى. ئۇ بالىسىنىڭ كەينى ھويلىدا سەكرەپ ـ تاقلاپ ئويناۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ:

— بالام، نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— مەن ئاي شارىغا سەكرەپ چىقماقچى، — دەپ جاۋاب بەردى بالا.

ئانىسىنىڭ بالىسىغا نېمە دېگەنلىكىنى پەرەز قىلىپ بېقىڭە؟

ئۇ بالىسىنىڭ بۇ قىزغىنلىقىغا سۇ سەپمىدى، ئۇنىڭغا «قالايمىقان سۆزلىمە» ياكى «دەرھال كىرىپ قولۇڭنى پاكىز يۇي» دەپ تەنبىھ بەرمىدى، ئەكسىچە «ناھايىتى ياخشى، لېكىن قايتىپ كېلىشنى ئۇنتۇما ـ ھە!» دېگەن گەپنىلا قىلدى.

كېيىن، بۇ بالا ئاي شارىغا چىققان تۇنجى ئادەم بولۇپ قالدى، ئۇ دەل ئامىستىران ئىدى.

ئانىلارغا سۆز: بالىلارغا ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، ئۆزىنى قەدىرلەيدىغان روھ ھەممىدىن مۇھىم. بۇ روھ خۇددى دەرەخنىڭ

يىلتىزىدەك، تۇپراققا قانچە چوڭقۇر پاتقان بولسا، مېۋىمۇ شۇنچە مول بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار يۇزەكى ئەھۋالغا قاراپ قالماستىن، بالىسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، تەرەققىياتىغا ئىشەنچ باغلىشى كېرەك.

بالىنىڭ قەلب ئېتىزىنى مول ئوزۇقلۇق ۋە سۇ بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇش كېرەك. ئۇنداقتا ئوزۇقلۇق ۋە سۇ نېمە بولۇشى كېرەك؟ ئۇ بولسىمۇ بالىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قېزىپ چىقىش ۋە ئۇنى تەقدىرلەشتىن ئىبارەت. بالىنى تەنقىدلەيدىغان ۋاقىتتا تەنقىدلەش، ماختايدىغان چاغدا ئوبدان ماختاش كېرەك. ماختاشقا ئېرىشكەن بالىنىڭ كەيپىياتى ياخشى بولىدۇ، ئۆزىگە ئىشىنىش ۋە ئۆزىنى ھۆرمەت قىلىش تۇيغۇسىمۇ بارغانسېرى كۈچلۈك بولىدۇ.

ھەممە بالىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئارزۇسى بولىدۇ. بۇ ئارزۇ مەيلى قانچىلىك كىچىك، قانچىلىك ئەرزىمەس، قانچىلىك كۈلكىلىك بولسىمۇ، لېكىن ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بالىسىنىڭ ئارزۇسى ۋە غايىسى ھەققىدىكى بايانلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىشى ھەمدە مۇۋاپىق پۇرسەتتە ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئىلھام بېرىشى لازىم. چۈنكى بالا قەدىردان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆزىنى قوللاۋاتقانلىقىنى بىلسە، تېخىمۇ تىرىشىپ، چەكسىز يوشۇرۇن كۈچىنى تېخىمۇ ئاسان نامايان قىلالايدۇ.

# ئۆلۈمگە بەرداشلىق بېرىش

ۋېيتنامدىن قايتىپ كەلگەن بىر ئامېرىكىلىق جەڭ مەيدانى مۇخبىرى MBA ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۇرۇش مەيدانىدىن تارتىۋالغان فىلىمنى قويۇپ بەردى: فىلىمدە بىر توپ ئادەم ھەدەپ قاچماقتا ئىدى. توساتتىن يىراقتىن ئاڭلانغان پىلىموتنىڭ تاتىلدىغان ئاۋازى بىلەن تەڭ، كىشىلەر ئورۇلغان قوناق شېخىدەك بىر - بىرلەپ يىقىلىشقا باشلىدى. فىلىم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇ ئوقۇغۇچىلاردىن نېمىنى كۆرگەنلىكىنى سورىدى. «بىر مەيدان قانلىق قاتىللىقنى!» دېدى بىر ئوقۇغۇچى. مۇخبىر گەپ قىلماستىن، فىلىمنى كەينىگە ياندۇرۇپ قايتا قويۇپ بەردى ۋە فىلىمدىكى بىر ئادەمنى كۆرسىتىپ دېدى: «ئوبدان قاراڭلار، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىرلا ۋاقىتتا يىقىلدى، لېكىن مۇشۇ كىشىنىڭلا يىقىلىشى تولىمۇ ئاستا، يەنە كېلىپ ئالدىغا قاراپ يىقىلدى، ئۇ ئاستا - ئاستا زوڭزايدى...». ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ يەنىلا مىت قىلماي ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، چىچاڭشىپ كەتتى: «قىرغىنچىلىق ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ھېلىقى بالا كۆتۈرۈۋالغان ياش ئانىنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ ئوق يەپ يىقىلىشتىن بۇرۇن قولىدىكى بوۋىقىنىڭ يەرگە چۈشۈپ

كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆلۈمگە بەرداشلىق بېرىپ ئاستا ـ ئاستا زوڭزايغان ئىكەن!»

«ئۆلۈمگە بەرداشلىق بېرىش!» نېمىدېگەن ئۇلۇغ ئانا ـ هە!

ئەمەلىيەتتە، بۇ دۇنيادا ئانىلىق مېهرى ئىنسانلاردىلا بولمايدۇ. هەربىر خىل جانلىقتا ئۇلۇغ ئانىلىق مۇهەببىتى بولىدۇ. جەنۇبىي قۇتۇپقا تەكشۈرۈشكە بارغان ئالىملار، قار ـ شۇرغان ئىچىدە نەچچە ئون مىڭلىغان پىنگىۋىننىڭ ئوخشاش بىر تەرەپكە قاراپ تىك تۇرغانلىقىنى كۆرگەن. ئۇلارنىڭ بۇنچە رەتلىك هالدا ئوخشاش يۆنىلىشكە قاراپ تۇرۇشىدىكى سەۋەب نېمىدۇ؟ ئىنچىكە كۆزەتكەندىن كېيىن، ئالىملار ئاندىن هەربىر چوڭ پىنگىۋىننىڭ ئالدىدا بىردىن كىچىك پىنگىۋىن بارلىقىنى بىلگەن. ئەسلىدە ئۇلار بىر توپ ئۇلۇغ ئانىلار بولۇپ، قورسىقى بەك يۇمىلاق بولغاچقا، ئېگىشىپ باللىرىنى قوينىغا ئالالمايدىكەن، شۇڭا ئامالسىز بەدىنى ئارقىلىق سوڭەكتىن ئۆتىدىغان شىۋىرغاننى توسۇپ تۇرغانىكەن.

بۇ نېمىدېگەن ئۇلۇغ ئانىلار ـ هە!

ئانىلارغا سۆز: ئانا مېهرى دۇنيادىكى ئەڭ شەخسىيەتسىز، ئەڭ ئۇلۇغ مۇهەببەتتۇر. بەلكىم كۇنلەرنىڭ بىرىدە تەقدىرنىڭ قارا چاڭگىلى بىزگە سۇنۇلۇپ، ئۆلۈم قىستاپ كېلىشى مۇمكىن. لېكىن پەرزەنتكە بولغان مېهىر ـ مۇهەببەت ئانىلارنىڭ ئەڭ چوڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى قوزغىيالايدۇ. خېيىم ـ خەتەر

ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەت ئالدىدا، بالىلار بۇ دۇنيادا ئۆزلىرىنى شەرتسىز قوغدايدىغان، ھەتتا ئۇلار ئۈچۈن جېنىنىمۇ ئايىمايدىغان مۇشۇنداق كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلسە، ئۇلار يەنىلا ھاياتقا، تۇرمۇشقا ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن يۈزلىنەلەيدۇ.

# ئەللىق قول

باللار مەكتەپكە بارىدىغان يولدا پاكار بىر ئۆي بار ئىدى، ئۆيدە بىر غېرىب بوۋاي تۇراتتى، ئۇنىڭ بالا ـ چاقىسى يوق بولۇپ، كىچىككىنە دۇكىنىغا تايىنىپ ياشايتتى.

ھەر كۈنى سەھەردە باللار مەكتەپكە ماڭغاندا، ئۇ ھەمىشە دۇكىنىنىڭ ئالدىدا باللارغا ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ دۇكىنىدىن مەكتەپكىچە يەنە نەچچە چاقىرىم يول بولغاچقا، باللار ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگىچە يۈزلىرى سوغۇقتىن قىزىرىپ كېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دۇكانغا كىرىپ ئۇششاق يېمەكلىكلەرنى سېتىۋالغاچ ئوتسىنىۋالاتتى، ئارقىدىن مەكتەپكە يول ئالاتتى.

لېكىن بىر بالا دۇكانغا ئەزەلدىن كىرىپ باقمىغانىدى. ئۇ ھەر كۈنى قورۇنغان ھالدا ئىشىك تۈۋىدە بوۋايغا قاراپ تۇراتتى، لېكىن ئالدىغا بىر قەدەممۇ چامدىمايتتى. بىر كۈنى بوۋاي ئۇنىڭغا بىر تال ساپاقلىق كەمپۈت سۇنۇپ:

— كېلە بالام، كىرىپ ئوتسىنىۋال، — دېدى.

— ئالمايمەن، مېنىڭ پۇلۇم يوق.

— ئالە، سەندىن پۇل ئالمايمەن.

بوۋاي كۆلۈمسىرىگىنىچە كېلىپ، ئىللىق قوللىرى بىلەن بالىنىڭ يۈزىنى سىلاپ قويدى. ئويلىمىغان يەردىن بالا ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

— نېمىگە يىغلايسەن، بالام؟ — دەپ سورىدى بوۋاي.

بالىنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئاپىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن بۇيان، ئۇ بۇنداق ئىللىق قولنى كۆرۈپ باقماپتۇ، ئۇنىڭغا ئۆچرىغىنى سوغۇق، قاتتىق قوللار ئىكەن. ئۇ قوللارنىڭ بالىغا بەرگىنى مېھرىبانلىق بولماستىن، قوپال زەربە بولغانىكەن.

بالا چوڭ بولۇپ قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن، ھېلىقى بوۋايدىن تولىمۇ مىننەتدار بولۇپ:

— ئەگەر ھېلىقى بىر جۈپ ئىللىق قول بولمىغان بولسا، ھازىر مېنىڭ قولۇممۇ سوغۇق ھەم قاتتىق بولۇپ كەتكەن بولار ئىدى، — دەيدۇ.

بۇنىڭغا ئوخشاش باللار ناھايىتى كۆپ، لېكىن ھېلىقىدەك چوڭ كىشىلەر تولىمۇ ئاز، بولۇپمۇ قوللىرىدىن ئىللىقلىق بالقىپ تۇرىدىغان بوۋايغا ئوخشاش كىشىلەر.

ئانىلارغا سۆز: بالا يۇقىرى ئاۋازدا «مېنى ياخشى كۆرمەيدىكەنسەن!» دەپ ۋارقىرىغاندا، نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار ئىچىدە ئازابلىنىشى ۋە خاپا بولۇشى مۇمكىن. «مەن بالامنى ياخشى كۆرمەمدىمەن؟»

ئەمەلىيەتتە، دۇنيادا بالىسىنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئاتا ـ ئانا يوق. ئۇلار خۇددى ياش ۋاقتىدا مۇھەببەتلەشكەنگە ئوخشاش،

بالىسىغا «سۆيگۈ ئىزھار قىلىدىغان» مۇۋاپىق ئۇسۇلنى تاپالمايدۇ، خالاس. باللار ناھايىتى يۇمران، سەزگۈر كېلىدۇ، ئەگەر سىز مېھىر بالقىپ تۇرغان ھەرىكىتىڭىز ئارقىلىق ئۇنى قوينىڭىزغا ئالسىڭىز، كۆڭلەرنىڭ بىر دە ئۇ بۇ ئەجرىڭىزنى ھامان چۈشىنىدۇ.

پەرزەنتىنى ياخشى كۆرۈشمۇ بىر خىل قابىلىيەت، ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار پەرزەنتىگە مۇھەببىتىنى قانداق بىلدۈرۈشنى بىلمەيدۇ، خالاس.

# مۇھەببەتكە تولغان يامغۇرلۇق

بەش ياشلىق جېجۇ دادىسى، ئاپىسى ۋە ئاكىسى بىلەن بىرلىكتە ئورمانغا باردى. لېكىن ئويلىمىغان يەردىن يامغۇر يېغىپ كەتتى. ئۇلار پەقەت بىرلا يامغۇرلۇق ئېلىۋالغانىدى. دادىسى يامغۇرلۇقنى ئاپىسىغا بەردى، ئاپىسى ئاكىسىغا بەردى، ئاكىسى يەنە يامغۇرلۇقنى جېجۇغا ئۆتۈنۈپ بەردى.

— نېمىشقا يامغۇرلۇقنى دادام ئاپامغا، ئاپام ئاكامغا، ئاكام يەنە ماڭا بېرىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— چۈنكى داداڭ مەندىن چىداملىقراق، مەن ئاكاڭدىن چىداملىقراق، ئاكاڭ بولسا سەندىن چىداملىقراق - دە. ھەممەيلەن ئاجىز كىشىلەرنى قوغدايمىز، — دەپ جاۋاب بەردى ئاپىسى. جېجۇ ئەتراپىغا قارىۋەتكەندىن كېيىن، يۈگۈرۈپ بېرىپ يامغۇرلۇقنى شامالدا ئىرغاڭلاپ تۇرغان ئاجىزغىنە بىر تال گۈلنىڭ ئۈستىگە يايدى.

ئانىلارغا سۆز: ئادەم ئۆمرىدە ئەڭ دەسلەپتە ئائىلە تەربىيەسىگە ئېرىشىدۇ. ئانىلار بىر قولىدا بۆشۈكنى تەۋرەتسە، بىر قولىدا دۇنيانى تەۋرىتىدۇ. ئانا پەرزەنتنىڭ تۇنجى ئۇستازى. ئانا بولغۇچى پەرزەنتىگە تۇنجى ئېغىز يالغان سۆزنىمۇ

ئۆگىتەلەيدۇ، شۇنداقلا قانداق قىلىپ سەممىي ئادەم بولۇشنىمۇ ئۆگىتەلەيدۇ. بالىنىڭ چوڭ بولغاندىن كېيىنكى ئارتۇقچىلىقلىرىمۇ، نۇقسانلىرىمۇ ئاتا ـ ئانىسىدىن ئىرسىيەت قالغان بولىدۇ.

بالا بىر ۋاراق ئاق قەغەزدۇر. ئۇنىڭغا رەسىم سىزىدىغان تۇنجى قەلەم ئائىلىدىن كېلىدۇ، لېكىن ئۇ پۈتكۈل قەغەزنىڭ ئاساسىي رەڭگىنى بېكىتىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق بىر ئىشنى مۇكەممەل، ياخشى قىلىش مەسئۇلىيىتىمىزدۇر.

# قار تozۇندىلىرىنى قېقىپ چۈشۈرۈۋېتىش

بىر ياش ئانا ئېتىزدا ئىشلەۋاتقانىدى. توساتتىن ھاۋانىڭ پەيلى بۇزۇلۇپ، شىمال شاملى ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. كېيىن ھايال ئۆتمەيلا مامۇقتەك قار چېچەكلىرى ئاسماندىن لەپىلدەپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇ ئالدىراپ ـ تېنىگىنىچە ئۆيىگە قاراپ چاپتى.

ئۇ قارلىق دالىدا يېرىم سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆيى ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئۆيىگە كىرمەي تۇرۇپلا، بالىسىنىڭ چىرقىراپ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئۇ ئالدىراپ ئۆيىگە كىرىپ كاڭغا قاراپ ماڭدى. ئانىسىنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىغان بالا ئۆزىنى ئانىسىنىڭ قوينىغا ئاتتى. لېكىن بۇ ئانا بالىسىنى قۇچىقىغا ئالمىدى، بەلكى قولىغا كاڭ سۈپۈرگىسىنى ئېلىپ...

ئۇ سۈپۈرگىنى بالىسىنى ئۇرغىلى ئەمەس، بەلكى ئۇستىبېشىدىكى قېلىن قار توزۇندىلىرىنى قېقىۋېتىش ئۈچۈن ئالغانىدى. ئۇ بالىسىنىڭ ئۆزىنىڭ بەدىنىدىن زەررىچە سوغۇق ھېس قىلىپ قېلىشىنى خالىمىغانىدى.

ئانىلارغا سۆز: لاياقەتسىز ئانا، لاياقەتسىز مۇھەببەت سەۋەبىدىن قانچىلىغان بالا ئانا مېھرىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ

كەتكەندۇ؟ بىز ئانا مېھرى مۇقەددەس، ئۇلۇغ، ئانا مېھرىنىڭ نامى بىلەن پەرزەنتىمىزنى خالىغان ئۇسۇلدا ياخشى كۆرسەك بولىۋېرىدۇ، دەپ قارايمىز. ئەمەلىيەتتە بۇ بىر خىل خاتا قاراش. بالىنى ياخشى كۆرۈشتىن ئاۋۋال ئەڭ ياخشىسى ئۇستىبىشىمىزنى تەكشۈرۈپ كۆرەيلى، بىزدە تەننى شۈركەندۈرىدىغان سوغۇق «قار توزۇندىلىرى» بارمۇ ـ يوق؟

بىزگە نىسبەتەن ئانىغا ئايلىنىش جەريانى، دەل ئاتا ـ ئانىمىزدىن ئۆگەنگەن تەجرىبىلىرىمىزنى پەرزەنتىمىز ئۈستىدە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش جەريانىدۇر. بايقىشىمچە، بەزى ئانىلار پەرزەنتىنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىگە، بەزى ئانىلار پەرزەنتىنىڭ ساغلاملىق ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ، يەنە بەزىلىرى ئۇلارنىڭ پاكىزلىقىغا دىققەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بالا تەربىيەلەش ئۇسۇلىدىن ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سايىسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەنمۇ ھەم بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، چۈنكى كىچىكىمدە ئاجىز، كېسەلچان بولغاچقا، ئاپام مېنى ھەددىدىن زىيادە ئاسراپ، نۇرغۇن پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ئەركىنلىكىمنى چەكلەيتتى. ھازىر مەنمۇ ئاڭسىز ھالدا بۇ خىل كۆيۈنۈش ئۇسۇلىنى بالامغا قوللىنىۋاتىمەن، مەسىلەن: بالام ئاز ـ تولا يۆتىلىپ قالسا ياكى بىئارام بولسىلا، بالام ئاغرىپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ جىددىيلىشىپ كېتىمەن، ئەمەلىيەتتە بالامنىڭ سالامەتلىكى ھەر ھالدا ناھايىتى ياخشى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئانا بولغۇچى يەنە بالىسىنىڭ مەكتەپنىڭ

مۇھىتىغا ماسلىشالماسلىقىدىن، ساۋاقداشلىرىنىڭ بوزەك قىلىشىدىن، ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ياقتۇرماسلىقىدىن، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۈمىدىنىڭ ئۇنىڭغا ئېغىر بېسىم بولۇپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىدۇ. ئىشلارنى ناھايىتى نۇقسانسىز ئورۇنلاشتۇرغان بولسىمۇ، يەنىلا بىر ئىشلاردىن تەشۋىشلىنىپ كېتىدۇ. قانداقلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بالىغا مۇناسىۋەتلىك ھەربىر ئىشنى تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇرۇشتا، ئۇلارغا سەمىمىيلىك بىلەن كۆيۈنۈشلا كۇپايە قىلمايدۇ، ئۇلارنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش كېرەك.

# ھاياتلىقنىڭ قىممىتى

بىر قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىنىدا، داڭلىق بىر ناتىق ھېچقانداق باشلىنىش سۆزى قىلماستىنلا، 20 دوللارلىق پۇلنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، زالدىكى 200 كىشىدىن سوراپتۇ:

— بۇ 20 دوللارنى كىمنىڭ ئالغۇسى بار؟

قوللار كەينى ـ كەينىدىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلاپتۇ.

— مەن 20 دوللارنى ئاراڭلاردىكى بىرەيلەنگە بەرمەكچى، لېكىن بېرىشتىن ئىلگىرى بىر ئىشنى قىلىشىمغا ئىجازەت قىلساڭلار، — ئۇ شۇنداق دېگەچ پۇلنى پۇرلەپ بىر كاللەك قىلىپ قويۇپ يەنە سوراپتۇ، — بۇ پۇلنى يەنە ئالىدىغانلار بارمۇ؟

بەزىلەر يەنىلا قولىنى كۆتۈرۈپتۇ.

— ئۇنداقتا، مەن پۇلنى مۇنداق قىلىۋەتسەم قانداق قىلىسىلەر؟ — ئۇ شۇنداق دەپ پۇلنى يەرگە تاشلاپ، ئۈستىدىن بىر نەچچىنى دەسسەپ تاشلاپتۇ، بۇ چاغدا پۇل ناھايىتى پۇرلىشىپ، مەينەتلىشىپ كەتكەنىكەن.

— ھازىرچۇ، يەنە ئالىدىغانلار بارمۇ؟

يەنە بەزى كىشىلەر قولىنى كۆتۈرۈپتۇ.

— دوستلار، سىلەر بايا ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر دەرس

ئاڭلىدىڭلار. بۇ بىر ۋاراق پۇلنى قانداقلا قىلىۋېتىشمەدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى ئالىدىغانلار يەنىلا چىقتى، چۈنكى ئۇنىڭ قىممىتى ھەرگىز چۈشمىدى، ئۇ يەنىلا 20 دوللارغا يارايدۇ. كىشىلىك تۇرمۇشتا تۇرلۇك سەۋەبلەردىن سانسىز قېتىملاپ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ زەربە يەيمىز، بوزەك بولىمىز ھەتتا ۋەتۆەرىكىمىز چىقىپ كېتىدۇ، بۇنداق چاغلاردا ئۆزىمىزنى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغاندەك ھېس قىلىپ كېتىمىز. بىراق مەيلى قانداق ئىش يۈز بەرگەنلىكى ياكى قانداق ئىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، تەڭرىنىڭ نەزىرىدە قىممىتىمىز مەڭگۇ يوقالمايدۇ. مەينەت ياكى پاكىز بولۇڭلار، كىيىمىڭلار رەتلىك ياكى رەتسىز بولسۇن، ئۇنىڭ نەزىرىدە سىلەر يەنىلا بىباھا گۆھەر.

ئانىلارغا سۆز: ھاياتلىقنىڭ قىممىتى قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىمىزگە، شۇنداقلا بىرەر ئادەمگە تايىنىپ قالمايدۇ، بەلكى ئۆزىمىزگە باغلىق.

سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە كۆرۈمسىز، دۆترەك، كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرمەيدىغان بالا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قەلبىدە پەرىشتىگە، مەڭگۇ قىممىتى چۈشمەيدىغان بىباھا گۆھەرگە ئوخشايدۇ. مەكتەپتە نەتىجىسى ناچار، ئەخلاقى ياخشى ئەمەس، «ناچار ئوقۇغۇچى» سانىلىدىغان باللارمۇ ئوخشاشلا قىممىتى چۈشمەيدىغان گۆھەردۇر، سىز ئۇنىڭ قىممىتىنى تېخى بايقىمىدىڭىز، خالاس.

بەزى ئانىلار خۇشى تۇتقاندا بالىسىغا ئاسماندىكى ئاينىمۇ ئېلىپ بەرگۇسى كېلىدۇ، تۇتۇلۇپ قالغاندا ئاچچىقىنى بالىسىدىن ئالىدۇ. گەرچە كۆپ ساندىكى كىشىلەر بۇنى ئېتىراپ قىلمىسىمۇ ، بىراق بۇ خىلدىكى ئانىلار يەنىلا كۆپ، ئۇلار ئۆزلىرى بىلىپ ـ بىلمىگەن ئەھۋالدا پەرزەنتىگە ئازار بېرىپ، پەرزەنتىدە «ئاپام مەن يۇقىرى نومۇر ئالغاندا، گېپىنى ياۋاشلىق بىلەن ئاڭلىغاندا ئاندىن مېنى ياخشى كۆرىدىكەن» دېگەن خاتا قاراشنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. ناۋادا بالا قانداق ئىش بولۇشىدىن، قانداقلا سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆزىنى يەنىلا ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلسە، بايىقى ھەم مەينەتلىشىپ ھەم پۇرلىشىپ كەتكەن پۇلغا ئوخشاش، قانداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى ئېتىراپ قىلىدىغان ئادەم چىقىدۇ، ئۇنىڭ قەلبىمۇ ئىللىيدۇ. بۇ خىل مۇھەببەتتىن ئۇ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلىدۇ. بۇ، ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا ياشىشىدىكى ئەڭ ئاساسىي كۈچ بولۇپ قالىدۇ.

# مىننەتدارلىق بايرىمىدىكى قول

مىننەتدارلىق بايرىمى كۈنى، گېزىتكە بىر ھېكايە بېسىلدى. ھېكايىدە دېيىلىشىچە، بىر ئوقۇتقۇچى سىنىپىدىكى باشلانغۇچىنىڭ باللىرىدىن ئۆزلىرىنى ئەڭ تەسىرلەندۈرگەن نەرسىنى سىزىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە، بۇ نامرات باللارنىڭ قەلبىنى تەسىرلەندۈرگۈدەك نەرسىلەر ئانچە كۆپ بولماسلىقى مۇمكىن، ناھايىتى سىزسا ئۈستەل ئۈستىگە تىزىلغان كۆركە توخۇ كاۋىپى ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى سىزار، دەپ ئويلاپتۇ. لېكىن ئۇ ھانسىنىنىڭ سىزغان رەسىمىدىن ئىنتايىن ھەيران قاپتۇ، ھانسىن بىر قولنى سىزغانىكەن.

بۇ كىمنىڭ قولىدۇ؟ ساۋاقداشلار بەس ـ بەستە پەرەزلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ.

— مېنىڭچە، بۇ تەڭرىنىڭ بىزگە يېمەكلىك ئاتا قىلىدىغان قولى، — دەپتۇ بىر بالا.

— بۇ دېھقاننىڭ قولى، — دەپتۇ يەنە بىر بالا.

ساۋاقداشلار ئاستا ـ ئاستا پەسكويغا چۈشۈپ، ھەممىسى ئۆز ئىشىغا بېرىلىپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا مۇئەللىم ھانسىنىنىڭ يېنىغا بېرىپ، سىزغىنىنىڭ كىمنىڭ قولى ئىكەنلىكىنى

سوراپتۇ.

ــ مۇئەللىم، ئۇ سىزنىڭ قولىڭىز، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھانسىن پەس ئاۋازدا.

ئۇ ئۆزىنىڭ ھەمىشە ئارام ۋاقىتلىرىدا، ھېچقانداق ئۇرۇق ـ تۇغقىنى يوق ھانسىننىڭ قولىدىن يېتىلەپ ئايلىنىدىغانلىقىنى ئەسكە ئاپتۇ. ئۇ گەرچە باشقا باللارغىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلسىمۇ، بىراق بۇ ھانسىنغا نىسبەتەن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەن. باشقىلارغا ماددىي جەھەتتىنلا ئەمەس، مەنىۋى جەھەتتىنمۇ ئاز ـ تولا نەرسە ئاتا قىلىش، ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى مىننەتدار قىلىدۇ.

ئانىلارغا سۆز: باللارغا لازىملىقى ھەشەمەتلىك كارىۋات، قىممەت باھالىق ئويۇنچۇق، چىرايلىق كىيىم ـ كېچەك ياكى مەززىلىك يېمەكلىكلەر بولماسلىقى مۇمكىن. ئۇلار دەل ئاشۇنداق كۆڭۈلگە ئاراملىق بېغىشلايدىغان ھۇزۇرغا، تونۇش ئانا ھىدىغا، يەنە بۆشۈكنى يېنىك تەۋرىتىدىغان قولدەك بىخەتەر، ئىللىق تۇيغۇغا موھتاج.

پەرزەنتىگە مەنىۋى ئوزۇقتىن كۆرە، ماددىي مەئىشەتلەرنى كۆپرەك بېرىدىغان ئاتا ـ ئانىلارغا شۇنى ئەسكەرتىپ قويايكى، پەرزەنتىڭىزگە دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى نەرسىلەرنى بەردىم دەپ كۆرەڭلەپ كەتمەڭ، لېكىن ئۇلارغا تېخىمۇ كېرىكى ئاتا ـ ئانا مېھرى ۋە ئىللىقلىق، بەلكىم ئۇلار سىلەردىن بۇ نەرسىلەرگە ئېرىشەلمەي قاغجىراپ كېتىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن!

## سەن بۇلارنىڭ قايسىسى؟

بىر قىز ئاپىسىغا ئۆز تۇرمۇشىدىن، تۇرمۇشتا نۇرغۇن قىيىن ئىشلارغا دۇچ كەلگەنلىكىدىن قاقشاپ بېرىپتۇ ھەمدە بۇ كۈنلەرگە قانداق تاقابىل تۇرۇشنى بىلمەيۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنى تاشلىۋېتىش خىيالىغا كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ تىركىشىش ۋە كۈرەش قىلىشتىن بىزار بولغان، بىر مەسىلە ئەمدىلا ھەل بولۇشىغا يەنە بىرى ئۇلاپلا پەيدا بولۇپ، ئۇنى بەكلا زېرىكتۈرۈۋېتىپتۇ.

ئاپىسى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھېچنېمە دېمەي، ئۇنى ئاشخانىغا باشلاپ كىرىپتۇ. ئۇ ئۈچ قازانغا سۇ قۇيۇپ، ئۇلارنى ئوچاقنىڭ ئۇستىگە قويۇپتۇ، ئۇزاق ئۆتمەي قازاندىكى سۇ ۋاراقشىپ قايناپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ بىرىنچى قازانغا سەۋزە، ئىككىنچى قازانغا تۇخۇم، ئۈچىنچى قازانغا قەھۋە پاراشوكى تۆكۈپتۇ.

قىزى ئاپىسىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. تەخمىنەن 20 مىنۇتتىن كېيىن، ئاپىسى ئوچاقنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈپ، سەۋزىنى بىر چىنىگە، تۇخۇمنى بىر چىنىگە ئېلىپتۇ، ئاندىن قەھۋەنى بىر

ئىستاكانغا قۇيۇپتۇ. ئارقىدىن قىزىغا بۇرۇلۇپ دەپتۇ:

— قىزىم، سەن ھازىر نېمىلەرنى كۆردۈڭ؟

— سەۋزە، تۇخۇم ۋە قەھۋەنى كۆردۈم، — دەپتۇ قىزى.

ئاپىسى ئۇنى سەۋزىنى تۇتۇپ بېقىشقا دەۋەت قىپتۇ، ئۇ سەۋزىنى تۇتۇپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ يۇمشاپ كەتكەنلىكىنى بايقاپتۇ. ئاپىسى يەنە ئۇنى تۇخۇمنى چېقىشقا بۇيرۇپتۇ، تۇخۇمنىڭ شاكىلىنى سويۇۋەتكەندىن كېيىن، پىشقان تۇخۇم كۆرۈنۈپتۇ. ئاپىسى ئۇنى يەنە قەھۋەنى ئىچىپ بېقىشقا تەكلىپ قىپتۇ، قويۇق تەمدىكى قەھۋە ئۇنىڭ جانلىرىنى يايرىتىۋېتىپتۇ. ئۇ ئاپىسىغا كۈلۈپ قاراپ دەپتۇ:

— ئاپا، بۇ ئارقىلىق سىز نېمە دېمەكچى؟

ئاپىسى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەپتۇ: بۇ ئۈچ نەرسە ئوخشاشلا سۇدا قاينىتىلىشقا دۇچار بولدى، لېكىن ئۇلارنىڭ قايناشقا بولغان ئىنكاسى ئوخشاش بولمىدى. سەۋزە قازانغا چۈشۈشتىن ئىلگىرى قاتتىق، بەردەم ئىدى، لېكىن سۇدا قاينىغاندىن كېيىن يۇمشاپ، ئاجىزلىشىپ قالدى؛ تۇخۇم ئىلگىرى ئاسان چېقىلاتتى، نېپىز بىر قەۋەت شاكىلى ئۇنىڭ سۇيۇق ئىچكى قىسمىنى قوغداپ تۇراتتى. لېكىن سۇدا قاينىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىچكى قىسمى قاتتىقلىشىپ قالدى. ئۇۋاق ھالەتتىكى قەھۋە بەكمۇ ئۆزگىچە بولدى، ئۇ سۇدا قاينىغاندىن كېيىن سۇنىڭ رەڭگى، تەمىنى ئۆزگەرتتى. سەن بۇلارنىڭ ئىچىدىكى قايسىسى؟ سەۋزىمۇ، تۇخۇممۇ ياكى

قەھۋەمۇ؟ ئوڭۇشسىزلىق يېتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭغا قانداق ئىنكاس قايتۇرماقچىسەن؟

ئانىلارغا سۆز: بىز رىقابەت ئىنتايىن كۈچلۈك دۇنيادا ياشايمىز. بالىلار مەيلى يەسلىدە ياكى باغچىنىڭ قۇم دۆۋىسىدە بولسۇن، رىقابەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئاسانلا ھېس قىلالايدۇ. رىقابەت ئىنتايىن كۈچلۈك دۇنيادا ياشاۋاتقان ئادەم ئىككى ئىشقا، يەنى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مەغلۇبىيەتكە توختىماي ئۇچراپ تۇرىدۇ.

مەغلۇپ بولۇش پەقەتلا بىر جەريان، ئۆگىنىشتىن باشلاپ ئاخىرىدا غەلىبە قازانغىچە بولغان جەرياندىن ئىبارەت. بىز پەرزەنتىمىزنى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان نەتىجىگە دادىللىق بىلەن يۈزلىنەلەيدىغان، خاتالىق سادىر قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان ھەمدە خاتالىق ئىچىدىن تەجرىبە - ساۋاققا ئېرىشەلەيدىغان، سەۋەنلىك سادىر قىلغانلىق سەۋەبىدىن ئىشەنچىنى يوقىتىپ، ھەتتا گۇمران بولۇپ كەتمەيدىغان قىلىپ تەربىيەلىشىمىز كېرەك. بالىلارغا ياردەم قىلىشتىكى بىردىنبىر ئۇسۇل ھەرگىزمۇ تەسەللى بېرىش ياكى ئىچ ئاغرىتىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىشتۇر.

بالا مەغلۇپ بولغان چاغدا، ئوخشاشلا ئىش بىلەن بالىنى ئايرىۋېتىش، ھەرگىزمۇ بالىغا: « بۇ قېتىم ئىشنى بۇزۇپ قويدۇڭ، قانداق قىلغىنىڭ بۇ؟ قانداق قىلىشنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشىمامسەن؟» دېگەندەك گەپلەرنى قىلماسلىق كېرەك، بۇ

تولىمۇ سەۋىيەسىزلىك بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار كۆپىنچە بالىسى خاتالىق سادىر قىلغاندا، بولۇپمۇ بىلىپ تۇرۇپ كەپسىزلىك قىلسا قاتتىق خاپا بولۇپ تېرىكىپ كېتىدۇ، بۇ، بالىلارنى خاتالىق سادىر قىلىشتىن تېخىمۇ قورقىدىغان قىلىپ قويىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئاتا ـ ئانىلار بالىسىنىڭ سەۋەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشى، ھەرگىزمۇ بالىنىڭ غۇرۇرىغا تېگىپ، بالىنى خاتالىق سادىر قىلىشتىن قورقىدىغان قىلىپ قويماسلىقى كېرەك. بالىنى خاتالىق سادىر قىلىشقا، خاتالىقنى ئېتىراپ قىلىشقا، ئۆزگەرتىشكە جۈرئەت قىلىدىغان قىلىپ تەربىيەلەش ھەمدە بالىلارغا خاتالىق سادىر قىلىشنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۈنىڭغا بولغان مۇھەببىتىگە تەسىر يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش كېرەك. بالا بۇنىڭدىن ئۆزىگە ئىشىنىشنى ۋە خاتالىقنى تۈزىتىدىغان جاسارەتنى ئۆگىنىدۇ.

# تولۇق نومۇرلۇق جاۋاب

خېلى بۇرۇن، بىر خىزمەتدىشىمنىڭ مەلۇم بىر سىناق سوئالىنىڭ باھالىغۇچىسى بولۇپ بېرىشىم توغرۇلۇق بەرگەن تېلېفونىنى تاپشۇرۇپ ئالغانىدىم. بىلىشىمچە، ئۇ بىر ئوقۇغۇچىسىنىڭ بىر فىزىكا سوئالىغا بەرگەن جاۋابىغا نۆل نومۇر قويماقچى بولغاندا، ئوقۇغۇچىسىنىڭ نارازىلىقىغا ئۇچرىغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچى بۇ ئىشنى ئادىل، شەخسىيەتسىز بىرىنىڭ ھۆكۈم قىلىشىغا ھاۋالە قىلىشقا قوشۇلغان ھەمدە مېنى تاللىغانىدى...

مەن خىزمەتدىشىمنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىپ، بۇ سوئالنى ئوقۇدۇم: «قانداق قىلغاندا بىر بارومېتىر (ھاۋا بېسىمىنى ئۆلچىگۈچ) بىلەن بىر بىنانىڭ ئېگىزلىكىنى ئۆلچىگىلى بولىدۇ؟»

ئوقۇغۇچىنىڭ جاۋابى مۇنداق ئىدى: «بارومېتىرنى بىنانىڭ ئۆگزىسىگە ئېلىپ چىقىپ، بىر تال ئارغامچىنىڭ ئۇچىغا باغلاپ پەسكە تاشلايمىز، ئاندىن بارومېتىرنى تارتىپ ئېلىپ چىقىپ، سەرپ بولغان ئارغامچىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلچىسەكلا بىنانىڭ ئېگىزلىكى مەلۇم بولىدۇ.»

بۇ تولىمۇ قىزىقارلىق جاۋاب ئىدى، لېكىن ئوقۇغۇچىنى ماختاش كېرەكمۇ ـ يوق؟ مەن «بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ جاۋابىغا يۇقىرى باھا بېرىش كېرەك، چۈنكى ئۇنىڭ جاۋابى تامامەن توغرا» دېدىم. يەنە بىر جەھەتتىن، ئەگەر بۇ ئوقۇغۇچىغا يۇقىرى باھا بەرسەم، ئۇنىڭ فىزىكا پېنىدىكى ئىمتىھانىغا يۇقىرى نومۇر بېرىش كېرەك ئىدى. يۇقىرى نومۇر بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ بەزى فىزىكىلىق بىلىملەرنى بىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايتتى، لېكىن ئۇنىڭ جاۋابى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيتتى...

بۇ ئوقۇغۇچىدىن ئالتە مىنۇت ئىچىدە ئوخشاش بىر سوئالغا جاۋاب بېرىشنى، بىراق بەرگەن جاۋابى ئىچىدە چوقۇم بەزى فىزىكىلىق بىلىملەردىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەشنى تەلەپ قىلدىم... ئاخىرقى بىر مىنۇت ئىچىدە، ئۇ جاۋابىنى ئالدىراش يېزىشقا باشلىدى: بارومېتىرنى بىنانىڭ ئۆگزىسىگە ئاچىقىپ، ئۆگزىنىڭ گىرۋىكىگە يۆلەپ قويىمىز. ئاندىن بارومېتىرنى پەسكە تاشلاپ، يەرگە چۈشۈش ۋاقتىنى خاتىرىلىۋالىمىز، ئارقىدىن چۈشكەن ئارىلىق ئېغىرلىق كۈچى تېزلىنىشىنى يەرگە چۈشكەن ۋاقىتنىڭ كىۋادراتىنىڭ يېرىمىغا كۆپەيتكەنگە تەڭ، دېگەن فورمۇلا ئارقىلىق بىنانىڭ ئېگىزلىكىنى ھېسابلاپ چىقىمىز.

بۇ جاۋابنى كۆرگەندىن كېيىن، خىزمەتدىشىمدىن بۇ ئوقۇغۇچىغا يول قويىدىغان ـ قويمايدىغانلىقىنى سورىدىم. ئۇ ماقۇل بولدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئوقۇغۇچىغا ئەڭ يۇقىرى نومۇر

بەردىم. ئىشىمنى تۇگىتىپ كېتەي دەپ تۇرغاندا، ھېلىقى ئوقۇغۇچى: «بارومېتىر ئارقىلىق بىنانىڭ ئېگىزلىكىنى ئۆلچەشنىڭ نۇرغۇن ئۇسۇلى بار، مەسىلەن: ئاپتاپ چىققان كۈنى بارومېتىرنىڭ ئېگىزلىكى بىلەن ئۇنىڭ سايىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى خاتىرىلىۋالىمىز، ئاندىن يەنە بىنانىڭ سايىسىنىڭ ئېگىزلىكىنى ئۆلچەيمىز. بۇلارنى ئاددىي ھالدىكى نىسبەتلەشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ھېسابلىساقلا، بىنانىڭ ئېگىزلىكىنى تاپقىلى بولىدۇ» دېدى.

— ناھايىتى ياخشى، — دېدىم مەن، — يەنە باشقا ئۇسۇلمۇ بارمۇ؟

— يەنە بار، — دېدى ئوقۇغۇچى، — بۇ ئۇسۇلنى سىز چوقۇم ياقتۇرۇپ قالىسىز. بارومېتىرنى ئېلىپ بىناغا چىقىسىز، ھەربىر قەۋەتكە چىققاندا بارومېتىردىكى سىمابنىڭ ئېگىزلىكىگە بەلگە قويۇۋالىسىز، مۇشۇنداق قىلىپ بارومېتىردىكى بىرلىك ئارقىلىق بىنانىڭ ئېگىزلىكىنى ھېسابلاپ چىقالايسىز. بۇ ئۇسۇل ئەڭ ئاددىي.

— ئەلۋەتتە، تېخىمۇ ئېنىق جاۋابنى بىلمەكچى بولسىڭىز، بارومېتىرنى بىر تال يىپقا باغلاڭ، ئاندىن ئۇنى ماياتنىكتەك ھەرىكەتلەندۈرۈڭ، ئارقىدىن يەر يۈزى بىلەن بىنا ئۆگزىسىنىڭ g قىممىتى (ئېغىرلىق كۈچ تېزلىنىشى) نى ئۆلچەپ چىقىڭ. بۇ ئىككى g قىممىتىنىڭ پەرقىدىن پىرىنسىپ جەھەتتە بىنانىڭ ئېگىزلىكىنى ھېسابلاپ چىققىلى بولىدۇ.

— ئەگەر بۇ مەسىلىگە چوقۇم فىزىكىلىق ئۇسۇلدا جاۋاب بېرىسەن، دەپ چەكلىمە قويۇۋالمىسىڭىز، — دېدى ئۇ ئاخىرىدا، — يەنە نۇرغۇن ئۇسۇللار بار، مەسىلەن: بارومېتىرنى ئېلىپ بىنانىڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە چۈشۈپ، بىنا باشقۇرغۇچىنىڭ ئىشىكىنى چېكىسىز. باشقۇرغۇچى ئىشىكنى ئاچقاندا، ئۇنىڭغا «سۆيۈملۈك باشقۇرغۇچى ئەپەندى، مەندە بىر ئىنتايىن چىرايلىق بارومېتىر بار ئىدى، ئەگەر سىز بۇ بىنانىڭ ئېگىزلىكىنى ئېيتىپ بەرسىڭىز، بۇ بارومېتىرنى سىزگە سوۋغا قىلغان بولاتتىم» دەيسىز.

ئانىلارغا سۆز: ئاشپەزلەرنىڭ ھەممە ئادەمگە ياقىدىغان بىرخىل تاماق بولمايدىغانلىقىنى بىلگىنىگە ئوخشاش، ئوقۇتقۇچى ۋە ئاتا - ئانىلارمۇ مەكتەپتىكى بىرلىككە كەلگەن تەربىيە ئۇسۇلىنىڭ ھەممىلا بالىغا ماس كېلىۋەرمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بولۇپمۇ بىر قىسىم ئۆزگىچە خاراكتېرى بار بالىلار كۆپىنچە ھاللاردا مەكتەپنىڭ تۇرمۇش ئەندىزىسى بىلەن چىقىشالمايدۇ. ئوقۇتقۇچى ئۇلارنى مۇشۇ ئەندىزە بويىچە ياشاشقا مەجبۇرلىغاندا، ئۇلارنىڭ يۇمران قەلبى زەربىگە ئۇچرىشى مۇمكىن. بالىلارنىڭ كىشىنىڭ ئەڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدىغىنىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە خاراكتېرى ئەمەسمۇ.

ئانا بولۇش — ئۆزۈكسىز ئۆگىنىش، تەربىيەلىنىش جەريانىدۇر. بۇ خىل تەربىيەلىنىش ھەرقاچان، ھەرزامان بولۇپ تۇرىدۇ. بالىلارنى تەربىيەلەش ۋاقتى قۇم دۆۋىسىدىكى قۇم

دانچىسىغا ئوخشايدۇ، ھەر قېتىمدا بىر ئوچۇم ئالغىلى بولىدۇ. بالىڭىزغا كۆپرەك دىققەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى قانداق قوزغىتىشنى بىلسىڭىز، نيۇتون، ئېدىسونلارنىڭ ئۆيىڭىزدە مەيدانغا كېلىشىگە ھېچكىم كاپالەتلىك قىلالمىسىمۇ، لېكىن بالىڭىز چوقۇم مۇۋەپپەقىيەتلىك، بەختلىك ھاياتقا ئېرىشەلەيدۇ.

# بالا ۋە دەرەخ

بۇرۇنقى زاماندا بىر تۈپ دەرەخ بولۇپ، بىر ئوغۇل بالىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىكەن. بالا ھەر كۈنى بۇ يەرگە كېلىپ، دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرىنى يىغىپ، شاخلىرىدىن تاج ياساپ، ئورمان پادىشاھى بولۇپ ياسىنىپ ئوينايدىكەن. يەنە دەرەخ غوللىرىغا يامىشىپ چىقىپ، دەرەخ غوللىرىغا ئېسىلىپ ئەلەڭگۈچ ئۇچۇپ، مېۋىلىرىنى يەپ كېتىدىكەن. ئۇلار بىرلىكتە مۆكۈشمەك ئوينايدىكەن، بالا ئويناپ ھارغاندا سايىسىدا يېتىپ ئۇخلايدىكەن. بالىمۇ بۇ دەرەخنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن.

كۈنلەر بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈۋېرىپتۇ، بالا بارا - بارا چوڭىيىپتۇ، لېكىن دەرەخ دائىم غېرىبسىنىدىغان بولۇپ قاپتۇ...

بىر كۈنى بالا دەرەخ ئاستىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ.

— كەلگىن بالام، كەل، غوللىرىمغا يامىشىپ چىق، شاخلىرىمدا ئەلەڭگۈچ ئۇچۇپ ئوينا، مېۋىلىرىمنى يېگىن، سايەمدە قانغۇدەك ئوينىۋال.

— مەن ھازىر كىچىك بالا ئەمەس، دەرەخقە يامىشىپ ئويناش بىلەن خۇشۇم قالمىدى، — دەپتۇ بالا، — ھازىر مەن ئويۇنچۇق

سېتىۋېلىپ ئوينىماقچى، ماڭا پۇل كېرەك. ماڭا ئازراق پۇل بېرەلەرسەنمۇ؟

— كەچۈرگىن، — دەپتۇ دەرەخ، — مەندە پۇل يوق، پەقەت شاخ بىلەن مېۋىلا بار. بالام، مېۋىلىرىمنى ئېلىپ بازارغا ئاپىرىپ ساتقىن، مۇشۇنداق قىلساڭ پۇل تاپالايسەن ھەم خۇشال بولالايسەن.

شۇنىڭ بىلەن، بالا دەرەخقە يامىشىپ چىقىپ، مېۋىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۈزۈپ ئېلىپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن دەرەخ ناھايىتى خۇش بوپتۇ.

بالا شۇ كەتكەنچە خېلى ۋاقىتلارغىچە كېلىپ قويماپتۇ، بۇنىڭدىن دەرەخ قاتتىق ئازابلىنىپتۇ.

بىر كۈنى بالا يەنە كەپتۇ. دەرەخ خۇشاللىقىدىن تىترەپ كېتىپتۇ ۋە بالىغا:

— كەلگىن بالام، ماڭا يامىشىپ ئوينا، شاخلىرىمدا ئىلەڭگۈچ ئۇچ، — دەپتۇ.

— مەن بەك ئالدىراش، ئۇنداق قىلىشقا ۋاقتىم يوق، — دەپتۇ بالا، — مەن ھازىر بىر ئۆيگە موھتاج، چۈنكى مەن ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولماقچى.

— مەندە ئۆي نېمە ئىش قىلسۇن، — دەپتۇ دەرەخ، — ئورمانلىق مېنىڭ ئۆيۈم. لېكىن سەن شاخلىرىمنى كېسىپ ئاپىرىپ ئۆي سالساڭ بولىدۇ، بۇنىڭدا مەنمۇ خۇش بولىمەن.

شۇنىڭ بىلەن بالا دەرەخنىڭ شاخلىرىنى كېسىپ ئاپىرىپ

ئۆي سىلىنىۋاپتۇ. بۇنىڭدىن دەرەخنىڭ كۆڭلى ئالەمچە سۆيۈنۈپتۇ.

لېكىن بالا شۇ كەتكەنچە يەنە ئۇزاققىچە قايتىپ كەلمەپتۇ. شۇڭا ئۇ قايتىپ كەلگەندە دەرەخ قاتتىق ھاياجانلىنىپ، گەپ قىلالماي قالغىلى تاسلا قاپتۇ.

— كەلگىن بالام، — دەپتۇ ئۇ، — كېلىپ ئوينىغىن!

— ھازىر قېرىپ قالدىم، ئوينىيالمايمەن، — دەپتۇ بالا، — مەن بۇ يەردىن كەتمەكچى، شۇڭا بىر كېمىگە موھتاج بولۇپ تۇرۇپتىمەن. ماڭا كېمە ياساپ بېرەلەمسەن؟

— غولۇمنى كېسىپ كېمە ياسىغىن! بۇنىڭدا يىراقلارغا سەپەر قىلالايسەن، كۆڭلۈڭمۇ خۇش بولۇپ قالىدۇ! — دەپتۇ دەرەخ.

بالا دەرەخنىڭ غولىنى كېسىپ كېمە ياساپ، كېمىگە ئولتۇرۇپ كېتىپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن دەرەخ ئالەمچە خۇشال بوپتۇ... شۇنىڭدىن خېلى نۇرغۇن ۋاقىت ئۆتكەندە، بالا يەنە قايتىپ كەپتۇ.

— كەچۈرگىن، بالام، — دەپتۇ دەرەخ، — ساڭا بەرگۇدەك ھېچ نەرسەم قالمىدى... ھازىر مېۋىلىرىممۇ يوق.

— مەندە ھازىر مېۋە يېگۇدەك چىش نىمە ئىش قىلسۇن، — دەپتۇ بالا.

— شاخلىرىممۇ قالمىدى، ئىلەڭگۈچ ئۇچۇپ ئوينىيالمايدىغان بولدۇڭ.

— قېرىپ كەتتىم، ئىلەڭگۈچ ئۇچقۇدەك مادارىم يوق.

— غولۇممۇ يوق بولدى، يامىشىپ ئوينىيالمايسەن.
— بەك چارچاپ كەتتىم، مەنمۇ يامىشالمايمەن...
— ساڭا يەنە بىرەر نەرسە بەرسەم دېگەن ئارزۇدا ئىدىم... لېكىن هازىر هېچ نەرسەم قالمىدى. مەندە بارى مۇشۇ دەرەخ كۆتىكى، مېنى كەچۈرگىن...
— ماڭىمۇ كۆپ نەرسە لازىم ئەمەس، — دەپتۇ بالا، — تىنچقىنە ئولتۇرۇپ ئارام ئالىدىغان جاي بولسىلا بولدى، مەن بەك چارچاپ كەتتىم.
— ياخشىغۇ، — دەپتۇ دەرەخ قايتىدىن روھلىنىپ، — دەرەخ كۆتىكىم ئارام ئالىدىغانغا ئەڭ ياخشى جاي بولالايدۇ، كەلگىن بالام، ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىۋالغىن.
بالا دەرەخ كۆتىكىدە ئولتۇرۇپتۇ، دەرەخ بۇنىڭدىن چەكسىز بەخت هېس قىپتۇ...
ئانىلارغا سۆز: بۇ دەرەخ ئاتا ـ ئانىمىزغا ئوخشايدۇ، بىز هېلىقى بالىغا ئوخشايمىز.
بالىلار كىچىك ۋاقتىدا دائىم ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەپ ئوينايدۇ، چوڭ بولغاندىن كېيىن ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىدۇ ھەمدە ئۇلارنى دائىم يوقلاپ تۇرالمايدۇ، هەر قېتىم كەلگىنىدە نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەرنى يۈدۈپ كېلىدۇ ياكى بىرەر نەرسىگە ئېھتىياجلىق بولغان بولىدۇ. ئاتا ـ ئانا بولغۇچى پەرزەنتلىرىگە هەمىشە ئەڭ ئېھتىياجلىق، ئەڭ ياخشى نەرسىلەرنى بېرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، بالا بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپلا،

يىنىدا ئازراق بولسىمۇ تۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئاتا ـ ئانىسىنى تاشلاپ كېتىپ قالىدۇ. گەرچە مۇشۇنداق بولسىمۇ، ئاتا ـ ئانا ئىچىدە «ئۇنىڭ خۇشال ياشىشىنى، بەختلىك بولۇشىنى، ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق، تىنچ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمىز!» دەيدۇ. ھېرىپ ـ چارچىغان ۋاقتىمىزدا، ئۇلار قوللىرىنى سۇنۇپ بىزنى باغرىغا ئېلىپ، تىنچ، خاتىرجەم، شاۋقۇن ـ سۈرەندىن خالىي ئارام ئالدۇرىدۇ. بىز ئۇلاردىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىمىز، تەلەپلىرىمىز ئىمكانقەدەر قاندۇرۇلىدۇ. بىراق ئۇلار بۇنىڭدىن قىلچە ئۆكۈنمەيدۇ، مۇھىمى، بىزدىن جاۋاب قايتۇرۇشنى كۈتمەيدۇ.

# بەخت تۇيغۇسى

بىر ئادەم ھايات ۋاقتىدا ناھايىتى ئاق كۆڭۈل ۋە باشقىلارغا ياردەم بېرىشكە ئامراق بولۇپ، ئۆلگەندىن كېيىن جەننەتكە كىرىپ پەرىشتە بوپتۇ. پەرىشتە بولغاندىن كېيىنمۇ، ئۇ بەختنىڭ لەززىتىنى سۈرۈش ئۈچۈن، دائىم دېگۈدەك كىشىلەر ئارىسىغا بېرىپ باشقىلارغا ياردەم بېرىدىكەن.

بىر كۈنى، ئۇ بىر دېھقاننى ئۇچرىتىپ قاپتۇ. دېھقان تولىمۇ پەرىشان ئىكەن، ئۇ پەرىشتىگە:

— ئۆيۈمدىكى سۇ كالىسى ئۆلۈپ قالدى، كالا بولمىسا يەرلىرىمنى قانداق ئاغدۇرىمەن، ئېتىزدا قانداق ئىشلەيمەن؟ — دەپ دەردىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پەرىشتە ئۇنىڭغا ناھايىتى بەستلىك بىر سۇ كالىسى ھەدىيە قىپتۇ. بۇنىڭدىن دېھقان ناھايىتى خۇش بوپتۇ، پەرىشتىمۇ ئۇنىڭ قىياپىتىدىن بەختنىڭ تەمىنى تېتىپتۇ.

يەنە بىر كۈنى، ئۇ بىر ئەرنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ. ئۇ ناھايىتىمۇ مىسكىن كۆرۈنىدىكەن. ئۇ پەرىشتىگە:

— پۇللىرىمنى باشقىلار ئالداپ ئېلىپ كەتتى، ھازىر يۇرتۇمغا قايتىپ كەتكۈدەك ھېچ نەرسەم قالمىدى، — دەپ دەرد

ئېيتىپتۇ. پەرىشتە ئۇنىڭغا ئازراق يول خىراجىتى بېرىپتىكەن، ئەر ئىنتايىن خۇش بولۇپ كېتىپتۇ، پەرىشتە ئۇنىڭ خۇشال ھالىتىدىنمۇ بەختىنىڭ تەمىنى تېتىپتۇ.

يەنە بىر كۈنى، پەرىشتە بىر شائىرغا ئۇچراپ قاپتۇ. شائىر ياش، كېلىشكەن، قابىلىيەتلىك ھەم باي، خوتۇنىمۇ مۇلايىم ھەم چىرايلىق ئىكەن، لېكىن ئۇنىڭ كۈنلىرى خۇشال ئۆتمەيدىكەن.

— سەن خۇشال ئەمەسمۇ؟ ساڭا قانداق ياردەم قىلاي؟ — دەپ سوراپتۇ پەرىشتە ئۇنىڭدىن.

— مېنىڭ ھەممە نەرسەم تەل، پەقەت بىرلا نەرسە كەم، ئۇنى ماڭا بېرەلەمسەن؟ — دەپتۇ شائىر.

— بېرەلەيمەن، ساڭا نېمە لازىم بولسا شۇنى بېرەلەيمەن، — دەپتۇ پەرىشتە.

— ماڭا بەخت كېرەك، — دەپتۇ شائىر پەرىشتىگە تىكىلىپ تۇرۇپ.

بۇ گەپ پەرىشتىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ، ئۇ بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ «چۈشەندىم» دەپتۇ. ئارقىدىن پەرىشتە شائىرنىڭ تالانتىنى ئېلىپ كېتىپتۇ، چىرايىنى سەتلەشتۈرۈۋېتىپتۇ، بايلىقى ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ ھاياتىنى تارتىپ كېتىپتۇ. ئۇ بۇ ئىشلارنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن كېتىپ قاپتۇ.

بىر ئايدىن كېيىن، پەرىشتە يەنە شائىرنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپتۇ. بۇ چاغدا، شائىر ئاچلىقتىن ئۆلەر ھالغا چۈشۈپ

قالغان، كىيىملىرى جۇل - جۇل ھالەتتە جان تالىشىپ ياتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن پەرىشتە ئۇنىڭ ھەممە نەرسىسىنى قايتۇرۇپ بېرىپتۇ.

يېرىم ئايدىن كېيىن، پەرىشتە شائىرنى كۆرگىلى بېرىپتۇ. بۇ قېتىم شائىر خوتۇنىنى قۇچاقلىغان ھالدا پەرىشتىگە رەھمەت ئېيتىپ كېتىپتۇ. چۈنكى ئۇ بەختكە ئېرىشكەن ئىكەن.

ئانىلارغا سۆز: بەخت دېگەن نېمە؟ ئېھتىياجىڭىز قانائەت تاپقان ۋاقتىڭىزدا بەختكە ئېرىشكەن بولىسىز.

باللار ئەمەلىيەتتە ساپ دىل كېلىدۇ، ئۇلار پۇل، شان - شۆھرەتكە بېرىلمەيدۇ، چوڭ ھەم چىرايلىق ئۆيلەرنى تەلەپ قىلمايدۇ، قىز دوستىمۇ تۇتمايدۇ. بىراۋ ئۇنىڭ بىرەر يېرىنى ئاغرىتىپ قويسىمۇ، بىر قەپەس يىغلىۋەتكەندىن كېيىن پاك - پاكىز ئۇنتۇپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ بېشى ياستۇققا تەگكەن ھامان خورۇلداپ ئۇخلاپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسى دۇنيادىكى ئەڭ شېرىن ئۇيقۇ.

باللارنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ بۇ مەسىلىلەرگە قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى رەت قىلىش ئۈچۈن تاپقان سەۋەبلىرىمىز قارىماققا ناھايىتى ئورۇنلۇقتەك بىلىنىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرغاندىن كېيىن، ئىشنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىمىزدىكىدەك ناچار ئەمەسلىكىنى بايقايمىز.

ئاتا - ئانىنىڭ پوزىتسىيەسىدىكى كىچىككىنە ئۆزگىرىش ۋە ئەستايىدىللىق باللارغا خۇشاللىق ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

بالىلارنىڭ بىز قىلسا بولمايدۇ، دەپ قارىغان ئىشلارنى قىلىشىنى كۆڭلىمىز خالىمىغان هالدا كۆرگەندىن، مەلۇم ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ تەلىپىنى خۇشاللىق بىلەن قاندۇرغان ئەلا. پوزىتسىيەمىزنى ئازراق ئۆزگەرتسەك، بالىلارغا تېخىمۇ زور خۇشاللىق بېغىشلىيالىشىمىز مۇمكىن.

# تۆشۈك چېلەك ۋە گۈل

بىر سۇ توشۇغۇچىنىڭ ئىككى چېلىكى بولۇپ، ئايرىم ھالدا ئەپكەشنىڭ ئىككى بېشىغا ئېسىقلىق تۇرىدىكەن. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ كىچىككىنە تۆشۈكى بار، يەنە بىرى تامامەن ساق ئىكەن. ھەر قېتىم سۇ توشۇغاندا، ساق چېلەك دائىم لىپمۇ لىق بىر چېلەك سۇنى ئېرىق بويىدىن غوجايىنىنىڭ ئۆيىگە يەتكۈزۈپ بېرىدىكەن، تۆشۈك چېلەكتىكى سۇ بولسا يېرىمداپ كېتىدىكەن.

ئىككى يىلدىن بۇيان، سۇ توشۇغۇچى مۇشۇنداق بىر يېرىم چېلەك سۇنى توشۇپ كەپتۇ. ئەلۋەتتە، ساق چېلەك ئۆزىنىڭ سۇنى تولۇق يەتكۈزەلىگەنلىكىدىن پەخىرلەنسە، تۆشۈك چېلەك ئۆزىنىڭ بۇ نۇقسانىدىن ئۇيات ھېس قىلىدىكەن، ئۆزىنىڭ پەقەتلا يېرىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغانلىقىدىن بىئارام بولىدىكەن.

بۇ خىل ئازابنىڭ دەردىنى ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت تارتقاندىن كېيىن، تۆشۈك چېلەك بىر كۈنى ئېرىق بويىدا سۇ توشۇغۇچىغا دەپتۇ:

— مەن ناھايىتى خىجىلمەن، سەندىن كەچۈرۈم سورىمىسام بولمايدۇ.

— نېمىشقا؟ — دەپتۇ سۇ توشۇغۇچى، — نېمىشقا خىجىللىق ھېس قىلىسەن؟

— ئىككى يىلدىن بۇيان، قاچىلىغان سۈيۈڭ مەندىكى تۆشۈكتىن يول بويىغا چېچىلىپ، خوجايىنىڭنىڭ ئۆيىگە يېرىم چېلەكلا سۇ ئاپىرىۋاتىمەن. مەندىكى سەۋەنلىك تۈپەيلى، سەن پۈتۈن ئىش قىلساڭمۇ، يېرىم نەتىجىگە ئېرىشىپ كېلىۋاتىسەن، — دەپتۇ تۆشۈك چېلەك.

سۇ توشۇغۇچى تۆشۈك چېلەك ئۈچۈن بىئارام بوپتۇ ۋە چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت بىلەن دەپتۇ:

— خوجايىنىنىڭ ئۆيىگە قايتىش يولىدا، يول ياقىسىدىكى پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەرگە قاراپ باققىن.

دەرۋەقە، قايتىپ كېتىۋېتىپ تۆشۈك چېلەك يول ياقىسىدا كۆزنى ئالىچەكمەن قىلىدىغان رەڭگارەڭ گۈللەرنىڭ ئېچىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، روھى كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ. لېكىن نىشانغا يېتىپ بارغاندا، ئۇ يەنە بىئارام بولۇپ قاپتۇ. چۈنكى يېرىم چېلەك سۇ يول ياقىسىغا چېچىلىپ قالدى ئەمەسمۇ؟ تۆشۈك چېلەك سۇ توشۇغۇچىدىن يەنە كەچۈرۈم سوراپتۇ. سۇ توشۇغۇچى مۇلايىملىق بىلەن مۇنداق داپتۇ:

— يولنىڭ ئىككى ياقىسىغا دىققەت قىلدىڭمۇ؟ سەن ئېسىلىق تۇرغان تەرەپتە گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن، ساق چېلەك ئېسىلىق تۇرغان تەرەپتە ھېچقانداق گۈل ئېچىلمىغان. ھەر قېتىم ئېرىق بويىدىن سۇ توشۇپ كەلگەندە، سەن مېنىڭ

ئورنۇمدا يول بويى گۈللەرنى سۈغىرىپ ماڭىسەن. ئىككى يىلدىن بۇيان، بۇ چىرايلىق گۈللەر غوجايىنىمنىڭ تاماق شىرەسىنى بېزەپ كەلدى. ئەگەر سەن تۆشۈك بولمىغان بولساڭ، غوجايىنىنىڭ تاماق شىرەسىدىمۇ بۇنچە چىرايلىق گۈللەر بولمىغان بولاتتى!

ئانىلارغا سۆز: ئاتا ـ ئانا بولغۇچى پەرزەنتىنىڭ ئەڭ ياخشى، ئەڭ قالتىس بولۇشىنى، باشقىلارنىڭ پەرزەنتىنى ماختىشىنى ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇنداق خۇشاللىق ۋە ئىپتىخارلىقنى ھېچ نەرسىگە تەڭ قىلغىلى بولمايدۇ. بىراق بالىلارنىڭ نەتىجىسى پەقەتلا ئاتا ـ ئانىنىڭ بۇ خىل شۆھرەتپەرەسلىكىنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا بولمايدۇ، كۆپ ساندىكى بالىلارنىڭ ئىپادىسى ئەڭ ياخشى بولمايدۇ، لېكىن بۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشى قىلىش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى بىلدۈرمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلاردىن ھېچ نەرسە تەلەپ قىلمىسىڭىزمۇ، ھەتتا ئۇنىڭغا كەينىدىن سانىغاندا بىرىنچى بولۇپ قالماسلىقنى ئېيتمىسىڭىزمۇ، بالىلاردا تۇغما بەسلىشىش يىسخىكىسى بولغاچقا، ئۇلارمۇ بىرىنچىلىكنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ.

ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتى بىرىنچى بولالمىغان، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن چاغدا، ئۇنىڭ چۈشكۈنلۈك تۇيغۇسىنى يېنىكلىتىپ، كەيپىياتىنى تەڭشىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشى، ئۆگىنىش جەريانىنىڭ ئەمەلىيەتتە نەتىجىسى ياخشى باشقا بالىلاردىن ئېشىپ كېتىش جەريانى ئەمەس، بەلكى ئۆزىدىن ھالقىغان ھالدا ئۆگىنىش ئېلىپ كەلگەن خۇشاللىقتىن

بەھرىمەن بولۇش جەريانى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سىز ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرگەن ئىلگىرىلەشلىرىدىن قانائەت ھېس قىلىشىڭىز، بۇنداق بالىنىڭ كۆنبويى باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدىغان باللارغا قارىغاندا مۇۋەپپەقىيەتكە يېقىن ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشىڭىز لازىم.

# ئۆزەڭنىڭ قەلبىنى چۈشىنىمەن

ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى ئۆزىمۇ ئۆزىچە بىر قۇلۇپ ئىشىكتە ئېسىقلىق تۇراتتى. بىر تال تۆمۈر خېلى كۈچەپ باققان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنى قايرىۋېتەلمىدى. بۇ چاغدا ئاچقۇچ كەلدى، ئۇ ئورۇق بەدىنىنى قۇلۇپنىڭ تۆشۈكىگە كىرگۈزۈپ يېنىك بىر تولغىنىۋىدى، قۇلۇپ چاككىدە قىلىپ ئېچىلىپ كەتتى. تۆمۈر تاياق ئەجەبلىنىپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— شۇنچە زور كۈچۈم بىلەن خېلى زورۇققان بولسامۇ ئۇنى ئاچالمىغانىدىم، لېكىن سەن بوشقىنە ھەرىكەت بىلەنلا ئېچىۋېتەلىدىڭغۇ؟

— چۈنكى مەن ئۇنىڭ قەلبىنى چۈشىنىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئاچقۇچ.

ئانىلارغا سۆز: باللار بىر كىتابقا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئۆسمۈرلۈك چېغىدىن باللىق ۋاقتىغىچە، باللىق ۋاقتىدىن قۇرامىغا يەتكىچە ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بىر ۋاراق ـ بىر ۋاراقتىن ئۆرۈپ كۆرىدۇ. ئۇنىڭ كېيىنكى بابلىرىدا نېمە مەزمۇنلار يېزىلغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار ماڭا: «بالام چوڭ بولغانسېرى، ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى

بىلمەيدىغان بولۇپ قېلىۋاتىمەن»، دېگەنىدى. توغرا، بالىلىرىمىز كىچىككىدىن باشلاپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قوماندانلىقىدا، ئۆزىنىڭ ساداسى ئەكس ئەتمىگەن تۇرمۇش ئىچىدە ياشايدۇ. ئاتا ـ ئانىلار ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى ھەقىقىي تۇردە چۈشىنىپ باقمايدۇ. ئۇلار چوڭ بولغاندىن كېيىن تەبىئىي ھالدا ئۇلارنىڭ خىيالىدىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئۇلار چوڭ بولغانسېرى ئاتا ـ ئانىسىدىن يىراقلىشىپ كېتىدۇ. بۇ دەل نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىمىز كىچىك ۋاقتىدىكىدەك گەپ ئاڭلىمايدىغان بولۇپ قالدى، دەپ قاقشىشىنىڭ سەۋەبى. ئەگەر بىز دەسلەپتىلا بالىلارنىڭ نەزىرى ئارقىلىق ئۇلارغا مۇئامىلە قىلىپ، ساددا قەلب، پاك گۈزەللىكنى چۈشەنسەك، ھازىرقىدەك ئۇنچىۋالا كۆپ دەردلەرگە مۇپتىلا بولمىغان بولاتتۇق.

# قۇياش نۇرىنى سۈپۈرۈپ ئەكىرىش

تۆت ـ بەش ياشلاردىكى ئىككى ئاكا ـ ئۇكا بولغانىكەن. ئۇلارنىڭ ھۇجرىسىنىڭ دېرىزىسى كۈنبويى ئېتىك تۇرىدىغان بولغاچقا، ھۇجرىسىنى تولىمۇ خىرە ھېس قىپتۇ ھەمدە سىرتتىكى ئالتۇن قۇياش نۇرىنى كۆرۈپ بەكمۇ ھەۋەس قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ: «سىرتتىكى قۇياش نۇرىدىن ئازراقنى سۈپۈرۈپ ئەكىرىۋالايلى» دېيىشىپتۇ ھەمدە ئىككىسى قوللىرىغا سۈپۈرگە، شازىلارنى ئېلىشىپ بالكونغا قۇياش نۇرىنى سۈپۈرگىلى چىقىپتۇ. ئۇلار شازىنى ھۇجرىغا ئەكىرگەن چاغدا، ئىچىدىكى قۇياش نۇرى يوقاپ كېتىپتۇ. مۇشۇنداق قىلىپ، ئۇلار تەكرار ھالدا نۇرغۇن قېتىم سۈپۈرۈپتۇ، لېكىن ھۇجرا ئىچى ئازراقمۇ يورۇماپتۇ.

ئاشخانىدا تاماق ئېتىۋاتقان ئاپىسى ئۇلارنىڭ غەيرىي ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ:

— بالىلىرىم، نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھۇجرىمىز بەك خىرە، قۇياش نۇرىدىن ئازراقنى سۈپۈرۈپ ئەكىرىۋالايلى دەۋاتىمىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇلار.

— سۈپۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى، دېرىزىنى ئېچىۋەتسەڭلارلا

قوياش نۇرى ئۆزى كىرمەمدۇ؟ ــ دەپتۇ ئاپىسى كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئانىلارغا سۆز: كىچىكىدىنلا بارمىقىنى شومۇشكە ئامراق بىر ئوقۇغۇچۇم بار ئىدى. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ يامان ئادەت يېتىلدۇرۇۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، نۇرغۇن ئامالـلارنى قىلدى، بالىسىنى قاتتىق ئەيىبلىدى ھەتتا بارماقلىرىغا دورا سۈركەپ قويدى. لېكىن ئۇ بۇ ئادىتىنى ئۆزگەرتمەكتە يوق، ئەكسىچە تېخىمۇ بەك كىرىشىپ كەتتى. مەكتەپكە كىرگەندىمۇ بۇ ئادىتىنى تاشلىيالمىدى، ئۇ ساۋاقداشلىرىنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچرىغاچقا ئۆزىمۇ ئىنتايىن ئازابلاندى. ئەمەلىيەتتە، بالا پىسخىكىسىدىكى تەڭپۇڭسىزلىقنى بارمىقىنى شومۇش ئارقىلىق ئىپادىلىگەنىدى. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ بۇ ئادىتىنى ئەيىبلەۋەرسە، ھېچقانداق ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەي قالماستىن، بەلكى يەنە بالىنىڭ بىردىنبىر ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش يولىنىمۇ ئۈزۈپ تاشلاپ، ئۇنى تېخىمۇ قاتتىق ئازابلايدۇ. پەقەت بالىنىڭ قەلب دەرۋازىسىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ بىلەن كەڭ ـ كۇشادە پىكىرلەشكەندىلا، ئاندىن مەسىلىنىڭ يىلتىزىنى تاپقىلى ۋە ئۇنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

## ئىنەك

نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلىك تىرىشىش ئارقىلىق، ئۇ يېرىم ئۆمۈر ئارزۇ قىلغان سۈت مەھسۇلاتلىرى شىركىتى ئاخىر تىجارەت باشلىدى. بۇ، ئۇنىڭ ئانىسىغا قىلغان ئالاھىدە سوۋغىسى ئىدى.

ئانىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئۆمۈر تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئىشلىدى، ئادەتتە ھەتتا كەمپۈت يېيىشكىمۇ كۆزى قىيمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كىچىكىدىنلا ئۆز ـ ئۆزىگە چوڭ بولغاندىن كېيىن، چوقۇم ئانامنىڭ باققان ئەجرىگە ئوبدان جاۋاب قايتۇرىمەن، دەپ ۋەدە بەردى.

ئۇ شىركىتىنى ياخشى باشقۇرغاچقا، تىجارىتى ناھايىتى گۈللىنىپ كەتتى. بىر نەچچە يىلدا، شىركەتنىڭ تىجارىتى ئۆلكىنىڭ ھەممە جايلىرىغىچە كېڭىيىپ، مال توشۇيدىغان ئاپتوموبىللار شىركەتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئۆچرەتتە تۇرۇپ كېتىدىغان بولدى.

دوست ـ يارانلىرى ئۇنىڭدىن پەخىرلەندى، ئۇنىڭدىن بەكرەك پەخىرلەنگىنى يەنىلا ئۇنىڭ ئانىسى بولدى.

ــ ئانا ئۈچۈن مۇشۇنداق مۇنەۋۋەر قىزى بولۇشتىنمۇ ئارتۇق شەرەپ ئىش بولمىسا كېرەك، ــ دېدى ئانا پەخىرلەنگەن

ھالدا. لېكىن قىزى ئۇنداق قارىمايتتى، ئۇ كۆز قارىشىنى مۇنداق بىر جۈملە ئارقىلىق ئىپادىلىدى: «ئانا پەرزەنتىگە ھالال سۈتىنى بەردى، لېكىن پەرزەنتلەر ئانىنىڭ باققان ئەجرىنى كالا سۈتى ئارقىلىق قايتۇرىمەن، دېسە ھەرگىزمۇ قايتۇرۇپ بولالمايدۇ.»

ئانىلارغا سۆز: مىننەتدارلىق — بىر خىل تۇرمۇش پوزىتسىيەسى، بىر خىل پەزىلەت، بىر خىل قەلب سۆزى. ئەگەر ئادەم بىلەن ئادەم ئارىسىدا مىننەتدارلىق تۇيغۇسى بولمىسا، كىشىلىك مۇناسىۋەت سوغۇقلىشىپ كېتىدۇ، شۇڭا ھەربىر ئادەم «مىننەتدار بولۇش» نى ئۆگىنىۋېلىشى لازىم. بۇ ھازىرقى بالىلارغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم. ھازىرقى بالىلار ئائىلىنىڭ مەركىزى، ئۇلار ئۆزىنىلا ئويلاپ، باشقىلارغا كۆيۈنۈشنى بىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلارغا «مىننەتدار بولۇش» نى ئۆگىتىش ئەمەلىيەتتە ئۇلارغا باشقىلارنى ھۆرمەت قىلىشنى، باشقىلارنىڭ ياردىمىنى ھەر ۋاقىت يۈرىكىدە ساقلاشنى ئۆگەتكەنلىكتۇر. مىننەتدارلىق تەربىيەسى بالىلارغا ھەممە كىشىنىڭ باشقىلارنىڭ بەدەل تۆلەش ئارقىلىق ئېلىپ كەلگەن خۇشاللىقىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بالىلار باشقىلارنىڭ ساخاۋىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرگەندە، ئۇلاردا بولىدىغان تۇنجى تەسىرات چوقۇم مەنمۇ ئاشۇنداق قىلىمەن، دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ، بالىلارغا بىر خىل بېشارەت بولۇپ، ئۇلارغا كىچىككىدىن باشلاپ باشقىلارنى ياخشى كۆرۈش، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى ئۆگىتىدۇ.

# ئىككىنچى قىسىم

## باللارنىڭ ئۆسۈپ

## يېتىلىش مەزگىلىدە

# تۇخۇمسمان تاش ۋە هايات

بىر قېتىملىق دەرستە، پىروفېسسور ئۇستەلگە سۇ قاچىلايدىغان بىر قۇتىنى قويۇپ، ئۇستەل ئاستىدىن دەل قۇتا ئاغزىدىن كىرگۈزگىلى بولىدىغان بىر مۇنچە تۇخۇمسىمان تاشلارنى ئالدى. پىروفېسسور تاشلارنى قۇتىغا سېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلاردىن سورىدى:

— دەپ بېقىڭلارچۇ، بۇ قۇتا توشتىمۇ يوق؟

— شۇنداق، — دەپ جاۋاب بېرىشتى ساۋاقداشلار تەڭلا.

— راستمۇ؟ — پىروفېسسور بىر كۈلۈۋېتىپ، ئۇستەل ئاستىدىن بىر خالتا ئۇششاق تاشنى چىقىرىپ، قۇتىغا تۆكتى ۋە ئاستا چايقىۋەتكەندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلاردىن يەنە سورىدى:

— ئەمدى دەپ بېقىڭلار، بۇ قۇتا هازىر توشتىمۇ يوق؟

بۇ قېتىم ئوقۇغۇچىلار بەك تېز جاۋاب بەرمىدى. بىردەمدىن كېيىن بىر نەچچە ئوقۇغۇچى تارتىنغان هالدا: «توشقان بولۇشى مۇمكىن» دەپ جاۋاب بەردى.

— ناهايىتى ياخشى ! — پىروفېسسور شۇنداق دەپ، ئۇستەل ئاستىدىن يەنە بىر خالتا قۇمنى ئېلىپ، قۇتىغا ئاستا تۆكتى. تۆكۈپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلاردىن:

ــ هازىر سىلەر دەپ بېقىڭلار، بۇ قۇتا توشتىمۇ ياكى توشمىدىمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ توشمىدى! ــ ساۋاقداشلار ئىشەنچكە تولغان هالدا جاۋاب بېرىشتى.

ــ ناهايىتى ياخشى! ــ پىروفېسسور ئوقۇغۇچىلارنى يەنە بىر قېتىم ماختىۋەتكەندىن كېيىن، ئۈستەل ئاستىدىن يەنە بىر قۇتا سۇنى چىقىرىپ، قارىماققا تۇخۇمسىمان تاش، شېغىل، قۇملار بىلەن توشۇپ كەتكەندەك كۆرۈنىدىغان قۇتىغا قۇيدى. ئارقىدىن ساۋاقداشلاردىن سورىدى:

ــ يۇقىرىقى ئىشلاردىن سىلەر نېمىنى چۈشەندىڭلار؟

سىنىپ بىر پەس جىمىپ كەتكەندىن كېيىن، بىر ئوقۇغۇچى جاۋاب بەردى:

ــ خىزمىتىمىز هەر قانچە ئالدىراش، كۈنتەرتىپىمىز هەر قانچە توشۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەگەر ئازراقلا سىغدىساق، يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغۇدەك ۋاقىت چىقىرالايمىز.

پىروفېسسور جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ كۈلدى:

ــ جاۋابىڭىز خاتا ئەمەس، لېكىن ئۇ مەن سىلەرگە يەتكۈزمەكچى بولغان مۇهىم ئۇچۇرنىڭ ئۆزى ئەمەس، ــ پىروفېسسور قەستەن سەل توختاپ، ئوقۇغۇچىلارغا بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن داۋاملاشتۇردى، ــ سىلەرگە دېمەكچى بولغان گېپىم شۇكى، ئەگەر چوڭ تۇخۇمسىمان تاشلارنى ئاۋۋال

قوٗتىغا سىلىۋالمىساڭلار، كېيىنچە ئۇنى سالىدىغان پۇرسەتنى مەڭگۇ تاپالماسلىقىڭلار مۇمكىن.

ئانىلارغا سۆز: بالام قۇچىقىمدىن ئايرىلىپ، ئۆزى مۇستەقىل تاماق يېيىشكە باشلىغان، ئېغى ئۇچۇق ئىشتان كىيمەيدىغان بولغان، ئىشقىلىپ ئۇ بوۋاق ۋاقتىدىكى قىلىقلىرىنى توختاتقان چاغدا، ئۇنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ مەنمۇ ئۆزگەردىم. بوۋاققا قارايدىغان رولدىن گەپ قىلالايدىغان، ماڭالايدىغان بالىغا قارايدىغان رولغا ئالماشتىم، كەيپىياتىم ۋە روھىي ھالىتىمنى تەڭشىدىم. بۇ بىر قاتار ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ، كىشىلىك ھايات مانا مۇشۇنداقكەن، ھايات سەپىرىدە دۇچ كەلگەن ئىشلارنىمۇ مۇشۇنداق بىر تەرەپ قىلىش لازىمكەن، دەپ قالدىم. قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى ھېراكلىت «ئادەم بىر ئېقىنغا ئىككى قېتىم كىرمەيدۇ» دېگەنىدى. ئادەمگە ھايات بىرلا قېتىم كېلىدۇ، بۇ ئۆمرۈمدە بىرلا قېتىم ئانا بولۇش، بىرلا قېتىم بالا تەربىيەلەش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇشۇم مۇمكىن. شۇڭا ئالدى بىلەن مۇھەببەتنىڭ ئىللىقلىقى ۋە ئىشەنچ (چوڭ توخۇمسىمان تاش) نى بالىنىڭ قەلبىگە سىلىپ، ئاندىن باشقا نەرسىلەرنى توشقۇزۇشۇم، ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۇنى ھايات سەپىرىنى غەلىبىلىك تاماملىشىغا يېتەكلىشىم كېرەك.

## ئوغرىلاپ كېلىنگەن مۇھەببەت

ئۇمۇ باشقا بالىلارغا ئوخشاش ئاپىسىدىن بەك قورقاتتى. مەيلى ئۇنىڭ ئىپادىسى قانچە ياخشى ياكى نەتىجىسى قانچە ئەلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاپىسى چىش يېرىپ بىرەر ئېغىز ماختاپ قويمايتتى. نەچچە قېتىم ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ساۋاقداشلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بالىلىرىنى ماختىغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، ئۇ تولىمۇ ھەۋەسلىنىپ كەتكەنىدى.

لېكىن ئاپىسى ئاغزى ئېچىلماس قۇتىدەك، بىرەر ئېغىز سۆزنىمۇ ئارتۇق قىلىشنى خالىمايتتى، ئەڭ كۆپ بولغاندا «ھە»، «ھىم» دېگەندەك سۆزلەرنىلا قىلاتتى.

بەزى ۋاقىتلاردا ئاپىسىنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىگە پىچاق بولۇپ سانجىلاتتى.

— ئىككىنچى بولغانىنىڭ نېمىسى قالتىس؟ سەنمۇ باشقىلارغا ئوخشاش بىرىنچىلىكنى تالاشساڭ بولمامدۇ؟

ئۇ ئاپىسىنىڭ ئاغزىدىن مېھىر ـ مۇھەببەتكە تەۋە ھېچقانداق سۆزنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى. شۇڭا ئۇ ئاپىسىنىڭ بۇ تەرىپىنى پەقەتلا كەچۈرەلمەيتتى. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى بالىنىڭ نەتىجىسى تۆۋەنلەپ، ئۆزىمۇ كەم سۆز، مىسكىن بولۇپ قالدى.

بىر كۈنى ئاپىسى ئالىي مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشىغا خەت يېزىپ، بالىنى پوچتىخانىغا بېرىپ خەتنى سېلىۋېتىشكە ئەۋەتتى. يولدا كېتىۋېتىپ، بالا بىر خىل قىزىقىشنىڭ تۈرتكىسىدە خەتنى ئېچىپ ئوغرىلىقچە كۆردى. كۆرۈپ قاتتىق ھەيران قالدى. تۆتتوغرا ئۈچ بەت كېلىدىغان خەتنىڭ ھەممىسى ئۇنى ماختايدىغان سۆزلەر بىلەن تولغان، ئاپىسى تىلغا ئېلىپ باقمىغان مېھىر ـ مۇھەببەتكە تەۋە سۆزلەر خەتتە ئۇن نەچچە يەردە تىلغا ئېلىنغانىدى.

بالىنىڭ ياشلىرى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈپ، خەتنى ھۆلدىۋەتتى. ئۇ خەتنى بىر نۇسخا كۆچۈرۈۋېلىپ، ئارقىدىن ئەسلىي پېتى كونۋېرتقا سېلىپ پوچتا ساندۇقىغا سېلىۋەتتى.

ئۇ كۆچۈرۈۋالغان خەت ئۇنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقىغا ئايلاندى، ئۇ خەتنى ھەر كۈنى نەچچە قېتىم ئوقۇيتتى. قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا، ھېلىقى خەت ئۇنىڭغا كۈچ ئاتا قىلدى. ئۇنىڭ مىجەزى بارغانسېرى ئوچۇق ـ يورۇق، جانلىق بولۇپ، نەتىجىسىمۇ تېز سۈرئەتتە ئۆرلەشكە باشلىدى. كىشىلەر ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ قاتتىق ھەيران قالدى.

ئۇ ئىلگىرى ئاپىسىنى كۆرسە، يات ئادەمنى كۆرگەندەك ئۆزىنى قاچۇراتتى. لېكىن ھازىر ئاپىسى بىلەن بىرگە بولۇشقا ئىنتايىن ئامراق بولۇپ كەتتى. نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن، بۇ بالا داڭلىق ئالىمغا ئايلاندى. ھېلىقى خەتنى ئۇ ھېلىمۇ يېنىدا

ئېلىپ يۈرۈيدۇ، چەت ئەللەرگە بېرىپ يىغىنغا قاتناشقاندىمۇ شۇنداق.

ئانىلارغا سۆز: ئادەتتە «مۇھەببەتنى داۋراڭ قىلىش ھاجەت ئەمەس، ئۇنى قەلبىمىزدە ساقلىساقلا بولىدى» دەپ قارايمىز. لېكىن ئوتلۇق مېھىر ـ مۇھەببىتىڭىزنى سۆزلەپ، خەت قىلىپ يېزىپ ياكى ھەرىكىتىڭىزدە ئىپادە قىلىپ كۆرسىتىپ، بالىڭىزدىكى ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت قىلىپ بېقىڭ. ئۇنىڭ قەلبى ئەڭ سەزگۈر رادار دەك، مۇھەببەتنىڭ سىگنالىنى دەرھال قوبۇل قىلالايدۇ.

ھېلىقى بالا ناھايىتى بەختلىك ئىكەن، ھېلىمۇ ئۇنىڭ كەپسىز بولۇپ قالغىنى. ئۇ ئاپىسىنىڭ تاپىلاشلىرىغا قۇلاق سالماي، خەتنى ئېچىپ ئوغرىلىقچە كۆرۈپ، ئاپىسىنىڭ ماختىشى ۋە مۇھەببىتىنى ئوغرىلىۋالدى. بولمىسا ئۇ ئاپىسىنىڭ ئۆزىنى نەقەدەر سۆيىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا قانچىلىك زور ئۈمىد باغلىغانلىقىنى مەڭگۈ بىلەلمىگەن بولاتتى. بالىنى شەرتسىز ھالدا سۆيۈش، ماختاش، ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك.

# باففېتنىڭ پەرزەنت تەربىيەسى

«فوبۇس» ژۇرنىلىدا خاتىرىلىنىشىچە، ۋورلۇن باففېت دوستى، مىكروسوفت شىركىتىنىڭ باش لىدىرى بىل گايتىسقا ئوخشاشلا دۇنيادىكى ئەڭ كاتتا باينىڭ بىرىگە ئايلانغان. ئۇ قۇرۇق قول ئىگىلىك تىكلىگەن، ھەممىنى نۆلدىن باشلىغانىدى. باففېت ھېچنېمىنى ئىختىرا قىلمىغان، پەقەت پاي چېكى سودىسى بىلەن شۇغۇللانغان، شىركەتلەرگە مەبلەغ سالغان. كېيىن ئۇ پەيدىنپەي 20 - ئەسىردىكى ئەڭ دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە مالىيە گۇرۇھىنى تەشكىللەپ، مال - مۈلكىنىڭ ساپ قىممىتى بىر مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن، بۇ سان يەنە داۋاملىق ئاشقان. ئەقىل - پاراسەتلىك، يېڭىلىقلارغا تەن بەرمەيدىغان باففېت مال - دۇنيا تىلىغا ئېلىنغاندا، ئىككى خىل خاراكتېرگە ئىگە ئادەم دەپ تەرىپلىنىدۇ. بۇ، باففېتنىڭ مال - دۇنياسى تولۇپ تۇرسىمۇ، بەزى ۋاقىتلاردا نامراتتەك بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. كىشىلەرگە مەلۇم بولغىنىدەك، باففېت بىر خىل ئاددىي، ھەشەمسىز تۇرمۇش شەكلىنى تاللىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈچ بالىسى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇغانىدى، ئۇ

دائىم بالىلىرىنى ئۆزى ياقتۇرىدىغان ئىشنى قىلىشقا ئىلھاملاندۇراتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى پىتىر دادىسىنىڭ مىليونىر ئىكەنلىكىنى گېزىتتىن بىلگەنىدى.

باففېتنىڭ قىزى سۇشى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «تۇرمۇشىمىزنى باشقىلارنىڭكىدىن كۆپ پەرقلىق دېگىلى بولمايتتى، پەرق بار دېيىلسە، ئۇ بولسىمۇ كىيىم - كېچەكلەرنى قىلىچە قىينالمايلا سېتىۋالالايتتىم. مېنىڭ ماشىنام يوق ئىدى، 16 ياش ۋاقتىمدا، بىر ماگىزىندا پىركازچىكلىك قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدىم.»

باففېتنىڭ پەرزەنتلىرى مىليونىر دادىسىدىن مال - دۇنيانىڭ ئادەمنىڭ ئىلگىرىلىشىگە غايەت زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولالايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى. ۋورلۇن باففېت ئورۇقلىماقچى بولغاندا، ئۇ كىچىك قىزىغا 1000 دوللارلىق چەكنى بەرگەن ھەمدە ئاي - كۈننى ئىزاھلاپ: «ناۋادا بەدەن ئېغىرلىقىمنى تۆۋەنلىتەلىسەم، بۇ چەك تامامەن ئىناۋەتسىز بولۇپ كېتىدۇ» دېگەن شەرتنى قويغانىدى.

ئانىلارغا سۆز: پەرزەنت تەربىيەلەشتىكى ئەڭ ياخشى پىرىنسىپ، ئۇلارغا «ناۋادا تىرىشمىساڭ ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيسەن» دېگەننى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت.

مۇتەخەسسىسلەر ئوخشاش بولمىغان ياشتىكى بالىلارغا ئۇلار بىلىشكە تېگىشلىك ئىستېمال ساۋاتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان 1 ~ 3 ياشقىچە بولغان بالىلار ئوخشاش بولمىغان تەڭگە پۇلنىڭ قىممىتىنى پەرقلەندۈرەلەيدۇ؛ تۆت ياشلىق بالىلار كۆرگەنلا

نەرسىنى سېتىۋالسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ؛ بەش ياشلىق بالىلار پۇلنىڭ نەدىن كېلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ؛ ئالتە ياشلىق بالىلار ئوخشاش بولمىغان قىممەتتىكى پۇلنى پەرقلەندۈرەلەيدۇ؛ يەتتە ياشلىق بالا ئادەتتىكى باھا جەدۋىلىنى كۆرۈپ چۈشىنەلەيدۇ؛ سەككىز ياشلىق بالا پۇلنى ئامانەت ھېساباتىغا قويۇشنى بىلىدۇ؛ توققۇز ياشلىق بالا بىر ھەپتىلىك خىراجەت پىلانىنى تۈزەلەيدۇ؛ 10 ياشلىق بالا تېجەشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىدۇ؛ 11 ياشلىق بالا تېلېۋىزوردىن ئالاقىدار ئېلانلارنى كۆرۈپ چۈشىنەلەيدۇ؛ 12 ياشلىق بالا بانكا كەسپىدىكى كۆپ ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرنى توغرا ئىشلىتەلەيدۇ قاتارلىقلار.

ھاياتلىقتا بەرداشلىق بەرگىلى بولمايدىغان نەرسە ئېغىر بېسىم ئەمەس، بەلكى بىكارچىلىق؛ چوڭ دەرەخنى بوران ئەمەس، بەزىدە كىچىككىنە قۇرتمۇ ئۆرۈۋېتەلەيدۇ. بالىغا كۆيۈنۈش ئۇنىڭغا خالىغانچە پۇل خەجلىتىش دېگەنلىك ئەمەس، چۈنكى بۇنداق بولغاندا بالا پۇل تېپىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. بالىنىڭ قولىغا پۇل كىرگەندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانا بولغۇچى ئۇنى بۇ پۇلنى قانداق خەجلەشكە يېتەكلىشى كېرەك.

بالىدا پىلانلىق پۇل خەجلەش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئالدىن خامچوت تۈزۈۋېلىش كېرەك، ئاتا ـ ئانا بالىنىڭ پىلان تۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلسا بولىدۇ، مەسىلەن: قانچىلىك پۇلغا ئوقۇش قوراللىرىنى، قانچىلىك پۇلغا ئۆزى ياقتۇرىدىغان

نەرسىلەرنى، قانچىلىك پۇلغا ئۇششاق يېمەكلىك سېتىۋېلىش دېگەندەك. بالىنىڭ خىراجىتى پىلاندىن ئېشىپ كەتكەندە، ئاتا ـ ئانا بالا بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، خەجلىسىمۇ، خەجلىمىسىمۇ بولىدىغان تۈرلەرنى ئۆچۈرۈۋېتىش كېرەك.

# ئاتا ـ ئانىنىڭ جاسارىتى

بالىدا جاسارەت يېتىلدۈرۈش، ئەمەلىيەتتە ئاتا ـ ئانىنىڭ جاسارىتىگە نىسبەتەن بىر سىناق. چۈنكى، ئەگەر ئاتا ـ ئانا بولغۇچى قىيىنچىلىق ۋە بەزى خەتەرلىك پائالىيەتلەردىن قورقۇپ يۈرسە، ئۇلار تەربىيەلىگەن بالا قانداق بولار؟

بەزىدە ئاتا ـ ئانىلار بالىسىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەنسىرەيدۇ، بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بېرىپ قالمىسۇن دەپ، بالىنىڭ ئۆزىنى چېنىقتۇرۇش پۇرسىتىنى قۇربان قىلىۋېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئاتا ـ ئانىلار بۇ ئارقىلىق پەيدا بولىدىغان ئېغىر زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەيدۇ، ئۆز ھېسسىياتىنىڭ زەخمەتكە ئۇچرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بالىسىنى ھەسسىلەپ قوغداپ، بالىنىمۇ قورقۇنچاق قىلىپ قويىدۇ.

بالىغا سوغۇق تېگىپ زۇكامداپ قالغاندا، ئاتا ـ ئانىسى دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپىرىدۇ. دوختۇر بالىنى كۆرۈپ «ئوكۇل ئۇرمىساق بولمايدۇ» دەيدۇ. بۇ گەپنى قىلغاندا دوختۇر ناھايىتى تەمكىن تۇرىدۇ، چۈنكى ئۇ ھەر كۈنى نۇرغۇن بىمارغا ئوكۇل ئۇرىدۇ ئەمەسمۇ. لېكىن بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى جىددىيلىشىپ

كېتىدۇ، بالا كىچىك تۇرسا، قانداق ئوكۇل ئۇرىدۇ؟ بالا گەرچە ئوكۇل ئۇرۇش دېگەن سۆزنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ جىددىيلەشكەن ھالىتىنى، ئاندىن دوختۇرنىڭ ئالدىراش ھالدا ئوكۇل يىڭنىسىنى ئوڭشاۋاتقانلىقى، دورا تەڭشەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىمۇ قورقۇنچ باسىدۇ ـ دە، ۋارىلداپ يىغلاشقا باشلايدۇ. دوختۇر ئوكۇلنى تەڭشەپ بولۇپ، يىڭنىنى سېلىشى بىلەن بالا دەرھال تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپ كېتىدۇ. چۈنكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ چىراي ئىپادىسى بالىغا بۇ ئىشنىڭ ناھايىتى ئېغىرلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھەدەپ گوللىشى، بەزلىشى ئارقىسىدا تولا يىغلاپ ھالىدىن كېتىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئەگەر ئاتا ـ ئانا ئوكۇل ئۇرۇشقا تەمكىن پوزىتسىيە تۇتقان بولسا، بالىمۇ ئانچە پەرۋايىغا ئېلىپ كەتمەي، قەيسەر بولغان بولاتتى. چۈنكى، ئاتا ـ ئانىنىڭ بۇ پوزىتسىيەسى بالىغا ئوكۇلنىڭ ئانچە قورقۇنچلۇق ئەمەسلىكىنى، ئاغرىقنىڭ تېزلا ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كېسىلى تېزدىن ساقىيىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بالا بۇ ھەقىقەتنى ناھايىتى ئاسان قوبۇل قىلىدۇ.

بىر بالا كىچىك بىرتاغقا ياماشقاندا، ناھايىتى قورقۇپ كېتىپتۇ. ئۇ قەدەمدە بىر كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئاپىسىغا، توختىماستىن ئالدىدا كېتىۋاتقان دادىسىغا قاراپ، ئۇنىڭ ئۆزىنى

كۆتۈرۈپ ئاچىقىپ قويۇشنى ئارزۇ قىپتۇ. لېكىن دادىسى بالىسىنى چېنىقتۇرۇش ئۈچۈن، قەستەن ئۇنىڭغا قارىماي، داۋاملىق ئالغا قاراپ مېڭىۋېرىپتۇ. چۈنكى دادا بالىسىنىڭ تۇنجى قېتىم تاغقا يامىشىشى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يامىشىپ چىقالايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ بالىسىنىڭ جاسارىتىنى چېنىقتۇرىدىغان، ماھارەت يېتىلدۈرىدىغان ياخشى پۇرسەت ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن. بىراق، بالىنىڭ ئاپىسى قورقۇنچاق بولغاچقا، ئوغلىنىڭ يىقىلىپ چۈشۈشىدىن ھەم يۇمران قوللىرىنى قانىتىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بىردەم ئوغلىغا قارىسا، بىردەم ئۇنىڭغا ئېھتىيات قىلىشنى تاپىلاپتۇ. يەنە بىردەم ئالدى تەرەپتىكى دادىسىغا ئاستىراق مېڭىشنى ئېيتىپتۇ. بالا ئاخىر قورقۇپ، تاغقا ياماشماي تۇرۇۋاپتۇ، ئاخىرىدا يەنىلا دادىسى ئۇنى كۆتۈرۈپ ئاچىقىپ كېتىپتۇ.

ئەسلىدە ئوغۇل تاغقا تامامەن چىقىپ كېتەلەيتتى. ئەگەر ئۇنىڭ ئاپىسى ھەدېسە يۈرەكئالدى بولۇپ، قورقۇۋاتقان تۇرقىنى كۆرسىتىپ قويمىغان بولسا، ئوغۇل تامامەن چىقىپ كېتەلەيتتى. بالىسىنىڭ ئۆز ئىقتىدارىنى تونۇش پۇرسىتىنى ئاپىسى ئۆزىمۇ ئويلىماستىن تارتىۋالدى.

ئانىلارغا سۆز: بالا مەسىلىگە يولۇققاندا، ئاتا ـ ئانا قانداق قىلىشى كېرەك؟ نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار «بالا ئويلىغاننى ئويلاپ، بالا ئالدىرىغانغا ئالدىرايدۇ»، «بالىنىڭ ئىشى مېنىڭ ئىشىم» دەپ

قارايدۇ. كۆڭلى تېنەپ، بالىسى يولۇققان مەسىلىنى تېزدىن ھەل قىلىپ بېرىدۇ. بىراق، ئەگەر بالا كېيىنكى كۈنلەردە يەنە مۇشۇنداق مەسىلىگە ئۇچرىسا، ئاتا ـ ئانىسى يېنىدا بولمىسا، بالا ھەقىقەتەن ئىلاجسىز ئەھۋالدا قالىدۇ. بۇ چاغدا بالا ئاتا ـ ئانىسىدىن «سىلەر نەگە كەتتىڭلار؟» دەپ ئاغرىنىدۇ. بۇ، بالا تەربىيەلەشتە ئۇزاق مەزگىللىك پىلان بولماسلىقنىڭ ئاقىۋىتى. ئەمەلىيەتتە، بالىنىڭ مەسىلىسىنى تەدرىجىي ھالدا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ھەل قىلغۇزۇش، ئۇلاردا مۇستەقىللىق روھى ۋە ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزى چىقالايدىغان ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

بەزى ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنت تەربىيەلىگەندە دائىم مۇنداق بىر سەۋەنلىكنى سادىر قىلىدۇ: ئىچىدە پەرزەنتىنىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى ئارزۇ قىلىسىمۇ، لېكىن پەرزەنتىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزى پەرەز قىلغان، ئورۇنلاشتۇرغان مۇھىت ئىچىدە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇڭا بەزى تاللاش خاراكتېرىدىكى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە، گەرچە بالىسىنىڭ تاللىشىغا قوشۇلسىمۇ، لېكىن ھەمىشە تۈرلۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق بالىنى ئۆزى ئارزۇ قىلغان دائىرە ئىچىگە كىرىشكە قىستۇرىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل بالىنىڭ كۆڭلىنى تەبىئىي ھالدا ئاغرىتىدۇ، ئۇلارنى مۇستەقىل بولغىلى قويمايدۇ ھەمدە تەدرىجىي ھالدا ئۇلارنىڭ تاللاش جاسارىتىنى يوقىتىدۇ،

ئاخىرىدا چوڭلارغا زىيادە يۆلىنىۋالىدىغان قىلىپ قويىدۇ. بەزى بالىلارنىڭ دائىم: «مېنىڭ بۇ كەسىپنى تاللىشىم ئاساسلىقى ئاتا ـ ئانامنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن» دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلايمىز. بۇ خىل پىسخىكا دەل ھېسسىيات جەھەتتە مۇستەقىل بولمىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى.

## ھاياتتىكى ئەڭ مۇھىم بىر كۈن

بىر يىگىت تاغنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر دانىشمەننى ئىزدەپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن كىشىلىك ھاياتتىكى بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا تەلىم سوراپتۇ.

— ئۇستاز، قېنى دەڭە، ھاياتىڭىزدىكى ئەڭ مۇھىم كۈن قايسى؟ تۇغۇلغان كۈنىڭىزمۇ ياكى كۆز يۇمغان كۈنىڭىزمۇ؟ تاغقا چىقىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان كۈنىڭىزمۇ ياكى باشقا كۈنمۇ؟...

يىگىت يۇچۇق قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك سوراپلا كېتىپتۇ.

— ھېچقايسىسى ئەمەس، ھاياتىمدىكى ئەڭ مۇھىم كۈن بۈگۈن.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز؟ — سوراپتۇ يىگىت قىزىقىپ، — بۈگۈن جاھاننى زىلزىلىگە سالغۇدەك بىرەر ئىش بولدىمۇ؟

— بۈگۈن ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىدى.

— بۈگۈن سىزنى زىيارەت قىلغىلى كەلگەنلىكىم ئۈچۈن مۇھىم دەۋاتامسىز يا؟

— بۈگۈن ھېچكىم زىيارەت قىلغىلى كەلمىگەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا مۇھىم. چۈنكى، بۈگۈن بىزگە تەئەللۇق بولغان

بىردىنبىر بايلىق. تۇنۇگۇن ھەرقانچە ئەسلەشكە، سىغىنىشقا ئەرزىسىمۇ، لېكىن ئۇ چۆككەن كېمىگە ئوخشاش دېڭىز ئاستىغا چۆكۈپ كەتتى؛ ئەتە قانچىلىك پارلاق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ تېخى يېتىپ كەلگىنى يوق؛ ھالبۇكى بۈگۈن ھەرقانچە ئاددىي، تۇتۇق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىزنىڭ قولىمىزدا، بىزنىڭ ئىختىيارىمىزدا.

يىگىت يەنە سورىماقچى بوپتىكەن، دانىشمەن ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويۇپتۇ:

— بۈگۈننىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتقاندا، ئۆزىمىزنىڭ «بۈگۈن» نىنى ئىسراپ قىلىۋەتتۇق، ئۆزىمىزگە تەئەللۇق «بۈگۈن» نىڭ نۇرغۇن قىسمى خوراپ كەتتى.

يىگىت بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن بېشىنى لىڭشىتىپ، ئارقىدىن تېز قەدەملەر بىلەن تاغدىن چۈشۈپ كېتىپتۇ.

ئانىلارغا سۆز: ۋاقىت ئاتقان ئوق، ئۇ ھەرگىز كەينىگە يانمايدۇ. ھاياتمۇ ئاشۇنداق قايتا ئوينىغىلى بولمايدىغان بىر مەيدان دىراما، بارلىق تاللاشلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

نۇرغۇن ئانا پەرزەنتىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا، قىزىقارلىق ۋە مېھىر - مۇھەببەتكە تولغان كىچىك ئىشلارنى خاتىرىلەپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. نېمىشقا بۇ ئىشلارنى

خاتىرىلەپ قويۇشقا ئالدىرايمىز؟ ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقۇپمۇ؟ شۇم تەقدىرنىڭ كېلىشىدىن ئەنسىرەپمۇ؟ بەلكىم بۇلار سەۋەب بولماسلىقى مۇمكىن. ھەقىقىي سەۋەب شۇكى، ۋاقىت كۈنلەپ ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، باللار كۈنسېرى چوڭىيىۋاتىدۇ، لېكىن كۆڭلىمىزدىكى گەپلىرىمىزنى دېيىشكە تېخى پۇرسەت تاپالمىدۇق. ئەمەلىيەتتە قورقىدىغىنىمىز، ئۆتۈپ قېلىشىمىز سەۋەبلىك تۇنۇگۈنكى ئىللىق ھېسسىياتلارنىڭ ئورنىنى تالاش - تارتىشتا قالىدىغان قارا كۆلەڭگىلەر ئىگىلەپ كېتىشىدىن ئىبارەت.

باللار چوڭ بولغاندا، ئۇلارغا بولغان مۇھەببىتىمىز كۈنسېرى ئۇلغىيىدۇ، لېكىن تۇرمۇش مۇرەككەپلىشىپ، باللارغا بۇ خىل مېھىر - مۇھەببىتىمىزنى دەيدىغان ۋاقىت قالمايدۇ. بەلكىم ئۇلار كەلگۈسىدە ئوخشىمىغان قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە ئىسىمىزنى ئەسلەپ قالىدۇ. بۇ سۆزلىرىمىز ئۇلارغا كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلىشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇلار بىراۋنىڭ يەنىلا ئۆزىنى شەرتسىز سۆيۈۋاتقانلىقىنى بىلسە، تېخىمۇ زور ئىشەنچ ۋە ئىرادە بىلەن ھەرقانداق ئىشنى روياپقا چىقىرالايدۇ.

باللار بىزنىڭ بۈگۈنىمىز، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانا يېنىدا بولىدىغان كۈنلىرى ۋاقىتسىرى ئازىيىدۇ، بۇنداق كۈن قايتا كەلمەيدۇ. ھامان بىر كۈنى ئۇلار بارمىقىمىزنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ شۇممەيدۇ، تاماق يېگۈزۈپ قويۇشىمىزغا ئېھتىياجلىق بولمايدۇ،

قوچىقىڭدا يېتىپ ئۇخلايمەن دەپ جېدەل قىلمايدۇ. بۇنداق كۆنلەر كەتسە ھەرگىز قايتا كەلمەيدۇ. مۇشۇنداق كۈنلەرنى ھەر قېتىم ئەسلىگىنىمدە، بالىلىرىم بىلەن بولغان ۋاقىتلىرىمنى قەۋەتلا قەدىرلەيمەن، نېمىلا دېگەن بىلەن، بۇنداق كەچۈرمىش مېنىڭ ۋە ئۇنىڭ ھاياتىدا پەقەت بىرلا قېتىم بولىدۇ ئەمەسمۇ.

## سوغۇق نەزەرلەرنى تېشىپ ئۆتۈش

ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە بىر بالا ھەممىنىڭ كەينىدە قالدى.

ئۇ نەچچە قېتىم بەرداشلىق بېرەلمەي يېرىم يولدا توختاپ قېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن تاماشىبىنلار ئولتۇرغان تەرەپكە ھەربىر قارىغىنىدا، ئىشەنچ ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولاتتى.

تاماشىبىنلار ئارىسىدا ئۇنىڭ ئاپىسى تۇراتتى. گەرچە كۆپ سانلىق تاماشىبىنىنىڭ چىرايىدا مەسخىرىلىك كۈلكە چىقىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئاپىسى ئۇنىڭغا ئىلھامبەخش نەزىرى بىلەن تىكىلىپ تۇرغانىدى.

ھالقىلىق پەيتتە، ئادەم ھەممە كىشىنىڭ بارىكاللىسىغا موھتاج بولمايدۇ، ئۇنىڭغا ئازراق ئىلھامبەخش نەزەر بولسىلا كۇپايە.

بالا ئاخىرقى نۇقتىغا باشقىلاردىن ئون نەچچە مىنۇت كېيىن يېتىپ باردى. ئون نەچچە ماھىر ئىچىدە بۇ بالا ئارقىدىن سانىغاندا بىرىنچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئاپىسى ئۇنىڭغا بىر دەستە گۈل تۇتۇپ:

— يارايسەن ئوغلۇم، سېنى تەبرىكلەيمەن، سەن كىشىلەرنىڭ سوغۇق نەزەرلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بېسىپ ئۆتتۈڭ! — دېدى. ئاپىسى بۇ گەپلەرنى قىلغان ۋاقىتتا، چىرايىدىن پەرىشتىنىڭكىدەك نۇر - زىيا تۆكۈلۈپ تۇرغانىدى.

ئانىلارغا سۆز: راستىمنى ئېيتسام، ھېلىقى ئانىغا چىن دىلىمدىن قايىل بولدۇم. ئەپسۇسلىنارلىقى، ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە بارغانسېرى كۆپ ئانىلار ئىلگىرىكىدەك شەرتسىز مېھىر - مۇھەببەتتىن يىراقلاپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇلار بالىسىنىڭ تېزدىن غەلىبە قازىنىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىدۇ. رىقابەت بارغانسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان بۇ يىللاردا، كۆپ ساندىكى ئانىلار تۈرلۈك ئاماللارنى قوللىنىپ بالىسىنى ئىمكانقەدەر تېزلىكتە يارامىلىق ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرمەكچى بولىدۇ. ھازىرقى بالىلار شۇ كىچىك يېشىدا تۈرلۈك ئىمتىھان، ھۆسنخەت، پىيانىنو، چەت ئەل تىلى ... قاتارلىقلارغا تاقابىل تۇرۇشقا مەجبۇر بولماقتا.

ئۆتكەن بىر ئەۋلادقا سېلىشتۇرغاندا، بالىلىرىمىز تۈرلۈك ئىقتىدار - قابىلىيەتلەرگە ئىگە. لېكىن نېمىشقا بەزىلەر ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق بولمىغان، پەقەت لاي، تاش - شېغىل ۋە يالتىراق قوڭغۇزلارلا بولغان دەۋرلەرنى ئەسلەپ قويمايدۇ؟ ھازىرقى ئانىلار ئىچىدە، نەتىجىسى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان، تۈرلۈك رىقابەتلەردە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان بالىلىرىغا:

«يارايسەن بالام، سېنى تەبرىكلەيمەن، سەن كىشىلەرنىڭ سوغۇق نەزەرلىرىنى مۆۋەپپەقىيەتلىك بىسىپ ئۆتتۈڭ!» دېيەلەيدىغانلىرىدىن قانچىلىكى باردۇ؟ بار بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ چىرايىدا پەرىشتىنىڭكىدەك نۇر ـ زىيا تۆكۈلۈپ تۇرامدۇ؟

## مەڭگۈلۈك بىلەت

بىر كىشى دائىم كاماندىروپكىغا چىقىدىكەن، ئۇ دائىم ئورۇن بىلىتى ئالالمىسىمۇ، لېكىن مەيلى ئۆزاق سەپەر ياكى قىسقا سەپەر بولسۇن، ۋاگون ئىچى ھەرقانچە قىستاڭچىلىق بولسۇن، ھەمىشە ئولتۇرغۇدەك ئورۇن تاپالايدىكەن.

ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئۇسۇلى ناھايىتى ئاددىي ئىكەن. يەنى ئۇ سەۋرچانلىق بىلەن ۋاگونمۇ ۋاگون ئارىلاپ ئورۇن ئىزدەيدىكەن. بۇ چارە ئاڭلىماققا ئانچە ئاقىلانە بولمىسىمۇ، لېكىن خېلى كارغا كېلىدىكەن. ئۇ ھەر قېتىمدا 1 ـ ۋاگوندىن 10 ـ ۋاگونغىچە مېڭىپ بېرىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىدىكەن، لېكىن ھەر قېتىمدىلا تېخى ئاخىرقى ۋاگونغا بارماستىنلا بوش ئورۇن تېپىۋالىدىكەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە، پويىزدا ئۆزىدەك بوشاشماستىن بوش ئورۇن ئىزدەيدىغان يولۇچىلار ھەقىقەتەن كۆپ ئەمەس ئىكەن.

ئۇنىڭ يەنە دېيىشىچە، كۆپ ساندىكى يولۇچى بىر ياكى ئىككى ۋاگوندىكى قىستاڭچىلىقتىن قايمۇقۇپ قالىدىكەن، پويىز نەچچە ئون قېتىملاپ توختاش جەريانىدا، پويىزنىڭ ئون نەچچە ئىشىكىدىن چىقىپ ـ چۈشۈش ھەرىكىتىدە بوش ئورۇن چىقىپ قېلىش پۇرسىتى بارلىقىنى ئىنچىكە ئويلاشمايدىكەن، ئويلاشقان

تەقدىردىمۇ ئاشۇ بوش ئورۇننى ئىزدەشكە تاقىتى يوق ئىكەن. كۆز ئالدىدىكى پۇت قويغۇدەك كىچىككىنە ئورۇن ئاسانلا كىشىلەرنى قانائەتلەندۇرۇپ قويىدىكەن، بىر ـ ئىككى ئورۇن ئۇچۇن يۈك ـ تاقلىرىنى كۆتۈرۈپ قىستىلىپ يۈرۈشنى بەزىلەر ئەرزىمەيدۇ، دەپ قارايدىكەن. ئۇلار ناۋادا ئولتۇرغۇدەك ئورۇن تاپالمىساق، بىر ئوبدان تۇرۇۋاتقان ئورۇندىنمۇ قۇرۇق قالىمىز، دەپ ئويلايدىكەن.

تۇرمۇشتا هازىرقى هالىتىگە شۈكۈر قىلىپ، ئالغا ئىلگىرىلەشنى ئويلىمايدىغان، مەغلۇپ بولۇشتىن قورقىدىغان كىشىلەر مەغلۇبىيەت نۇقتىسىدا مەڭگۈ تۇرۇپ قالغانغا ئوخشاش، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئورۇن ئىزدىمەيدىغان يولۇچىلارمۇ پەقەت ئەڭ دەسلەپكى پۇت قويغان ئورنىدا ئاخىرقى بېكەتكىچە تۇرۇۋېرىدۇ، خالاس.

ئانىلارغا سۆز: ئىشنىڭ ئاخىرىغىچە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان كىشىلەر كۆپ بولىدۇ، بۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كىشىلەرنىڭ نىمىشقا ئاز بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى. ئەمەلىيەتتە، كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجە بىزدىن ئانچە يىراقتا ئەمەس، ئۇنداق سىرلىقمۇ ئەمەس. پەقەت سەن ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشنى چىن نىيىتىڭ بىلەن ئويلىساڭلا، يەنە ئازراق بەرداشلىق بېرەلىسەڭلا، ئاخىرىدا ئۇ ساڭا مەنسۇپ بولىدۇ.

كىچىكىمدە بىر گۈزەل سەنئەت ئوقۇتقۇچۇم بار ئىدى. ئۇ دائىم: «ياخشى سىزىپسەن، دادىللىراق بولغىن» دەپ ئىلهام

بېرەتتى. ئۇ ۋاقىتلاردا باشقا پەنلەردىكى نەتىجەم ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى، چۈنكى باشقا پەنلەرگە ئانچە قىزىقىپ كېتەلمىگەنىدىم. ھازىر گەرچە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كىشىلەردىن سانالمىساممۇ، لېكىن خۇشال - خۇرام، ئەھمىيەتلىك ياشاۋاتىمەن. ئىلگىرى نەتىجەم ياخشى بولمىغان تۇرۇقلۇق، بۈگۈن شۇنچە كۆپ نەرسىلەرگە ئېرىشىمدىكى سەۋەب نېمە؟ دەپ ئويلايتتىم، بەلكىم بۇ سەۋەب «ياخشى سىزىپسەن، دادىلراق بولغىن!» دېگەن سۆز بولسا كېرەك.

بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كىشىلەر كىچىك ۋاقتىدا بىز ئويلىغاندەك مەلۇم خىل باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان قابىلىيەتكە ئىگە بولغان ئەمەس، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئاددىي بالىلار. ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەككى، ھەربىر بالا بىر تالانت ئىگىسى، نەتىجىسى ياخشىراق بالىلار مەلۇم خىل ئالاھىدە ئىقتىدارنى ھازىرلىغان ئەمەس، پەقەت ئۇلار ياشىغان مۇھىت بۇ خىل تالانتنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولغان، خالاس. تالانتنىڭ جارى بولۇشى توختىماستىن ئىلھاملاندۇرۇشقا موھتاج. بىز ئانا، لېكىن بالىنىڭ ئۆگىنىش، ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى ھەممە ئىشلارنى قىلىپ بېرەلمەيمىز، قىلالايدىغىنىمىز پەقەتلا ئۇلارغا ياردەم بېرىش، توختىماستىن ئىلھاملاندۇرۇش. بەلكىم بالىمىز چېچەنرەك بولماسلىقى، يېتىلىشى كېچىككەن بولۇشى مۇمكىن، لېكىن بىز ۋاز

كەچمەيلى، يەنە بىر ئاز بەرداشلىق بېرەيلى، ئۇنىڭغا سەۋرچانلىق بىلەن ئىلھام بېرەيلى. شۇندىلا ئۇ ئاخىرقى بېكەتكىچە ئۆرە تۇرۇپ بارماستىن، ھامىنى ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان ئورۇننى تاپالايدۇ.

# قوزۇق چىش

بۇرۇنقى بۇرۇنسىدا بىر پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ ناھايىتى گۈزەل بىر خانىشى بولغان ئىكەن، ئىككىسى ناھايىتى ئىجىل - ئىناق ئۆتىدىكەن.

لېكىن خانىش كۆنبويى مىسكىن يۈرىدىكەن. چۈنكى ئۇ ھەر قېتىم ئەينەككە قارىغاندا تەشۋىشلىنىپ كېتىدىكەن، ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ئايال ئەمەس، دەپ ھېس قىلىدىكەن. چۈنكى ئۇنىڭ بىر جۈپ قوزۇق چىشى بار ئىكەن.

گەرچە پادىشاھ ئەزەلدىن ئۇنى بىر نەرسە دېمىگەن بولسىمۇ، لېكىن خانىش پادىشاھنىڭ كۆڭلەرىنىڭ بىرىدە ئۆزىدىن سوۋۇپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پادىشاھلىقتىكى ئەڭ ياخشى چىش دوختۇرىغا يوشۇرۇنچە كۆرۈنۈپ، قوزۇق چىشىنى يۇلدۇرۇۋېتىپتۇ. چىش دوختۇرى ئۇنىڭ قوزۇق چىشىنىڭ ئورنىغا ئىككى يالغان چىش سېلىپ قويۇپتۇ. يالغان چىش ناھايىتى نەپىس بولۇپ، ئۇنىڭ يالغانلىقىنى ھېچكىم سېزەلمەيدىكەن.

يالغان چىش سالدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، خانىش خۇشال ھالدا پادىشاھنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. لېكىن پادىشاھ ئۇنىڭغا خۇددى

يات ئادەمگە قارىغاندەك قاراپ قويغاندىن كېيىن، توخلۇق بىلەن كېتىپ قاپتۇ ھەمدە شۇنىڭدىن كېيىن خېلى ۋاقىتلارغىچە ئۇنىڭغا يېنىغا كىرمەپتۇ.

يېرىم يىلدىن كېيىن، پادىشاھ ئۇنى نەزەربەنت قىلىپ، باشقا ياش ھەم چىرايلىق بىر قىزنى ئەمرىگە ئېلىپ خانىش قىپتۇ. پادىشاھ بۇ يېڭى خانىشقا ناھايىتى ئامراق ئىكەن.

نەزەربەنت قىلىنغان خانىش تولىمۇ ئۇمىدسىزلىنىپتۇ، ئىچىدە يېڭى خانىش چوقۇم مەندىن كۆپ چىرايلىق بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ.

بىر كۈنى، ئۇ باغچىدا يېڭى خانىشنى كۆرۈپ قاپتۇ. يېڭى خانىش ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپتىكەن، ئۇ بۇ يېڭى خانىشنىڭ ئانچە چىرايلىق بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىر جۈپ قوزۇق چىشى بارلىقىنى كۆرۈپتۇ!

ئەسلىدە پادىشاھ قوزۇق چىشى بار ئايالنى ياخشى كۆرەتتىكەن ئەمەسمۇ!

ئانىلارغا سۆز: كۆپىنچە ھاللاردا ئارتۇقچىلىقىمىز بىلەن ئەمەس، بەلكى كىچىككىنە نۇقسانلىرىمىز بىلەن سۆيۈملۈك كۆرۈنىمىز. سالاپىتىمىزگە چوڭ تەسىر كۆرسەتمەيدىغان نۇقسانلار ئۈچۈن غەم يەپ يۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

يەنىلا ئۆزىمىزدىكى «قوزۇق چىش» نى ساقلاپ قالايلى!

بالىمىزنى ئۇنىڭ ئەقىللىق، ئوماق، چىرايلىق، ئېتىكلىكى سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بالىمىز بولغانلىقى ئۈچۈن

ياخشى كۆرىمىز. يىللارنىڭ ئۆتۈشى، يېشىنىڭ چوڭىيىشى، قورۇقلىرىنىڭ كۆپىيىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارغا بولغان مۇھەببىتىمىز قەتئىي ئۆزگەرمەيدۇ. ئۇلارنى ياخشى كۆرۈشىمىز ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا بىردىنبىر بولغانلىقى ئۈچۈندۇر، ئۇلارنى ياخشى كۆرگەنلىكىمىز ئۈچۈنلا، ئۇلاردىكى بارلىق ئالاھىدىلىكلەرنى قوبۇل قىلالايمىز.

ئىلگىرى بالام ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئۆزىنى قۇرداشلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈپ قالارمۇ؟ ئەتراپىتىكىلەرنىڭ ئۆزىگە قانداق باھا بېرىشىدىن گۇمانلىنىپ كېتەرمۇ؟ دەپ ئەندىشە قىلغانىدىم. ھېلىمۇ ياخشى، ئۇ بۇنداق مەسىلىگە دۇچ كەلمىدى. لېكىن، يەنە بىر ئانىنىڭ تەجرىبىسى ماڭا شۇنى ئۇقتۇردىكى، مۇۋاپىق پۇرسەتتە بالىغا ياخشى كۆرىدىغىنىمىزنىڭ ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ جاھاندا بىردىنبىرلىكى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ نۇقسىنى بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭغا كۆيىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرۈشىمىز كېرەك. شۇندىلا ئۇلار بۇ دۇنيانىڭ ئىللىقلىق، مېھىر - مۇھەببەتكە تولغانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ.

## كىشىلىك ھاياتنىڭ ئاچقۇچى

ئامېرىكىنىڭ نېۋادا ئىشتاتىدىكى مايدىزون ئوتتۇرا مەكتىپى ئوقۇشقا كىرىش ئىمتىھانىدا مۇنداق بىر سوئال چىقارغان: بېل گايتىسنىڭ ئىش ئۇستىلىدە قۇلۇپ سېلىنغان بەش تارتما بار ئىكەن، ئۇلارغا ئايرىم ھالدا بايلىق، قىزىقىش، بەخت، شان ـ شەرەپ، مۇۋەپپەقىيەت دېگەن بەش خەت چاپلانغان ئىكەن. گايتىس دائىم بىرلا ئاچقۇچنى ئېلىپ يۈرۈپ، قالغانلىرىنى تارتمىغا سولاپ قويىدىكەن. ئۇنداقتا، قېنى ئېيتىڭە، گايتىسنىڭ ئېلىپ يۈرىدىغىنى قايسى ئاچقۇچ؟ قالغان تۆت ئاچقۇچ قايسى بىر ياكى بىر قانچە تارتمىغا سولاقلىق؟

ئامېرىكىغا كۆچمەن بولۇپ بارغان بىر جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچى بۇ ئىمتىھانغا قاتنىشىپ قاپتۇ. ئۇ سوئالنى كۆرگەندىن كېيىن، سەل ھودۇقۇپ قاپتۇ. چۈنكى ئۇ بۇ سوئالنىڭ ئەدەبىيات سوئالى ياكى ماتېماتىكا سوئالى ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي قاپتۇ. ئىمتىھان ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ كېپىللىك بەرگۈچىسى ــ بۇ مەكتەپنىڭ بىر كېڭەش ئەزاسىدىن سوراپتۇ. كېڭەش ئەزاسى ئۇنىڭغا ئۇنىڭ بىر ئەقىل سىناش سوئالى ئىكەنلىكىنى، مەزمۇنىنىڭ كىتابتا يوقلۇقىنى، ھېچقانداق

ئۆلچەملىك جاۋابى يوقلۇقىنى، ھەربىر كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە ئەركىن جاۋاب بەرسە بولىدىغانلىقىنى، لېكىن ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ كۆز قارىشى بويىچە نومۇر بېرىش ھوقۇقى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچى توققۇز نومۇرلۇق بۇ سوئالدا بەش نومۇرغا ئېرىشىپتۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ قارىشىچە، ئۇ بىر خەتمۇ جاۋاب يازمىغان، شۇڭا ھېچبولمىغاندا ئۇنى سەمىمىي دېيىشكە بولىدىكەن، مۇشۇنىڭغا ئاساسلىنىپ، ئۇنىڭغا يېرىمىدىن ئارتۇق نومۇر بېرىشكە بولىدىكەن. لېكىن جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىنى گاڭگىرىتىپ قويغىنى، ئۇنىڭ پارتىدىشى بۇ سوئالغا جاۋاب بەرگەن بولسىمۇ، ئاران بىر نومۇرغا ئېرىشىپتۇ. پارتىدىشىنىڭ جاۋابى مۇنداق ئىكەن: گايتىس بايلىق تارتمىسىنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ يۈرىدۇ، قالغان تۆت ئاچقۇچنىڭ ھەممىسى مۇشۇ بىر تارتمىغا سولاقلىق.

كېيىن، بۇ ئوقۇغۇچى بۇ سوئالنى ئېلخەت ئارقىلىق جۇڭگوغا يەتكۈزۈپتۇ ھەمدە ساۋاقداشلىرىغا: «ھازىر مەن گايتىسنىڭ قايسى ئاچقۇچنى ئېلىپ يۈرىدىغانلىقىنى بىلدىم، جاۋابقا مۇشۇ ئاچقۇچنى يازغانلارنىڭ ھەممىسى گايتىسنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ۋە ماختىشىغا سازاۋەر بولدى، سىلەرمۇ ئۆزۈڭلارنى سىنىپ بېقىشنى خالامسىلەر، بۇنىڭدىن بىرەر ئىلھامغا ئېرىشىپ قېلىشىڭلار مۇمكىن» دەپتۇ.

ساۋاقداشلارنىڭ قانچە تۈرلۈك جاۋاب بەرگەنلىكىنى

بىلمىدۇق. لېكىن، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئەقىللىق بىر ئوقۇغۇچى ئامېرىكا مايدىزون ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ تور بېكىتىگە چىقىپ، بىل گايتىسنىڭ بۇ مەكتەپكە يازغان جاۋاب خېتىنى كۆرۈپتۇ. خەتتە: «سەن ئەڭ قىزىقىدىغان شەيئىگە كىشىلىك ھاياتىڭدىكى مەخپىيەتلىك يوشۇرۇنغان بولىدۇ» دەپ يېزىلغان ئىكەن.

ئانىلارغا سۆز: جەمئىيىتىمىزدە قۇرامىغا يەتكەن كىشىلەر دائىم ئۆزىمىزدىن: «تىرىشىپ خىزمەت قىلىشىم، بايلىق توپلىشىمدىكى مەقسەت نېمە؟» دەپ سورايمىز. ئالدى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، ئاندىن باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇش، ئۆز قىممىتىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئاخىرىدا ئۆزىمىز قىزىقىدىغان ئىشنى قىلىپ، كىشىلىك ھاياتنىڭ خۇشاللىقلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشتىن ئىبارەت. قۇرامىغا يەتكەن كىشىلەرگە نىسبەتەن، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش غېمىنى يېمىگەن ئەھۋالدا، ئۆزى قىزىقىدىغان ئىشنى قىلىش روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ھۇزۇر بېغىشلايدۇ.

بالىلارغا نىسبەتەنمۇ شۇنداق. ئەگەر ئانا بولغۇچى نوقۇل ھالدا بالىسىنىڭ بىلىمىنى بېيىتىش ئۈچۈنلا كىتاب ئوقۇتسا، باشقىلارنىڭ ئالدىدا كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈنلا مۇزىكا، ئۇسسۇل ئۆگەتسە، ئۇنداقتا بۇ نەرسىلەر ئەڭ ئەقەللىي، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ھۇزۇر بېغىشلاش ئىقتىدارىنى يوقاتقان بولىدۇ. بەزى ئاتا - ئانىلار بالىسى بىر نەچچە ھەرپنى تونۇسىلا،

دەرھال ئۇنىڭغا توقۇملاپ بالىلار كىتابلىرىنى ئەكىلىپ بېرىدۇ؛ بالىسىنىڭ مۇزىكىغا قىزىقىدىغانلىقىنى بايقىسىلا، دەرھال پىيانىنو سېتىۋېلىپ كېلىپ، بالىسىنى ئۆتكۈر بالىلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرمەكچى بولىدۇ. بۇنداق ئاتا ـ ئانىلار پەقەت بالىسىنىڭ قىزىقىشىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزى قىلالىشقا تېگىشلىك دەپ قارىغان ئىشنىلا قىلىدۇ، بالىسىنى ئۆزى قىزىقىدىغان دائىرىدە قابىلىيىتىنى ئەركىن نامايان قىلىشقا يېتەكلىمەيدۇ. بالىلار بۇ خىلدىكى «يېتەكلەش» نى ياقتۇرمايدۇ. بۇنداق قىلغاندا بالىلار« ئاتا ـ ئانام قىزىقىشىمدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتىگە يەتمەكچى بولۇۋېتىپتۇ» دېگەن گۇماننى پەيدا قىلىپ قويىدۇ، ھەتتا ئۇلاردا قارشىلىشىش كەيپىياتى پەيدا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

# بوتقا تىۋىنىش ۋە كوچە كۆيدۈرۈش

بىر كىشى بوتقا تىۋىنىش ئىستىكىدە، نۇرغۇن پۇل خەجلەپ ناھايىتى قىممەتلىك بىر بۇددا ھەيكىلى ياسىتىپ، ئۈستىگە ئالتۇندىن ھەل بېرىپتۇ. ئۇ بۇ بوتنى نەگىلا بارسا بىللە ئېلىپ بېرىپ، خالىغان ۋاقىتىدا تىۋىنىدىكەن.

بىر نەچچە يىلدىن كېيىن، ئۇ بىر كىچىك بوتخانىدا تۇرۇپ قاپتۇ. بۇ بوتخانىدا نۇرغۇن بوت بار بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان، ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن بوتنىڭ ئالدىدا كوچە كۆيدۈرۈشنى، كوچە پۇرىقىنىڭ باشقا بوتلارغا تېگىپ بولۇپ قېلىشىنى خالىمايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزگىچە بىر تۇرخۇن ياساپ، كۆيدۈرگەن كوچىسىنىڭ ئىسىنى ئۆزىنىڭ بوتىغىلا بارىدىغان قىلىپتۇ. نەتىجىدە، كوچىنىڭ ئىسىدا ھېلىقى ئالتۇن ھەل بېرىلگەن بوت ئىسلىشىپ قارىداپ، ئىنتايىن سەتلىشىپ كېتىپتۇ.

ئانىلارغا سۆز: ئىلگىرى مەن بالام ئۈچۈن مەركەز ئىدىم. ئۇنىڭ مېنى بۇرۇنقىدەك «بىردىنبىر يېقىن ئادىمى» قاتارىدا كۆرمەيۋاتقانلىقىنى، ئويماقتەك ئاغزى بىلەن ئىسمىمنى كۈنىگە نەچچە يۈز قېتىم تىلغا ئالمايۋاتقانلىقىنى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن

دادىسىنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالىدۇ. ئىلگىرىكى كۈنلەرنى ئەسلىسەم، مەن ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئېغىرلىق مەركىزى ئىكەنمەن. نېمىلا دېگەن بىلەن، بۇ ھاياتىمدا مېنىڭ باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى مەركەز بولۇش پۇرسىتىم زادى قانچىلىك؟

بالىسىنىڭ دادىسى بىلەن يار يېلىمدەك چاپلىشىپ ئويناشقا باشلىغانلىقىنى كۆرگەندە، ئانا بولغۇچىدا يوقىرىقىدەك غەلىتە ئازابلىق خىياللار پەيدا بولىدۇ. لېكىن بالىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ۋەزىپىسىنى تەڭ ئۈستىگە ئېلىشىپ بېرىدىغان ئادەم بولغاندا، ئازراق بولسىمۇ ئارام ئېلىۋالغىلى، خىزمەت بىسىمىنى يەڭگىللەتكىلى بولىدۇ. بالىغا نىسبەتەن، بىرلا ئاپىسى بولغانغا قارىغاندا، يەنە بىر دادىسى بولسا ئۇ تېخىمۇ كۆپ مېھىر - مۇھەببەتكە ئېرىشەلەيدۇ.

بەختتىن باشقىلار بىلەن تەڭ بەھرىلەنسىڭىز، تېخىمۇ كۆپ خۇشاللىقلارغا ئېرىشەلەيسىز.

# تەڭرى ئادىلدۇر

بىر ئەر تەڭرىنى ئۆزىگە ئادىللىق قىلمىدى، دەپ قاراپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە ئادىل مۇئامىلە قىلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. تەڭرى ئۇنىڭغا ئۇدۇل جاۋاب بەرمەستىن، ئۇنىڭغا ئىككى ئىت بېرىپتۇ.

— هازىر ئۇلارنى ساڭا تامامەن تاپشۇردۇم، سەن هازىر ئۇلارنىڭ تەڭرىسى! — دەپتۇ تەڭرى. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىشى ئىككى ئىتقا بىر نەچچە كۈن «تەڭرى» بوپتۇ.

ئىككى ئىتنىڭ بىرى چوڭ، بىرى كىچىك، بىرى ئورۇق، بىرى سېمىز، بىرى قاۋۇل، بىر ئاجىز ئىكەن. چوڭ ئىت تۇغما كۈچلۈك، ئىشتىهاسى چوڭ بولغاچقا، ئۇنى بېقىپ كېتەلمەي يېرىك ئاشلىق بېرىپتۇ؛ كىچىك ئىت تۇغما ئاجىز، ئوزۇقلۇق يېتىشمىگەن بولغاچقا، بىر نەرسە يېگەندە تېخى ئىشتىهاسى تۇتۇلۇپ قالىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىشى كىچىك ئىتنىڭ ئۆلۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى مەخسۇس گۆش، سۈت بىلەن بېقىپتۇ. چوڭ ئىت گۆش بىلەن سۈتنىڭ هىدىنى ئېلىپ، قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ يېقىن كەلسە، ئۇ غەزەپ بىلەن:

— يوقال، ئاچپاقا! — دەپ قوغلايدىكەن. ئۇ چوڭ ئىتنى تىللاۋېتىپ، تۇيۇقسىز بىر هەقىقەتنى چۈشەنگەندەك بوپتۇ.

دەرۋەقە، ئۇ تەڭرىنىڭ بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپتۇ. تەڭرىنىڭ ئادىللىقى بارلىق جانلىقلارنى ھاياتىي كۈچكە تولدۇرۇشتا ئىكەن. ئۇ ئىنسانلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىگەندە، ھەممەيلەنگە ئوخشاش كۆپ ئېرىشىشنى ئەمەس، بەلكى كۆپ ئېرىشىشكە تېگىشلىكلەرگە كۆپ ئېرىشتۈرۈشنى بېكىتىپتۇ. ئادەمنىڭ تۇغما قابىلىيىتى يۇقىرى ـ تۆۋەن، بەدەن ساپاسى كۈچلۈك ـ ئاجىز بولىدىغان بولغاچقا، تەڭرى ھەمىشە تۇغما ئاجىز، ئوزۇقلۇق يېتىشمىگەنلەرنىڭ ئۆلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇلاردىن ئالدىن خەۋەر ئالىدىكەن؛ جىسمانىيىتى تۇغما تولۇق، ئوزۇقلۇق يېتەرلىك بولغانلارغا ئالاھىدە قاراپ ئولتۇرمايدىكەن.

ئانىلارغا سۆز: تەڭرىنىڭ سىزگە بولغان ئادىلسىزلىقى بەلكى ئەڭ زور دەرىجىدىكى ئادىللىقى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى تەڭرى سىزگە ساغلام تەن ئاتا قىلدى، بەردەم قىلدى، شۇڭا سىز تەڭرىنىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېھتىياجلىق ئەمەس، شۇنداقتىمۇ ناھايىتى ئوبدان ياشاپ كېتەلەيسىز.

ئەگەر ئائىلىڭىزدە بىردىن ئارتۇق بالا بولسا، ئۇلار ئارىسىدىكى ئوخشاشماسلىقنى بايقاشنىڭ ناھايىتى قىزىقارلىق ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز. لېكىن ئىككى بالىنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئاتا ـ ئانا بولغۇچى ياۋاشراق، ئانچە كۆپ غەم يېگۈزمەيدىغان بالىدىن كۆرە، سەل سەزگۈررەك، تېخىمۇ كۆپ كۆيۈنۈشكە موھتاج بالىغا مېھرىنى

كۆپرەك بېرىدۇ. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن، غەم يېگۈزمەيدىغان بالىغا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نېمىشقا يەنە بىر بالىغا بەكرەك كۆيۈنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش، ئارقىدىن مۇمكىن بولغان ئەھۋالدا، تېخىمۇ ياۋاش، لېكىن ئاتا ـ ئانا مېھرى كەمچىل بالىغا مېھرىنى بېرىشى كېرەك. بۇ ئانچە مۇرەككەپ ئىش ئەمەس، مەسىلەن: ۋاقىت چىقىرىپ ئۇنىڭغا يالغۇز ھەمراھ بولۇش، ئۇنىڭ بىلەن ئويۇن ئويناش، تاماق يېيىش، بىللە ئۇخلاش قاتارلىقلار. بۇنىڭدا بالىنىڭ قەلبى ھارارەتتىن ئىللىيدۇ. ئۇنى ئازراق سۇغىرىپ قويسىلا، مۇھەببەت ئۇرۇقى چوقۇم بىخلىنىدۇ.

## ۋەدە

ئۇ ياندۇرقى يىلى قىشتا بولغان ئىش. شۇ چاغدا بۇرۇنقى تۇرۇۋاتقان ئۆيۈمدىن ئايرىلىپ، باشقا جايدىن يېڭى ئۆي ئىجارىگە ئالغاندىم. قوشنا ئۆيدە بىر جۈپ ئەر - خوتۇن بىلەن بىر قىزچاق تۇراتتى.

نەرسە - كېرەكلىرىمنى يۆتكەۋاتقان چاغدا، ھېلىقى قىزچاق كىتابلىرىمنى كىتاب جازىسىغا تىزىش، ئۈستەللەرنى پاكىز سۈرتۈش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىشىپ، ماڭا خېلى ياردەملەشتى، ئارقىدىن ئۇ كومپيۇتېرىمغا ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى. ئاخىرىدا ئۇ مەندىن تارتىنىپ تۇرۇپ:

— ئاچا، بۈگۈندىن كېيىن ئۆيىڭىزگە كىرىپ كومپيۇتېر ئۆگەنسەم بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بولىدۇ، لېكىن بۈگۈن بولمايدۇ، چۈنكى جىددىي ئىشىم بار ئىدى، ھازىرلا سىرتقا چىقمىسام بولمايدۇ، — دېدىم مەن.

— ئەمىسە قاچان قايتىپ كېلىسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ يەنە.

— ئەتە، — دەپ مۇنداقلا جاۋاب بېرىپ قويدۇم مەن.

ئەتىسى ئىشلىرىمنى جايىدا بېجىرەلمىدىم. ئىش تۈگىگەن

ۋاقىتتا خېلىلا كەچ بولۇپ كەتكەنىدى. ئۆيۈمگە قايتىپ كېتىشكە ھوروُنلۇق قىلىپ، دوستۇمنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدىم.

ئۈچىنچى كۈنى ئۆيگە قايتىپ بېرىپ، ھېلىقى قىزچاقنىڭ كومپيۇتېر ئۆگىنىدىغان ئىشىنى ئېسىمگە ئالدىم، بىراق، ئۇ مېنى ئىزدەپ كەلمىدى.

تۆتىنچى كۈنى ئۇنى ئۇچرىتىپ قالدىم، ئۇ قارىماققا ئاغرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

— ئاچا، گېپىڭىزدە تۇرمايدىكەنسىز، ئەتە قايتىپ كېلىمەن دەپ قويۇپ نېمىشقا قايتىپ كەلمەيسىز؟ ئىككى كۈندىن بۇيان ئىشىڭىز ئالدىدا بەك ساقلاپ كەتتىم.

ئۇ گەپ قىلغاندا بۇرنىنى تارتىپ قوياتتى، چىرايىدىن قىينىلىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. دەرۋەقە، ئۇ مېنى ساقلاپ، سوغۇقتا زۇكام بولۇپ قالغانىكەن.

— ئىشىم چىقىپ قالغانىدى، — دېدىم مەن خىجىل بولۇپ. بالا ماڭا شۇنداق ئىشەنگەن يەردە، ئۇنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويغانىدىم.

بالىنىڭ ئاپىسىنىڭ دېيىشىچە، بۇ بالا كومپيۇتېر ئۆگىنىش ئۈچۈن مېنى ساقلايمەن دەپ، ھەر كۈنى خېلى كەچتە قايتىپ كېلىدىكەن. ئۇلار ھەرقانچە چاقىرسىمۇ ئۇنىماپتۇ، ئاخىرىدا زۇكام تېگىپ يېتىپ قاپتۇ. دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ بىر كۈن ئاسما ئوكۇل سالدۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن ھازىرقىدەك ھالەتكە كەپتۇ.

مەن لام ـ جىم دېيەلمىدىم. سەۋەنلىكىمنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ داۋالىنىش خىراجىتىنى تۆلەپ بېرەي دېۋىدىم، رەت قىلىندىم.

ماڭا ئايان، ئاگسىز رەۋىشتە سادىر بولغان بۇ سەۋەنلىكتە، چوقۇم بەزى قىممەتلىك نەرسىلەر ۋەيران قىلىندى. ھالبۇكى، بۇ بۇزۇلغان نەرسىلەرنى تىل ياكى پۇل ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايتتى.

ئانىلارغا سۆز: بالا باشقىلارنىڭ ھالىغا يەتمەيدىغان، ئەدەپسىزلىك قىلىدىغان ياكى دۇكاندىكى ئويۇنچۇق، يېمەكلىكلەردىن مېھرىنى ئۈزەلمەيدىغان ھەتتا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سۆزىگە «قەستەن» قارشىلىق قىلىدىغان بولۇپ قالغان ۋاقىتتا، ئاتا ـ ئانا بولغۇچى كۆپىنچە ھەيران قالغان ھالدا: «بالىمىز قانداقسىگە بۇنداق ئۆزگىرىپ كەتكەندۇ؟» دەپ ئويلايدۇ ـ يۇ، سەۋەبىنى ئۆزىدىن ئىزدەشكە ئېتىبارسىز قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بالا ئاتا ـ ئانىنىڭ ئەينىكى، بالىدىكى مەسىلە ئاتا ـ ئانىدىكى مەسىلىنىڭ سايىسى. ئاتا ـ ئانىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ھەرىكەتلىرىنىڭ تەسىرى ئۇلارنىڭ بالىغا قىلىدىغان «مۇنتىزىم تەربىيەسى» گە قارىغاندا كۈچلۈك بولىدۇ.

بالا تەربىيەلەش ئىنتايىن جاپالىق، يەنە كېلىپ ئېرىنىڭ ئۆيىدىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق ئىشلار تۇپەيلىدىن، نۇرغۇن ئانا ھالسىزلىنىپ

قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. قۇرامىغا يەتكەن كىشىلەرگە ئايانكى، كۈنبويى قاپىقى ئېچىلمايدىغان كىشى بىلەن بىللە ئۆتسە، يامان كەيپىياتلار يۇقۇپ قالىدۇ. لېكىن نۇرغۇن ئانا زىيادە ئەندىشە قىلىپ، غەمكىنلىك ئىچىگە چۆكۈپ يۈرىدۇ. بۇنداق ئانىنىڭ قۇچىقىدا چوڭ بولۇۋاتقان بالا قانداقمۇ ئوچۇق - يورۇق، ساغلام خاراكتېرلىك بالا بولالىسۇن؟

ئاتا - ئانىلار يەنە بالىنىڭ دوستى بولۇشى كېرەك. گەرچە بالا كىچىك بولسىمۇ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتەلەيدۇ ھەم بۇنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىدۇ. شۇڭا ئاتا - ئانىنىڭ سۆز - ھەرىكىتى بىردەك بولۇشى، بالىسىنى كىچىكىدىن باشلاپلا لەۋزىدە تۇرىدىغان قىلىپ تەربىيەلىشى كېرەك.

# قەبرە تېشى

كانزاس ئىشتاتىنىڭ ھىياۋادا شەھىرىدىكى خوپ تېغى دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەبرىستانلىقتا بىر نەچچە غەلىتە قەبرە تېشى چوقچىيىپ تۇرىدۇ. ئۇنى دەيۋىس ئىسىملىك قورۇق قول ئىگىلىك تىكلىگەن بىر دېھقان تىكلىگەن. دەيۋىس دەسلەپتە كىرىمى ئىنتايىن تۆۋەن ئىشچى بولۇپ، كېيىنچە ئۆزىنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىرادىسى ۋە تېجەشچان بولۇش ئادىتىگە تايىنىپ، ئاخىر نۇرغۇن مال ـ دۇنيا توپلىغان. ھالبۇكى بۇ جەرياندا، بۇ دېھقان كۆپ دوست تۇتمىغان، خوتۇنىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەنمۇ يېقىن ئۆتمىگەن، چۈنكى ئۇلار دەيۋىسنى خوتۇنىغا پەقەتلا لايىق كەلمەيدۇ، دەپ قارىغان ئىكەن. ئۇ شۇ ئاچچىقىدا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ھېچقانداق پۇل بەرمەسلىك قارارىغا كەلگەن.

دەيۋىس خوتۇنى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئاتاپ ناھايىتى نەپىس بىر قەبرە تېشى تۇرغۇزغان. ئۇ ھەيكەلتىراشنى تەكلىپ قىلىپ، قەبرە تېشى ئۈستىگە ئۆزى ۋە خوتۇنىنىڭ يېرىم بەدەن ھەيكىلىنى تۇرغۇزغان. ئۇ بۇ ھەيكەلدىن ئىنتايىن رازى بولغان ھەمدە يەنە بىرنى ياساشنى بۇيرۇغان. بۇ قېتىمقى

ھەيكەل ئۇ خوتۇننىڭ قەبرىسى ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا گۈلچەمبىرەك قويۇۋاتقان ھالەتتە ئىكەن. ئىككىنچى ھەيكەل ئۇنى بەك خۇش قىلىۋەتكەچكە، ئۇ يەنە ئۈچىنچى ھەيكەلنى ياساشنى قارار قىلغان، لېكىن بۇ قېتىمقىسى خوتۇنى ئۇنىڭ كەلگۈسىدىكى قەبرىسى ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ گۈلچەمبىرەك قويۇۋاتقان ھالەتتە ئىكەن، لېكىن خوتۇنى ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەچكە، ئۇ ھەيكەلتىراشقا خوتۇنىنىڭ دۈمبىسىگە بىر جۈپ كىچىك قانات بېكىتىپ قويۇشنى تەلەپ قىپتۇ، بۇنىڭدا خوتۇنى قارىماققا پەرىشتىدەك كۆرۈنىدىكەن. ھەيكەللەر كەينى - كەينىدىن ياسىلىۋېرىپ، دەيۋىس ئۆزى ۋە خوتۇنىنىڭ قەبرە تېشى ئۈچۈنلا 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىدىن ئارتۇق پۇل خەجلەپ بوپتۇ.

شەھەردىكى كىشىلەر ئۇنى بەزى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىغا (مەسىلەن: دوختۇرخانا، باغچە، ئۆسمۈرلەر سۇ ئۈزۈش كۆلى، شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسى قۇرۇش) قاتنىششقا تەكلىپ قىلسا، بۇ پۇلپەرەس قېرى قاپاقلىرى تۈرۈلگەن ھالدا، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ: «بۇ شەھەر ماڭا نېمە قىلىپ بەردى؟ مەن ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە قەرزدار ئەمەس!» دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ.

دەيۋىس مال - دۇنياسىنى قەبرە تېشى ۋە ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ئىستېمالىغا خەجلەپ تۈگەتكەندىن كېيىن، 92 يېشىدا بىر ياشانغانلار ساناتورىيەسىدە سوغۇق تەلەتى بىلەن جان ئۈزدى.

سۆزلىسەك قىزىق، ئۇنىڭ ھەيكەللىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كانزاسنىڭ تۇپرىقىغا چۆكۈپ، ۋاقىتنىڭ قۇربانىغا ئايلاندى. ئۆچ ـ ئاداۋەت بىلەن يۇغۇرۇلغان بۇ خاتىرە تېشى ئۆزىنى مەركەز قىلىۋالىدىغان، كىشىگە ئىللىقلىق ئاتا قىلمايدىغان ھاياتقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن، بۇ خاتىرە تاشلار بىر قانچە يىللاردىن كېيىن ئاخىر يوقاپ كېتىدۇ.

دەيۋىس ئەپەندىنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشقانلار كۆپ بولماپتۇ، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە بىرلا ئادەم، يەنى ئۇنىڭغا قەبرە تېشى سېتىپ بەرگەن خېرۇس ئىنگلاند ئىسىملىك مال ساتقۇچىلا قايغۇرغان ئىكەن.

ئانىلارغا سۆز: ئەگەر ئائىلىدە بىرلا بالا بولسا، بۇ بالا ناھايىتى ئاسانلا ئاتا ـ ئانىسى، بوۋا ـ مومىلىرىنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىگە ئېرىشىدۇ، زىيادە ئەركىلىتىش بالىنى يادرولۇق ئورۇنغا چىقىرىپ قويۇپ، ئۇ ئائىلە ئەزالىرىغا بۇيرۇق چۈشۈرىدىغان، نېمىلا ئىش قىلسا ھەقلىقتەك ھېس قىلىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالىدۇ. بۇنداق بالىلار جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن كۆنەلمەسلىكى مۇمكىن. ئەگەر ئۆيدە بىردىن ئارتۇق بالا بولسا، مېھىر ـ مۇھەببەت مەنبەسىنى تالىشىدىغان رىقابەت پەيدا بولىدۇ.

ئىككى ياش ئەتراپىدىكى بالىلاردا كۈچلۈك ئۆزلۈك ئېڭى پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ، ئۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى: باشقىلار ئۇنىڭ ئويۇنچۇقلىرىنى تۇتۇپ قويسا، «چېقىلما، بۇ مېنىڭ»

دەيدىغان ئىنكاس تۇنجى بولۇپ پەيدا بولىدۇ. لېكىن ئۇ بالىلار باغچىسىغا كىرگەندىن كېيىن، بالىلاردا تەڭ بەھرىلىنىش، نۆۋەت بويىچە بەھرىلىنىش، مەردلىك قىلىش قاتارلىق ئىپادىلەر پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ.

بالىلارغا بىر خىل مېھىر - شەپقەت ئىدىيەسىنى سىڭدۇرۇش لازىم. ئالدى بىلەن (بۇ مۇھىمى) ئۆزىمىز ياخشى ئۈلگە تىكلىشىمىز كېرەك. ئۆي - ماكانسىز قالغانلارغا ئىئانە بېرىش ياكى ئاغرىپ قالغان قوشنىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش قاتارلىق ھەرىكەتلەر ئارقىلىق بالىلارغا مېھرىبانلىقنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ تۇغما تەبىئىتى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك. ئەگەر شارائىت يار بەرسە، بالىلارنى ئېلىپ خالىس ئەمگەككە قاتنىشىش، ئۇلارنى خەير - ساخاۋەت ئورگىنىغا پۇل ئىئانە قىلغۇزۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە تەشكىللەپ، ئىدىيەسىدىكى مېھىر - شەپقەت ئۇقۇمىنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

# ئىرادە يېتىلدۈرۈش

بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى ئاجىز ھېس قىلىپ، داڭلىق بىر پسىخىكشۇناستىن مەسلىھەت سورىدىغىلى كەلدى. بۇ پسىخىكشۇناس يازغان «ئىرادىنى قانداق يېتىلدۈرۈش كېرەك؟» ناملىق كىتابىنىڭ بازىرى ناھايىتى ئىتتىك ئىدى.

پسىخىكشۇناس بالىنىڭ ئەھۋالىغا دىياگنوز قويغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بەزى ئۇنۇملۇك ئۇسۇللارنى ئېيتىپ بەردى ھەمدە بۇ ئۇسۇلنىڭ قەدەم - باسقۇچلىرىنى قەغەزگە يېزىپ بەردى. بالا كېتىدىغان چاغدا، ئۇنىڭغا يەنە ئۆز قەلىمى بىلەن ئىمزا قويغان «ئىرادىنى قانداق يېتىلدۈرۈش كېرەك؟» ناملىق كىتابتىن بىرنى سوۋغا قىلدى ھەمدە ئۇنىڭغا بۇ كىتابنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۈچ قېتىم ئوقۇشنى، قەدەم - باسقۇچلار بويىچە مەشىق قىلىشتا چىڭ تۇرۇشنى تاپىلاپ، ئىككى ئايدىن كېيىن ئۇنۇمى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئىككى ئايدىن كېيىن، بۇ ئوقۇغۇچى يەنە ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— مەشىقىڭ قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى پسىخىكشۇناس

ئۇنىڭدىن.

— ھېچقانداق ئۇنۇمى بولمىدى.

— نېمىشقا ئۇنۇمى بولمىدى؟ — دېدى پىسخىكىشۇناس ھەيران بولۇپ.

— چۈنكى مەن قەيەردىن باشلاپ قول سېلىشنى بىلەلمىدىم.

— بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ ساڭا سوۋغا قىلغان كىتابتا ھەممىسى ئېنىق يېزىلغان، يەنە تېخى ساڭا مەخسۇس تەپسىلىي قەدەم - باسقۇچلارنى يېزىپ بەرگەنىدىمغۇ؟

— شۇنداق، لېكىن سىز ئىمزا قويۇپ بەرگەن كىتاب كەم تېپىلىدىغان بولغاچقا، بىر ساۋاقدىشىم بەش ھەسسە باھا قويۇۋېدى، كىتابنى ئۇنىڭغا سېتىۋەتتىم.

پىسخىكىشۇناس قاتتىق چۆچۈپ كەتتى ھەمدە يۇلىنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى ئىرادىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ مەركىزىي مەزمۇنى قىلغان ھالدا، كىتابقا قايتىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈش قارارىغا كەلدى.

ئانىلارغا سۆز: ھەممىمىز ئادەتتىكى تۇرمۇش ئىچىدە ياشايدىغان كىشىلەر، بۇنداق چاكىنىلىقتىن ھەقىقىي تۈردە قۇتۇلۇپ چىقىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. پەقەت ئەۋلىيالارلا بۇ جاھاندىكى چاكىنىلىقلاردىن تامامەن خالىي بولالايدۇ.

مەن بالىلارنىڭ تاشقى دۇنيادىن ئايرىلىپ ياشىشىنى تەۋسىيە قىلمايمەن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە جەمئىيەتكە ماسلىشالماي، قۇچىقىمدىلا ياشىشىنى خالىمايمەن. لېكىن قانداق

قىلغاندا كىشىلىك تۇرمۇشتا ئاخىرقى چەكنى ساقلاپ قالغىلى، ۋىجدانىغا يۈز كەلگىلى، ئۆكۈنۈشسىز ياشىغىلى بولىدۇ؟ بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىشكە ئامالسىزمەن، لېكىن ھېچبولمىغاندا بىر نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، باللار ئۆيدە بولغان ياكى جەمئىيەتكە چىققاندىكى ۋاقىتلاردا بولسۇن، ئۇلارغا نېمىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك.

# نىقابلىنىش بايرىمىدىكى يامغۇر

شەنبە كۈنىدىكى نىقابلىنىش بايرىمىدا، ئاپىسى دى دىغا چىرايلىق چەۋەنداز كىيىمى بىلەن نىقاب ئېلىپ بەردى، دى دى ئاشۇ كۈنى قوشنىلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قەنت ـ گېزەك يىمەكچى بولغانىدى. ئۇ ھەرقايسى ئۆيلەرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئېسىلغان كاۋا چىراغ ۋە نىقابلىنىش كىيىملىرىنى كۆرۈپ، باشقا بالىلارغا ئوخشاشلا قاتتىق ھاياجانلاندى. ئەرۋاھ بايرىمى كۈنى ئەتىگەندە، ئاپىسى بالىلار كەلگەندە ئۇلارغا بېرىش ئۈچۈن قەنت ـ گېزەكلەرنى تەييارلاپ، ئىشىك يېنىغا قويۇپ قويدى، دى دىنىڭ نىقابى بىلەن چەۋەنداز كىيىمىنىمۇ تەييارلاپ قويدى. لېكىن قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغان چاغدا، تۇساتتىن ھاۋا ئۆزگىرىپ، قار ئارىلاش يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. دى دى دېرىزىگە چىقىۋېلىپ، سىرتقا بىر دەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن كېلىپ ئاپىسىدىن سورىدى:

ـــ ئاپا، يامغۇر توختامدۇ؟

ئاپىسى دى دىنىڭ قەنت ـ گېزەك يىگىلى بارالمىسا قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ:

— يەنە بىر ئاز ساقلاپ باقايلى، بەلكىم توختاپمۇ قالار، — دېدى.

بىراق يامغۇر كەچلىك تاماقنى يەپ بولغاندىمۇ توختىمىدى، توختاشتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. دى دى كۆز يېشى قىلىشقا باشلىدى. ئاپىسى ئۇنىڭ ھالىدىن ئازابلىنىپ، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ قۇچاقلىدى:

— بىلىمەن، بىئارام بولۇۋاتىسەن، لېكىن بۇنىڭغا نېمە ئامال، ھېلىمۇ ياخشى بۇ بايرام ھەر يىلى كېلىدۇ، بۇ يىل بولمىسا كېلەر يىلدىكى بايرامنى ساقلايلى، بولامدۇ؟

— كېلەر يىلى؟ ئۇنىڭغا يەنە توپتوغرا بىر يىل بار تۇرسا.

— شۇنداق سۆيۈملۈكۈم، بىلىمەن. بۈگۈن يامغۇر يېغىپ كېتىپ بەك يامان بولدى.

— بولدى، يىمەيتىمەن بولدى، — دى دىنىڭ بىردىنلا تەرسالىقى تۇتۇپ قالدى. ئاپىسى ئۇنىڭ ھالىدىن بەك ئازابلاندى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ دى دىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ۋەدە بەردى:

— دى دى، ئەتە سېنى ئويۇنچۇق دۇكىنىغا ئېلىپ باراي، ئۆزۈڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئويۇنچۇقنى تاللىۋالغىن، قاندىقى بولسا بولىۋېرىدۇ.

ئانىلارغا سۆز: بىر بالىغا نىسبەتەن، ھاۋانىڭ ئۆزگىرىپ قېلىشى سەۋەبىدىن نىقابلىنىش بايرىمىدىكى پائالىيەتكە قاتنىشالماسلىق ھەقىقەتەن كىشىنى بىئارام قىلىدۇ. لېكىن دى

دىنىڭ بىئاراملىقىنى ئاپىسىنىڭ ھېسداشلىقى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. ئەگەر بالىغا ئىچ ئاغرىتىۋاتقانلىقىمىزنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويساق، ئۇ ئۆزىنى بىچارە ھېس قىلىپ، ئۆزىگە تېخىمۇ ئىچى ئاغرىيدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ تېخىمۇ ئاجىز، غەيرەتسىز بولۇپ كېتىدۇ. ئاپىسى ئوتتۇرىغا قويغان ئورنىنى تولدۇرۇپ بېرىش ئۇسۇلى دى دىدا، تۇرمۇشتا يولۇققان ھەر قانداق ئۈمىدسىز ئەھۋاللارغا قارىتا باشقىلار ئۇنىڭغا تولۇقلاپ بېرىشى كېرەكتەك بىر ئۇقۇمنى شەكىللەندۈرۈپ قويغان. ئەگەر ھەرقانداق بىر ئىش ئۇنىڭ ئارزۇسى بويىچە بولمىسا، دى دى خۇددى تۇرمۇش ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلىۋاتقاندەك، يامانلىق قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالغان.

ئاپىسى دى دى بۇنداق قاتتىق زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ بۇ پوزىتسىيەسى ئەمەلىيەتتە دى دىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. ئاپىسىنىڭ دى دىنى بەك ئاجىز، تۇرمۇشتىكى زەربىلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ دەپ قارىشى، ئەمەلىيەتتە دى دىدا ئۆزىگە بولغان خاتا تونۇشنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ. ئۇ بۇنداق كۈچلۈك زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەيمەن، دەپ قارايدۇ.

ۋاھالەنكى، ئەگەر بالىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتمىساق، ھېسداشلىق قىلمىساق، بالا ئۈمىدسىز رېئاللىقنى قانداق قوبۇل

قىلىشنى ئۆگىنىپ، كەيپىياتىنى تەڭشىيەلەيدۇ. ئەگەر ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بۇ خىل ئۈمىدسىز ئەھۋالغا تەمكىن مۇئامىلە قىلسا، بالىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىپ، ئۈمىدسىزلىكنى ئاسان قوبۇل قىلىپ، يېڭى ئۈمىدلەرنى كۈتۈۋالايدۇ.

# مەن يەنە قايتىپ كېلىمەن

ئامېرىكىلىق داڭلىق رىياسەتچى لىنكېرايت بىر كۈنى بىر كىچىك بالىنى زىيارەت قىلىپ ئۇنىڭدىن: «چوڭ بولغاندا نېمە بولىسەن؟» دەپ سورىدى. «ئۇچقۇچى بولىمەن» دەپ جاۋاب بەردى بالا ساددىلىق بىلەن. لىنكېرايت يەنە ئۇنىڭدىن: «ئەگەر بىر كۈنى، سەن ھەيدەۋاتقان ئايروپىلاننىڭ موتورى تىنىچ ئوكيان ھاۋا بوشلۇقىغا كەلگەندە تۇيۇقسىز ئۆچۈپ قالسا، قانداق قىلىسەن؟»دەپ سورىدى. بالا ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن: «ئالدى بىلەن ئايروپىلاندىكى كىشىلەرگە بىخەتەرلىك تاسمىسىنى چىڭ باغلىۋېلىشنى ئېيتىمەن، ئاندىن پاراشوتىمنى باغلاپ ئايروپىلاندىن سەكرەيمەن»، نەق مەيداندىكى تاماشىبىنلار بۇ جاۋابتىن ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈشۈپ كەتتى. بۇ چاغدا، ئويلىمىغان يەردىن بالىنىڭ كۆزىدىن ئىككى تارام ياش ئېقىپ چۈشتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن لىنكېرايت بالىدىن: «نېمىشقا بۇنداق قىلىسەن؟» دەپ سورىغاندا، بالا «مەن يېقىلغۇ ئالغىلى بارماقچىدىم، مەن يەنە قايتىپ كېلەتتىم» دېدى ئۆزىنىڭ ساددا خىيالىنى ئاشكارىلاپ.

شۇ دەقىقىدە، پۈتكۈل مەيدان سۈكۈناتقا چۆكتى، لىنكېرايت-نىڭ كۆزلىرىدىمۇ ياش تامچىلىرى لىغىلداپ قالدى.

ئانىلارغا سۆز: بالىلارمۇ چوڭلارغا ئوخشاشلا چۈشىنىشكە، باشقىلارنىڭ سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىشىغا موھتاج. بالىلار ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە تەپەككۇرى تېخى پىشمىغان بولغاچقا، نورمال لوگىكىغا زىت تەپەككۇرلارنى قىلىپ سالىدۇ. شۇڭا بالىلارنىڭ بەزىدە: «سىلەر ھەمىشە مېنى ياخشى ئۆگىنىپ، كەلگۈسىدە ئالىم، مۇتەخەسسىس بول دەيسىلەر. لېكىن سىلەر نېمىشقا ئالىم، مۇتەخەسسىس بولمىدىڭلار؟»، «چوڭلارمۇ ئادەم، بالىلارمۇ ئادەم تۇرسا، نېمىشقا دائىم سىلەرنىڭكىنىلا ئاڭلايدىكەنمىز، نېمىشقا بىزنىڭ سۆزلىرىمىزنىمۇ ئاڭلاپ قويمايسىلەر؟» دەپ سورىشىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئاتا ـ ئانىلار بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغان ۋاقىتتىكى تۇنجى ئىنكاسى ئاچچىقلىنىش ياكى ئەقلىگە سىغدۇرالماسلىق بولىدۇ. ھالبۇكى بالىلارنىڭمۇ ئىشى ئوڭغا تارتمىغان، كۆڭلى ئازار يەيدىغان ۋاقىتلىرى بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىنىڭ غەمخورلۇقى، تەسەللىسى ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقنى يېڭىشىدىكى كۈچلۈك تىرەكتۇر.

بالىلارنىڭ دۇنياسى چوڭلارنىڭكىدىن كۆپ پەرقلىق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشىنى چوڭلارنىڭ دۇنياسىدىكى لوگىكا ۋە ئۇسۇل بىلەن بىر تەرەپ قىلساق بولمايدۇ. بالىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندا، ئۆزىڭىزدىن: «ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى راست چۈشەندىممۇ؟» دەپ سوراپ بېقىڭ، ئەگەر چۈشەنمىگەن بولسىڭىز، ئۇنىڭ گېپىنى ئاخىرىغىچە ئاڭلاڭ. چۈشەنمىگەن بولسىڭىزمۇ، ئۆزىڭىزنىڭ ئىدىيەسىنى ئۇنىڭغا مەجبۇرىي تاڭماڭ.

# ئىككى كىچىك ئاق چاشقان

بىر قوزۇلۇش شىركىتىنىڭ دىرېكتورى تۇيۇقسىز ئىككى كىچىك ئاق چاشقان سېتىۋالغانلىق توغرىسىدىكى ھېسابات تالونىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ناھايىتى غەلىتىلىك ھېس قىپتۇ. ئەسلىدە، بۇ ئىككى ئاق چاشقاننى ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بىرەيلەن سېتىۋالغان ئىكەن. ئۇ بۇ كىشىنى چاقىرىپ كېلىپ، بۇ چاشقانلارنى نېمىشقا سېتىۋالغانلىقىنى سوراپتۇ.

بۇ كىشى مۇنداق دەپتۇ: «ئۆتكەن ھەپتە شىركىتىمىز رېمونت قىلماقچى بولغان ھېلىقى ئۆيگە يېڭىدىن توك سىمى تارتىشقا توغرا كەلدى. توك سىمىنى ئۇزۇنلۇقى 10 مېتىر، لېكىن دىيامېتىرى ئاران 2.5 سانتىمېتىر كېلىدىغان تۇرۇبىدىن ئۆتكۈزمەكچى بولدۇق، لېكىن تۇرۇبا تامنىڭ ئارىسىغا ئېلىنىپ بولغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە تۆت جايدا ئەگمەچ ئورۇن بار ئىكەن. توك سىمىنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى بىلەلمەي، ئاخىرىدا مۇشۇ ئامالنى ئويلاپ تاپتىم. كېيىن مەن دۇكاندىن ئىككى ئاق چاشقان سېتىۋالدىم، ئۇلارنىڭ بىرى چىشى، يەنە بىرى ئەركەك ئىدى. مەن بىر تال يىپنى ئەركەك چاشقاننىڭ بەدىنىگە باغلاپ، تۇرۇبىنىڭ بۇ ئۇچىدا تۇتۇپ تەييار بولۇپ تۇردۇم. يەنە بىر

خادىم چىشى چاشقاننى تۇرۇبىنىڭ يەنە بىر ئۇچىغا ئاپىرىپ، ئۇنى ئۆيىنىپ چىرقىراتتى. ئەركەك چاشقان چىشى چاشقاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، تۇرۇبىنىڭ ئىچى بىلەن ئۇنى قۇتقۇزۇشقا ماڭدى. يېمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ سۆرۈلۈشكە باشلىدى، بۇ چاغدا مەن يېقا توك سىمىنى چېتىپ قويدۇم، شۇنىڭ بىلەن ئەركەك چاشقان توك سىمىنى سۆرەپ تۇرۇبىنىڭ يەنە بىر ئۇچىغا يېتىپ باردى، توك سىمىنى ئۆتكۈزۈش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.»

ئانىلارغا سۆز: پىكاسسو مۇنداق دېگەنىدى: «ھەربىر بالا بىر سەنئەتكار، بۇ يەردىكى ئاچقۇچ ئۇنىڭ چوڭ بولغاندىن كېيىن، سەنئەتكارغا خاس ئىلھامىنى ساقلاپ قېلىش ـ قالالماسلىقىدا.»

«نۇقسانى بار بالا يوق، بەلكى نۇقسانى بار تەربىيەلا بار»، ھەر بىر جانلىقنىڭ ئالاھىدە يوشۇرۇن قابىلىيىتى بولىدۇ. مائارىپنىڭ ۋەزىپىسى بولسا ھەربىر بالىنىڭ ئىجادكارلىقىنى قېزىپ چىقىشتىن ئىبارەت. ھالبۇكى، ھازىرقى مائارىپىمىز تۇرلۇك ـ تۈمەن خىل مىجەزلىك بالىلارغا نوقۇل ھالدىكى بىرلا ئۆلچەم بويىچە تەلەپ قويۇۋاتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بالىلارنىڭ تۇرلۇك يوشۇرۇن ئىقتىدارلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى چەكلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. كىشىلەر مائارىپتىن بالىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى ئەمەس، بەلكى بالىلاردىن مائارىپنىڭ ئۆلچىمىگە ئۇيغۇنلىشىشنى تەلەپ قىلىپ ئادەتلىنىپ قالغان. بالىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى بايقىغاندا، بالىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ. بالىنىڭ نۇقسانلىرىغا تىكىلىپلا

تۇرۇۋېلىش، ئۇنىڭ ئۆزىنى كەمسىتىش تۈيغۇسىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ.

ھەربىر بالا تالانت ئىگىسى. ئانىلار قىلىشقا تېگىشلىك ئىش باللارغا قانداقتۇر ئىقتىدار ھازىرلاپ بېرىش ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ تۇغما تالانتىنى جارى قىلدۇرۇش. بالىڭىزنىڭ تەڭداشسىز، مۇنەۋۋەر بالا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىڭ.

# خۇشال يۈرۈش بىر خىل ئادەت

بىر كۈنى سەھەردە شىنجېڭنىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى بىر كارخانىغا كۆرسقا قاتنىشىش ئۈچۈن بىر تاكسىغا چىقتىم. بۇ دەل قاتناشنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولغاچقا، ماشىنا ئۇزاق ماڭمايلا توسۇلۇپ قالدى. بۇ چاغدا ئالدىدا ئولتۇرغان شوپۇر تاقەتسىزلىنىپ ئۆھسىنىپ كەتتى. بۇنى ئاڭلاپ شوپۇر بىلەن پاراڭلاشقۇم كېلىپ قالدى:

— يېقىندىن بۇيان تىجارىتىڭىز ياخشىدۇ؟

— نېمىسىنى ياخشى دەيسىز؟ ھەممە يەردە كاساتچىلىق بولۇۋاتسا، بىزدەك تاكسى شوپۇرلىرىنىڭ تىجارىتى ياخشى بولاتتىمۇ؟ ھەر كۈنى ئون نەچچە سائەت قاترايمىز، تاپقان پۇلنىڭ تايىنى يوق، ئادەمنى تېرىكتۈرۈپ! — دېدى شوپۇر بىزار بولغان ئاھاڭدا.

بۇ گەپ شوپۇرنىڭ قۇلىقىغا خۇشياقمىغان ئوخشايدۇ، دەپ پاراڭ تېمىسىنى باشقا ياققا بۇرىدىم.

— لېكىن ماشىنىڭىز ناھايىتى ئازادە، كەڭتاشا ئىكەن. قاتناش توسۇلۇپ قالسىمۇ، ئادەمگە ئاراملىق بېغىشلايدىكەن...

— ئاراملىق بېغىشلارمىش، — دېدى شوپۇر گېپىمنىڭ

بىلگە تېپىپ، ـــ ئىشەنمىسىڭىز كۈنىگە 12 سائەت ماشىنىدا ئولتۇرۇپ بېقىڭە، يەنە ھۇزۇر ھېس قىلامدىكەنسىز.

كەينىدىنلا ئۇنىڭ گەپ خالتىسى ئېچىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى، ماشىنا باھاسىنىڭ يەنە چۈشۈشى كېرەكلىكى، جەمئىيەتنىڭ ئادىل ئەمەسلىكىدىن قاقشاپلا كەتتى. گەپ قىستۇرۇشقا پۇرسەت تاپالماي، ئامالسىز لام ـ جىم دېمەي ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم.

ئەتىسى يەنە شۇ ۋاقىتتا، باشقا بىر تاكسىغا چىقىپ قالدىم. لېكىن بۇ قېتىمدا ئالدىنقىسىغا تامامەن ئوخشىمايدىغان مۇئامىلىگە يولۇقتۇم. تاكسىغا چىقىشىم بىلەنلا، شوپۇر كۈلۈمسىرەش يېغىپ تۇرغان چىرايىنى بۇراپ، شادىمان ئاۋازدا مەندىن: «تىنچلىقمۇ، نەگە بارىسىز؟» دەپ سورىدى. كەم ئۇچرايدىغان بۇ ئىللىقلىقتىن قەلبىم شادلىققا تولۇپ، ئۇنىڭغا مەنزىلىمنى ئېيتىپ بەردىم. ئۇ «ماقۇل، چاتاق يوق» دېدى ـ دە، ماشىنىنى سىلىق قوزغاتتى. يەنە ئۇزاق ماڭمايلا ماشىنا توسۇلۇپ قالدى. بۇ چاغدا شوپۇر قولىنى رولغا قويغىنىچە، لەرزان بىر ئاھاڭغا ئىسقىرتىشقا باشلىدى. روشەنكى، ئۇنىڭ كەيپى چاغ ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن: «بۈگۈن كەيپىياتىڭىز ياخشى ئوخشىمامدۇ؟» دەپ سورىدىم.

ئۇ ئاپپاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپ تۇرۇپ: «مەن ھەر كۈنى مۇشۇنداق، كەيپىياتىم ھەر كۈنى مۇشۇنداق ياخشى» دېدى.

ـــ نېمىشقا؟ ـــ دەپ سورىدىم مەن يەنە، ـــ كۆپچىلىكنىڭ

ھەممىسى ھازىر كاساتچىلىق بولۇۋاتىدۇ، خىزمەت ۋاقتى ئۇزۇن، كىرىم كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس دەيدىغۇ؟

— توغرا، مېنىڭمۇ ئائىلەم، باقىدىغان خوتۇن ـ بالام بار، شۇڭا ھەر كۈنى 12 سائەتتىن ئارتۇق ماشىنا ھەيدەيمەن. لېكىن كۈنلىرىم ناھايىتى خۇشال ئۆتىدۇ، بۇنىڭدا مېنىڭ مەخپىيىتىم بار، — دېدى شوپۇر ۋە بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ، — دەپ بەرسەم مازاق قىلمايسىز، ماقۇلمۇ؟ — دېدى. مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.

— مەن ھەمىشە ئىشلارنى باشقا نۇقتىدا تۇرۇپ ئويلايمەن، مەسىلەن: يولۇچى توشۇشنى خۇددى خېرىدارلار پۇل تۆلەپ مېنى ئوينىتىشقا ئېلىپ چىققاندەك ھېس قىلىمەن. بۇگۈن ئەتىگەننى مىسالغا ئالساق، سىزگە ئۇچراپ قالدىم، سىز پۇل تۆلەپ مېنى ئويناتقىلى ئاپىرىسىز، بۇ ياخشى ئىش ئەمەسمۇ؟ مەنزىلگە بارغاندا، سىز ئىشىڭىزنى بېجىرىسىز، مەن يول بويى مەنزىرىلەردىن بەھرە ئالىمەن، ئاندىن بىر تال تاماكا چېكىۋېلىپ قايتىپ كېلىمەن. نەچچە كۈن ئىلگىرى بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقنى دۆڭخۇ سۇ ئامبىرىغا كۈننىڭ ئولتۇرۇشىنى تاماشا قىلغىلى ئاپاردىم. ئۇلار ماشىنىدىن چۈشكەندىن كېيىن، مەنمۇ چۈشۈپ بىر قاچا ئىسسىق بېلىق گۆشى كۆمىلىچى شورپىسى ئىچتىم، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە كۈننىڭ ئولتۇرۇشىنى كۆرۈپ بولۇپ قايتىپ كەلدىم. مەن بۇ يەرگە كېلىپ باقمىغان تۇرسام، ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقىلار ماڭا پۇل تۆلىدى دەڭە.

توساتتىن ئۆزۈمنى ناھايىتى تەلەيلىك ھېس قىلىپ قالدىم. ئەتىگەندىلا بۇ شەرەپكە ئېرىشتىم، ئالدىمدا ئولتۇرغان تەربىيە كۆرگەن شوپۇر بىلەن بىرلىكتە سەپەرگە چىقتىم، بۇ نېمىدېگەن قالتىس ئىش! كېيىن يەنە ئىشىم چىققاندا ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلىشىش ئۈچۈن، شوپۇر ئۇستامنىڭ تېلېفون نومۇرىنى ئېلىۋېلىش نىيىتىگە كەلدىم. ئۇ سۇنغان ئىسىم كارتوچكىسىنى ئېلىپ تۇرۇشۇمغا، ئۇنىڭ يانفونى سايراپ كەتتى. بىر كونا خېرىدارى ئايرودورۇمغا بارماقچى ئىكەن. ئەسلىدە ئۇنى ياقتۇرۇپ قالغان ئادەم مەنلا ئەمەسكەنمەن. ئىشىنىمەنكى، بۇ شوپۇرنىڭ خىزمەت پوزىتسىيەسى ئۇنىڭغا خۇشال كەيپىيات ئاتا قىلىپلا قالماستىن، يەنە نۇرغۇن سودا پۇرسىتى يارىتىپ بېرىدۇ.

ئانىلارغا سۆز: خۇشال يورۇش بىر خىل ئادەت. شارائىت قانداق ئۆزگىرىشىدىن قەتئىينەزەر، تەربىيە كۆرگەن كىشىلەرنىڭ شاد - خۇرام يورۇش پسىخىكىسى ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ. ئۇنىڭغا باشقا بىر خىل پوزىتسىيەدە مۇئامىلە قىلساق ھەمدە ئويۇن ئوينىغاندەك خۇشال كەيپىياتتا يۈزلەنسەك، ئۆزىمىزدىكى قېزىشقا بولىدىغان يوشۇرۇن كۈچنىڭ ناھايىتى زورلۇقىنى بايقايسىز.

بالىلارنى تەربىيەلەشمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش. ئانىلار كۈندىلىك تۇرمۇشتا بالا تەربىيەلەش جەريانىدا خىلمۇخىل قىزىقارلىق ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ، ئۆزىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى تونۇپ، ئۆزىنى تېخىمۇ مۇكەممەل ئانا، تېخىمۇ

جەلپكار، باشقىلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشەلەيدىغان ئايال قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ. ئىقتىساد كاسات، بالا كارغا يارىماس چىقىپ قالغان ھاللاردا، كەيپىيات تېخىمۇ كۆتۈرەڭگۈ بولۇشى كېرەك. باشقا ئانىلار بالىسىنىڭ مەسىلىسى ئۈچۈن بۇرنىنى تارتقۇدەك ھالى قالمىغان ۋاقىتتا، سىز يەنىلا جەلپكار ھالەتتە يۈرسىڭىز، بۇمۇ بىر خىل مۇۋەپپەقىيەت ئەمەسمۇ؟

# ئانا بىلەن قىزنىڭ كېلىشمى

قىزىم 13 ياشقا كىرگەن ۋاقىتتا، ياشلار ئارىسىدا ئالىپاساق بويالغان قىسقا يەڭلىك مايكا ۋە ئۇ يەر - بۇ يېرى يىرتىلغان، سۆكۈلگەن كاۋبوي ئىشتان كىيىش مودا بولدى. گەرچە كىچىكىمدە كىيىم سېتىۋالغۇدەك پۇل يوق كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولساممۇ، لېكىن بۇنداق يېتىمدىن چۈشكەن ھالەتتە كىيىم كىيىپ باقمىغانىدىم. بىر كۈنى، قىزىمنىڭ ئىشىك ئالدىدا يېڭى ئالغان كاۋبوي ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىنى لاي ۋە توپا بىلەن كۈچەپ سۈرتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىچىمدە: «تو‌ۋا، بۇ مەن يېڭىدىن ئېلىپ بەرگەن ئىشتان ئىدىغۇ، ئەجەب بىزەپ قىلغىلى تۇرۇپسەن!» دەپ ئويلاپ، ئىتتىك بېرىپ ئۇنى توسۇدۇم. ئاندىن «مەن كىچىك ۋاقتىمدا ئۇنداق نامرات تۇرمۇش كەچۈرگەنەي، سەن ھازىر كىيىم - كېچەكلەرنى بۇنداق ئاسرىماپسەنەي» دېگەندەك كونا مۇقامنى تو‌ۋلاپ چىقىپ، ئۇنىڭغا بىر مۇنچە ۋەزخانلىق قىلدىم. لېكىن بۇ بالا ۋاتىلداشلىرىمغا پەرۋامۇ قىلىپ قويماي، بېشىنى سالغىنىچە ئىشتاننى مەينەت قىلغىنى قىلغان ئىدى. ئۇنىڭدىن نېمىشقا يېڭى ئىشتاننى بۇنداق دەپسەندە قىلىدىغانلىقىنى سورىسام، ئۇ خۇددى قىلىۋاتقان ئىشى

يوللۇقتەك تەلەپپۇزدا:

— يېڭى كىيىمنى كىيەلمەيدىكەنمەن، قانداق؟ — دەپ جاۋاب بەرمەسمۇ.

— نېمىشقا كىيەلمەيدىكەنسەن؟

— كىيەلمەيمەن دېگەندىكىن كىيەلمەيمەن ـ دە، كونىراتقاندىن كېيىن ئاندىن كىيىپ سىرتقا چىقىمەن.

بۇ قانداق مەنتىقە بولۇپ كەتتى ئەمدى؟ يېڭى ئىشتاننى يېڭى پېتى كىيمەي، كونىرىتىپ ئەسكى لاتىغا ئايلاندۇرۇپ ئاندىن كىيىدىغان؟

ھەر كۈنى ئەتىگەندە، ئۇنىڭ ئۇستىبېشىغا بىر قۇر قاراپ چىقىپ: «ياسىنىۋالغان تورقۇتىغا قارىغىنە» دەپ خورسىنىپ قويىمەن. ئۇ ئۇچىسىغا دادىسىنىڭ كونا قىسقا يەڭ مايكىسىنى كىيىۋالغان، مايكىغا كۆك رەڭدە چېكىت ۋە سىزىقلار سىزىلغان ئىدى. كاۋبوي ئىشتاننىڭ ھالى تېخىمۇ بەتەر ئىدى، بېلى بەلدە ئەمەس، ساغرىسىغا توغرا كېلەتتى، يوتىلىرىنى سىقىپ كالىباساغىلا ئوخشىتىپ قويغانىدى. پۇچقىدا قىزىمنىڭ «پىششىقلىشى» ئارقىسىدا بىر مۇنچە «ساقال» لار پەيدا بولۇپ قالغانىدى.

ۋاھالەنكى، بىر كۈنى ئۇ مەكتەپكە كەتكەندىن كېيىن، توساتتىن بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدىم: «ھەر كۈنى ئەتىگەندە قىزىڭ مەكتەپكە مېڭىشتىن ئاۋۋال دەيدىغان گېپىڭ يادىڭدىمۇ؟ ‹ياسىنىۋالغان تورقۇتىغا قارىغىنا›، ئۇ مەكتەپكە بېرىپ،

ساۋاقداشلىرى بىلەن كۆنبويى ۋاتىلداپ توختىمايدىغان مۇتەئەسسىپ ئاپىلىرى توغرۇلۇق سۆزلەشكەندە، بۇ ئىشلىرىڭ ئۇنىڭغا تازا بولۇپ بېرىدۇ. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان باشقا قىزلارنىڭ قانداق كىينىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ باققانمىدىڭ؟ نېمىشقا بېرىپ كۆزۈڭنى ئېچىپ كەلمەيسەن؟»

شۇكۇنى، باشقا قىزلارنىڭ قانداق كىيىنىدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن، ماشىنا بىلەن ئۇنى ئالغىلى باردىم، نەتىجىدە باشقا قىزلارنىڭ كىيىنىشىنىڭ قىزىمنىڭكىگە قارىغاندا نەچچە ھەسسە «قورقۇنچلۇق» ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ئۆيگە قايتىپ كېلىۋېتىپ، «كاۋبوي ئىشتان ۋەقەسى» دىكى ئىنكاسىمنىڭ چەكتىن سەل ئېشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى بىلدۇردۇم. لېكىن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭغا شەرت قويۇۋالدىم:

— ھازىردىن باشلاپ مەكتەپكە بارغاندا ياكى دوستلىرىڭ بىلەن سىرتقا چىقىپ ئوينىغاندا قانداق كىينىسەڭ ئۆزۈڭنىڭ ئىختىيارى، مەن ئارىلاشمايمەن.

— ئەجەب ياخشى بولدى.

— بىراق مەن بىلەن چېركاۋغا بارغاندا، كوچا ئايلانغاندا ياكى چوڭلارنىڭ يېنىغا بارغاندا ياۋاشلىق بىلەن رەتلىك، چىرايلىق كىينىشىڭ كېرەك.

ئۇ ئۈنچىقمىدى، قارىغاندا ئويلىنىۋاتسا كېرەك. گېپىمنى داۋاملاشتۇردۇم:

— بۇنداق بولغاندا سەن يۈزدە بىر پىرسەنت يول قويغان بولىسەن، لېكىن مەن يۈزدە 95 پىرسەنت كەينىمگە چېكىنگەن بولىدىكەنمەن. ھېسابلاپ باقە، كىم زىيان تارتىدىكەن؟

ئۇ گېپىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆزلىرى چاقناپ كەتتى، ئارقىدىن قولۇمنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ:

— ئاپا، مۇشۇنداق بېكىتتۇق ئەمىسە، — دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ھەر كۈنى سەھەردە ئۇ ئۆيدىن خۇشال ھالدا چىقىدىغان، مەنمۇ ئۇنىڭ كىيىنىشىگە چىش يېرىپ بىر نېمە دېمەيدىغان، ئۇ مەن بىلەن سىرتقا چىققاندا ئۆزى بىلىپلا رەتلىك، سالاپەتلىك كىيىنىدىغان بولدى. بۇ كېلىشىم ئانا ـ بالا ئىككىمىزنى خۇشاللىققا يار قىلدى.

ئانىلارغا سۆز: «ھالڭ» توغرىسىدىكى ھېكايىلەر ئۆزۈلمەي داۋاملاشماقتا. بىراق بىز راستىلا خاتالاشتۇقمۇ؟ ئۆزىمىزنىڭ تەربىيە ئۇسۇلىمىز يۈزدە يۈز توغرىمىدۇ؟ ئىككى ئەۋلاد قوبۇل قىلغان تەربىيەنىڭ ھەممىسىلا توغرىمۇ؟ ياكى ئاتا ـ ئانا بولغۇچىنىڭ كۆز قارىشى جانلىقراق بولغىنى ياخشىمىدۇ ؟

ئاتا ـ ئانىلار بالا تېخى كىچىك، ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، ئۇبدان قاراپ، ياخشىراق تەربىيە بەرگەن تۈزۈك، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بالىلارنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق دۇنياسى بار، ئەگەر ئاتا ـ ئانا بالىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ بالىسىنى كۆزەتسە، چۈشەنسە، بالىنىڭ نۇرغۇن خىيال ۋە تەسىراتلىرىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالىدۇ، ھەتتا بەزى ئىشلاردا

بالىسچىلىك بولالمىغانلىقىنى بايقايدۇ.

ئاتا ـ ئانا بالىسىنىڭ قانداق جايدا كەتكۈزۈپ قويغانلىقى، خاتالىق سادىر قىلغانلىقىنى بايقىغاندا، ئالدىراپ نەسىھەت قىلماسلىقى، تەنبىھ بەرمەسلىكى، ئۆزىنى بالىسىنىڭ ئورنىغا قويۇپ، كۆيۈمچانلىق بىلەن بالىسىنىڭ ھالىغا يېتىشى كېرەك. بۇ، ئاتا ـ ئانا ئالدى بىلەن ئورۇنلاشقا تېگىشلىك ئىش. چۈشىنىش بولسىلا، ئاتا ـ ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدا ئەھمىيەتلىك سۆھبەتلەر تەبىئىيلا بولىدۇ؛ چۈشىنىش بولسىلا، ئاتا ـ ئانا دېيىشكە تېگىشلىك سۆزنى دېيەلەيدىغان، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلىدىغان بولىدۇ؛ شۇنداقلا چۈشىنىش بولسىلا، ئاندىن بالا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىدىغان بولىدۇ. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كەڭ قورساقلىق ۋە چۈشىنىش ئالاقىدىكى ئالتۇندەك مىزاندۇر، ئاتا ـ ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدا تېخىمۇ شۇنداق.

# ئۈچىنچى قىسىم

## مېنىڭ ئىسمىم

ئانا

# ئانىنىڭ جاۋابى

مۇنداق بىر مەسىلە بىر بالىنىڭ كاللىسىدىن پەقەت ئۆتمەيدىكەن: نېمىشقا پارتىدىشىم ئىمتىھاندا ھەمىشە بىرىنچى بولىدۇ - يۇ، مەن بىرىنچى بولۇشنى ئويلىساممۇ، سىنىپ بويىچە 21 - بولۇپ قالىمەن؟

ئۇ ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن ئاپىسىدىن سورىدى:

— ئاپا، مەن باشقا بالىلاردىن دۆتمۇ قانداق؟ مۇئەللىمنىڭ دەرسىنى ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش ئاڭلايمەن، تاپشۇرۇقنىمۇ ئوخشاش ئەستايىدىل ئىشلەيمەن، لېكىن نېمىشقا ھەمىشە ئۇنىڭ كەينىدە قالىمەن؟

ئاپىسى بالىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بالىسىدا غۇرۇر پەيدا بولۇشقا باشلىغانلىقىنى، بۇ غۇرۇرنىڭ مەكتەپتىكى نەتىجە رەت تەرتىپى تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئوغلىغا ھېچقانداق جاۋاب بەرمىدى، چۈنكى ئۇ قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلمەيتتى.

يەنە بىر قېتىملىق ئىمتىھاندىن كېيىن، بۇ بالا سىنىپ بويىچە 17 - بولدى، لېكىن ئۇنىڭ پارتىدىشى يەنىلا بىرىنچى ئىدى. ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن، بالا ئاپىسىدىن ئوخشاش

سوئالنى سورىدى. ئاپىسى بالىسىغا ئادەمنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى، ئىمتىھاندا بىرىنچى بولغان ئادەمنىڭ كالىلىسى باشقىلارغا قارىغاندا بەكرەك ئىشلەيدىغانلىقىنى دېگۈسى كەلدى. لېكىن بۇ جاۋاب بالا بىلمەكچى بولغان جاۋاب بولامدۇ؟ ئۇ بۇ جاۋابنى ئالدىراپ ئاغزىدىن چىقارمىغانلىقىدىن خۇش بولدى.

ئوغلىنىڭ سوئالىغا قانداق جاۋاب بېرىش كېرەك؟ ئۇنىڭ قانچە قېتىملاپ كۆرمىگەنلىغان ئاتا ـ ئانىلارغا ئوخشاش «سەن بەك ئويۇنقېپى، ئۆگىنىشتە ئىجتىھات قىلمىدىڭ، باشقىلارغا قارىغاندا يېتەرلىك تىرىشمىدىڭ» دېگەندەك سۆزلەرنى تەكرارلاپ، ئوغلىنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىغۇسى كەلدى. بىراق، ئوغلىغا ئوخشاش كالىلىسى دېگەندەك ئىشلەپ كەتمەيدىغان، سىنىپتىكى نەتىجىسىمۇ گەۋدىلىك بولمىغان باللارنىڭ كۆنى تېخى يېتەرلىك جاپالىق ئەمەسمۇ؟ شۇڭا ئۇ ئۇنداق قىلمىدى، ئوغلىنىڭ سوئالىغا مۇكەممەل بىر جاۋاب تاپماقچى بولدى.

ئۇنىڭ ئوغلى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزدى. گەرچە ئۇ بۇرۇنقىغا قارىغاندا كۆپ تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا پارتىدىشىدىن ئېشىپ كېتەلمىدى. لېكىن بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرغاندا نەتىجىسى ئىزچىل يۇقىرى بولدى. ئوغلىنىڭ ئىلگىرىلىگەنلىكىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن، ئاپىسى ئۇنى دېڭىزنى كۆرسەتكىلى ئېلىپ باردى. مۇشۇ قېتىملىق سەپەردە، بۇ ئانا ئوغلىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى.

ئاپىسى ئوغلى بىلەن قۇملۇق ساھىلدا ئولتۇراتتى. ئۇ ئالدى

تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئوغلىغا:

ــ ئاۋۇ تەرەپتىكى دېڭىز بويىدىكى يېمەكلىك تالىشىۋاتقان قۇشلارنى كۆردۇڭمۇ؟ دېڭىز دولقۇنى يېتىپ كەلگەندە، ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق بوز تورغاي تېزلىكتە ئۇچۇپ، نەچچە قېتىم قانات قېقىپلا ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ؛ لېكىن دېڭىز چايكىسى ناھايىتى كالامپاي بولغاچقا، ئۇنىڭ دېڭىز ساھىلىدىن بوشلۇققا كۆتۈرۈلۈشىگە خېلى ۋاقىت كېتىدۇ. لېكىن دېڭىز ـ ئوكيانلارنى ھەقىقىي تۈردە قۇچىدىغىنى يەنىلا ئۇلار.

ھازىر بۇ بالا ئۆزىنىڭ سىنىپتىكى رەت تەرتىپىگە پەرۋا قىلمايدىغان بولدى، ھېچكىممۇ ئۇنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى نەتىجىسىنىڭ قانچىنچى ئورۇندا تۇرغانلىقىنى سورىمىدى. چۈنكى ئۇ مەكتەپ بويىچە بىرىنچى بولۇپ ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىندى.

ئانىلارغا سۆز: بالىلاردا غۇرۇر ئېڭىنى، ئەركىن رىقابەت قارىشىنى تۇرغۇزۇش ۋە ئۆز قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بوشلۇقىنى بېرىش بۇ مەسىلىنىڭ ئەڭ ياخشى جاۋابى بولسا كېرەك. ئاتا ـ ئانىلار بەزى ئىشلارغا بەك تىتىلداپ كەتمەي، بالىغا ئۆزى ھەل قىلىش پۇرسىتى بېرىشى كېرەك. بالا بىر خىل قەدىر ـ قىممەتلىك كەيپىيات ۋە بوشلۇق ئىچىدە سىز ئارزۇ قىلغان ئىشنى تاماملىيالايدۇ. مۇشۇنداق بولسا، بالىڭىزمۇ يۇقىرىقى ماقالىدىكى بالا ۋە چايكىغا ئوخشاش، دېڭىز ـ ئوكيانلاردىن ھالقىپ، مۇۋەپپەقىيەت قىرغاقلىرىغا يېتەلەيدۇ.

# مېنىڭ يەنە بىر ئالمام بار

ستانلى كونېتىز قۇملۇق ئېكسپېدىتسىيەسىگە ئىشتىياق باغلىغان شىۋېتسىيەلىك دوختۇر. ئۇ ياش ۋاقىتلىرىدا ئافرىقىدىكى سەھرايى كەبىر قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتمەكچى بولغان. قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرگەن كۈنى كەچتە، يەر - جاھاننى قاپلىغان قاتتىق بوران ئۇنى ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىۋەتكەن. يول باشلىغۇچى قاياقلارغىدۇر يوقالغان، سۇ ۋە يېمەكلىك ئارتىلغان تۆگىلىرىنىڭ سايىسىمۇ يوق، ئۆزىنىڭ 36 ياشقا كىرگەنلىكىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن تەييارلىغان شامپانمۇ تۆكۈلۈپ كەتكەن ئىدى. ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئۇنى تەرەپ - تەرەپتىن قورشاپ كېلىشكە باشلىغان. ئاشۇ ۋاقىتتا ستانلىنىڭ قولى ئىختىيارسىز رەۋىشتە يانچۇقىغا سوزۇلغان. «ئالما!» ستانلى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدىن ئېسىگە كەلگەن: «مېنىڭ يەنە بىر ئالمام بار.»

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، ئاران نەپەسى قالغان ستانلىنى يەرلىك قەبىلىلەر قۇتقۇزۇۋالغان. ئۇلارنى ھەيران قالدۇرغىنى، ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ستانلىنىڭ قولىدا بىر چىشلەممۇ يېيىلمىگەن، لېكىن قورۇلۇپ قالغان بىر ئالما بار ئىكەن. ئۇ

ئالمىنى شۇ قەدەر چىلاپ، باشقىلار تارتىپ ئەكېتەلمىگۈدەك دەرىجىدە چىڭ سىقىمدىۋاپتۇ. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ھاياتىدا نۇرغۇن ئەپسانىۋى تۇسكە ئىگە ھېكايىلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بۇ بوۋاي ئالەمدىن ئۆتتى. سەكراتتا ياتقان ۋاقتىدا، ئۇ ئۆزىنىڭ قەبرە تەزكىرىسى ئۈچۈن مۇنداق بىر جۈملە سۆزنى قالدۇردى: «مېنىڭ يەنە بىر ئالمام بار.»

ئانىلارغا سۆز: باشقىلارنىڭ بۇ ئالمىغا قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، شۇبھىسىزكى، ئۇ ئېتىقادنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە قارالسا تامامەن بولىدۇ. بىراق، مەن بۇنى ئۆز ئالدىمغا مۇنداق چۈشەندىم: تەڭرى سېنى تۇيۇق يولغا كىرگۈزۈپ قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېنىڭغا چوقۇم مۆزدەك ئالمىدىن بىرنى سېلىپ قويىدۇ، بۇ ئالما كىيىمىڭدىكى نامەلۇم بىر يانچۇقتا. شۇڭا ئۆزۈڭدىن ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقىم يوق، دەپ ئاغرىنىشىڭنىڭ ئورنى يوق، ئۈھسىنغان ۋاقىتنى مۇشۇ ئالمىنى ئىزدەشكە ئىشلەت، ئالمىنى تاپالىساڭلا، تۇرمۇشنىڭ باياۋانلىرىدىن قىلچە جاپا تارتماستىنلا چىقىپ كېتەلەيسەن.

بىر كۈن ئىشلەپ چارچىغاندىن كېيىن، ئايىغى چىقماس ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ جۇلىقىڭىز چىققاندا، بالىڭىزنىڭ سالامەتلىكى، ئۆگىنىشى، پىسخىكىسى قاتارلىق تۈرلۈك مەسىلىلەردىن ئەندىشە قىلغاندا، ئۇيقۇڭىز يېتەرلىك بولماي، زىيادە چارچاپ، چۈشكۈن كەيپىيات ئىچىگە غەرق بولغاندا، بەزى ئىشلارغا تاقىتىڭىز تۈگەپ، سارائلاردەك خۇيىڭىز تۇتۇپ

قالغاندا، شىۋىتسىيەلىك دوختۇرنىڭ ئالىمىسىنى ئىسىگىزگە ئېلىڭ. تەگرى ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان بۇ ئالما شۇ قەدەر زور كۈچ ـ قۇدرەت پەيدا قىلىپ، ئۇنى ئۆلۈم گىردابىدىن تارتىپ ئەكېلەلىگەن. قولىمىزدىكى ھېلىقى «ئالما» نېمىشقا بىزنى ناچار كەيپىياتنىڭ سازلىقلىرىدىن تارتىپ چىقىرالمايدۇ؟

# مۇھەببەتنىڭ ھەرىكىتى

ئاپىسى ئىشتىن چۈشۈپ قايتىپ كەلگەندە، قىزى ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كۈتۈۋالدى:

— ئاپا، ئاپا، بۈگۈن بولغان ئىشلارنى سىزگە سۆزلەپ بېرەيمۇ؟

ئاپىسى قىزىنىڭ گەپلىرىنىڭ بىرنەچچە جۈملىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قالغان قىسمىنى كېيىن دەپ بېرىشنى، ھازىر كەچلىك تاماق ئەتمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ قىزىنى توختىتىپ قويدى. كەچلىك تاماق يەۋاتقاندا تېلېفون كېلىپ قالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۆيدىكى باشقىلارنىڭ ھېكايىسى قىزىنىڭكىدىن ئۇزۇن، ئاۋازى قىزىنىڭكىدىن يۇقىرى بولۇپ كەتتى. ئاشخانىنى يىغىشتۇرۇپ بولغاندا، ئاكىسىنىڭ تاپشۇرۇقى تۈگىمەي كەتتى. قىزچاق يەنە بىر قېتىم سىناپ باقماقچى بولغاندا، ئۇخلايدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى.

ئاپىسى قىزىنىڭ يوتقىنىنى ئوڭشاپ قويغىلى، ئۇخلاشتىن ئىلگىرىكى ئىبادىتىنى ئاڭلىغىلى كەلدى. ئۇ قىزىنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ، مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى. بۇ چاغدا قىزى

ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئاپا، گېپىمنى ئاڭلاشقا ۋاقىت چىقىرالمىغان ۋاقىتتىمۇ، مېنى راستلا ياخشى كۆرەمسىز؟

ئانىلارغا سۆز: ئاتا - ئانىلار خىزمەت، تۇرمۇشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە بالىسىغا ھەمراھ بولالمىغان، ھەتتا ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغۇدەكمۇ ۋاقىت چىقىرالمىغان چاغدا، بالىنىڭ قەلبىدە «ئاپام مېنى يەنىلا سۆيەمدىغاندۇ؟» دېگەن گۇمان پەيدا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنداق ۋاقىتتا قىز بالىلار بەزى ساددا، كۆلكىلىك سوئاللارنى سوراپ، ئاتا - ئانىسىغا چاپلىشىۋېلىشى، ئوغۇل بالىلار ھەتتا بەزى بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى ھەرىكەتلەرنى قىلىپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ دىققىتىنى تارتماقچى بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر بىز بۇ ئەھۋاللارنى بالىلارنىڭ كەيپىزلىكى، دەپ قارىساق، ئۇلارنىڭ ئاجىز قەلبىگە ئازار بەرگەن بولىمىز. بەزى بالىلار بۇنداق قىلىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلمىگەچكە، ئاتا - ئانىسىغا تېخىمۇ كۆپ باش ئاغرىقلىرىنى تېپىپ بېرىشى مۇمكىن. يەنە بەزى بالىلار تىل - ئاھانەتكە ئۇچراشقا تەۋەككۇل قىلىپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن چوڭراق بەدەل تۆلەشكىمۇ رازى بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ساددا باتۇرلۇق قايسى قۇرامىغا يەتكەن كىشىدە بار؟

ئەزەلدىن ياۋاش، گەپ ئاڭلايدىغان بالىلاردا تۇساتتىنلا غەيرىي ھەرىكەتلەر پەيدا بولسا، ئالدىراپ ئۇنى ئەيىبلىمەڭ. ئۇنى كۆپ

كۆزىتىلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن كۆپ پىكىر ئالماشتۇرۇپ، تاكى مەسىلىنى بايقىغانغا قەدەر. ۋاقىتنى كەينىگە ياندۇرغىلى بولمايدۇ، يەڭگىللىك بىلەن قىلىپ قويغان ھەرىكىتىمىز بالىغا زىيان يەتكۈزۈپ قويسا، بۇ، ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان سەۋەنلىك ھېسابلىنىدۇ.

مۇھەببەتنى ھەرىكەت ئارقىلىق ئىپادە قىلىش كېرەك، بولمىسا مۇھەببەتنىڭ بۇلىقى ھەرقانچە ئۇلۇغ بولسىمۇ، ھامان قۇرۇپ قالىدىغان ۋاقىت بولىدۇ.

# ئاق قۇ

كىچىكىدىن قۇملۇقتىكى كۆل بويىدا ياشاپ چوڭ بولغان بىر كىچىك ئاق قۇ ئانىسى بىلەن بىللە بىر كەنتكە قاراپ ئۇچۇپتۇ. ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ، ئانا ئاق قۇ يەردىكى بىر ئوۋچىنىڭ مىلتىقىنى ئۇلارغا بەتلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ ھەمدە بالىسىغا:

— تېز ئۇچ، ئادەم بار جايغا قاراپ ئۇچمايلى، بولمىسا ساڭا زىيان يېتىپ قالىدۇ، — دەپتۇ.

كىچىك ئاق قۇ ئەزەلدىن ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغان بولغاچقا، ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قىلچە پەرۋا قىلماستىن:

— ئادەم دېگەن كىم ئۇ؟ مەن ئەزەلدىن ئادەمنى نەزىرىمگە ئىلىپ باقمىغان، — دەپتۇ.

— سەن ئادەمنى نەزىرىڭگە ئىلمىغان بىلەن، ئادەم سېنى ئاللىقاچان نىشانغا ئېلىپ بولدى، — دەپتۇ ئانا ئاق قۇ چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ.

ئانىلارغا سۆز: بۇ ھېكايىنىڭ ئەھمىيىتى شۈبھىسىزكى ناھايىتى ئېنىق، لېكىن قارشى تەرەپتىن ئويلىغاندا، ئۇنىڭ باشقىچە بىر مەنىسى بار: ھەربىر ئانىنىڭ قەلبىدە ئۇزۇندىن

ئۆزۈن تىزىملىك بولىدۇ، ئۇنىڭغا تۇرلۇك خەۋپ ـ خەتەرلەر، يەنى ماشىنا ھادىسىسى، سۇدا تۇنجۇقۇپ قېلىش، يات ئادەملەرنىڭ ھۇجۇمى، سوقۇلۇپ كېتىش... ھەتتا بىر قېتىملىق دالا پائالىيىتىگە، لاگىرغا، دوستىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلگەن يىغىلىشقا قاتنىشىش قاتارلىقلار تىزىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە بالىغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىدىغان ئامىللار يوشۇرۇنغان. ئانا ۋە ئائىلىدىكىلەر بالىغا ھەرقانچە ئېھتىياتچانلىق بىلەن قارىسىمۇ، بالا يەنىلا ئاغرىپ قېلىشى، يىقىلىپ پۇت ـ قولىنى يارىلاندۇرۇۋېلىشى مۇمكىن. ئۇلار ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە، تاشقى دۇنيا نۇرغۇن ئېزىقتۇرۇشلارغا، مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان خەتەرلەرگە تولغان، ئۇنداق خەتەرلەردىن تامامەن ساقلىنىش ھەر قانچە ئىقتىدارلىق ئانىلارنىڭمۇ قولىدىن كەلمەيدۇ.

ئەگەر راستلا ئاشۇنداق قىلىشقا توغرا كەلسە، بالا قىزىقارلىق ئويۇنلاردىن، يېقىن دوستلىرىدىن، ساغلام كۆلكىلىرىدىن ۋە بالىلىقتا بولۇشقا تېگىشلىك خۇشاللىقلاردىن مەھرۇم قالىدۇ. ئاشۇنداق مۇھىتتا چوڭ بولغان بالا مۇكەممەل بالا بولماي قالىدۇ، ئۇنىڭ شەكلىلا بالا، لېكىن بالىلىق روھىدىن مەھرۇم قالغان بولىدۇ. ئاجىز بالىسىنى قوغداش ئانىنىڭ مۇھىم بۇرچى، لېكىن بۇ سەۋەبلىك ئۇلار ئويۇن ـ كۈلكىلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. بۇ خۇددى دۇنيادا ھەر كۈنى ماشىنا ھادىسىسىدە ئادەم ئۆلۈشى سەۋەبلىك كوچىغا چىقىشقا پېتىنالماسلىق، نىكاھتىن

ئاجرىشىش نىسبىتىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى سەۋەبلىك كۆڭلىدىكى ئادىمىنى ئىزدەپ بارالماسلىقتەكلا ئەخمىقانە ئىش. پەقەت ئەستايىدىل بولۇپ ئېھتىيات قىلسىلا، تىراگېدىيەنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

# خىزمەتكە قوبۇل قىلىنغان ئانا

بىر قىز ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، خېلىغىچە خىزمەت تاپالماپتۇ. ئانىسى قىزىنىڭ ئۆرۈلۈپ ـ سوقۇلۇپ يۈرۈشىگە چىدىماي، ئۇنىڭغا خادىم قوبۇل قىلىش ئېلانى تېپىپتۇ ھەمدە ناھايىتى كېلىشتۈرۈپ بىر پارچە خىزمەت تەلەپ قىلىش خېتى يېزىپ ئەۋەتىپتۇ.

بۇ خەت تېزلا شىركەتنىڭ دىققىتىنى قوزغاپتۇ. شىركەتنىڭ كادىرلار بۆلۈمى تېلېفون قىلىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ يۈزتۇرا ئىمتىھانغا قاتنىشىشىنى ئۇقتۇرۇپتۇ.

يۈزتۇرا ئىمتىھان ئېلىنىدىغان كۈنى، ئانا قىزىنى باشلاپ تاكسىغا ئولتۇرۇپ شىركەتكە بېرىپتۇ. ئىمتىھانغا قاتنىشىدىغان ئادەم ناھايىتى نۇرغۇن بولۇپ، شىركەت ئۇلارنىڭ ئىنكاس قايتۇرۇش ئىقتىدارىنى سىناش ئۈچۈن بىر قاتار قىيىن سوئاللارنى چىقىرىپتۇ ھەمدە تالىشىپ جاۋاب بېرىش شەكلى ئارقىلىق، ئۇلاردىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ.

ئىمتىھان ئالغۇچىنىڭ سوئالى نۇرغۇن كىشىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ. ئىمتىھانغا قاتناشقىلى كەلگەنلەر

نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە، بۇ ئانا قولىنى كۆتۈرۈپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئىمتىھان ئالغۇچى ئانىنىڭ جاۋابىدىن ئىنتايىن رازى بوپتۇ.

ئۆيگە قايتىش يولىدا، ئانا قىزىنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ: «ئەنسىرىمە، مەن شەخسەن ئوتتۇرىغا چىققان يەردە، سەن چوقۇم قوبۇل قىلىنىسەن، تېز بېرىپ ئىشقا چۈشۈشنىڭ تەييارلىقىنى قىلغىن» دەپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە، شىركەت كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى تېلېفون بېرىپ، بۇ ئانىغا: «سىزنى تەبرىكلەيمەن، شىركىتىمىزگە خىزمەتكە قوبۇل قىلىندىڭىز» دەپ ئۇقتۇرۇپتۇ.

ئانىلارغا سۆز: بالىلارغا نىسبەتەن ئۆزى قول سېلىپ مەشغۇلات قىلىش ۋە ئۆزى ئويلاپ تەپەككۇر قىلىش ئۇلارنىڭ دۇنيانى تونۇش، چۈشىنىشتىكى جەريان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر چوڭلارنىڭ ھەرىكىتى بالىلارنىڭ ئۆزىگە تەۋە بولغان جەريانىنى ئىگىلىۋالسا، ئۇنداقتا ئۇ بۇ بىلىشتىن، دۇنيانى تونۇش جەريانىدىن مەھرۇم قالىدۇ. ھەتتا بالىنىڭ تەپەككۇرىغا تاجاۋۇز قىلىپ، بالىنىڭ ئۆگىنىش پۇرسىتىنى ئىگىلىۋېلىشى مۇمكىن. شۇڭا بالىلارنىڭ شەيئىلەرنى چۈشىنىشى، دۇنيانى تونۇشىغا ياردەم بېرىش جەريانىدا، ئۆگىتىشنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكىمىز، ئۆزىمىزنىڭ تەپەككۇرىنى بالىلارغا تاڭماسلىقىمىز كېرەك.

ئەمەلىيەتتە، بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى ئاستا ھەم

تەدرىجىي بولىدۇ. ھەربىر باسقۇچتىكى تەرەققىيات بىر قاتار ئىشلاردىن تەركىب تاپىدۇ، نۇرغۇن جەريانلار بالىنىڭ ئۆزى سىناپ بېقىشقا موھتاج. «بارلىقىمىز بالىمىز ئۈچۈن» دېگەن شۇئار ئاستىدا، بالىنىڭ بېشىدىن كەچۈرۈشكە تېگىشلىك جەرياننى ئىگىلىۋالىدىغان ئاتا - ئانىلار پەقەت بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش پۇرسىتىنى تارتىۋالغان بولىدۇ، خالاس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بالىڭىز سىزنىڭ قارىغۇلارچە مېھىر - مۇھەببىتىڭىز ئاستىدا قېلىپ، جەمئىيەتكە ماسلىشالمايدىغان ئادەم بولۇپ قالىدۇ.

ھەممە تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى بالىلارغا بېرىشنى ئېسىمىزدىن چىقارمايلى. بالىلار ئۆزلىرىنىڭ ئويلىغىنى بويىچە مېڭە، قول ئىشلەتسۇن. بالىلارنىڭ ئۆزىنىڭ دۇنياسى، ئۆزىنىڭ تەپەككۇرى بولىدۇ، شۇنداقلا ئۆز تەپەككۇرى بويىچە دۇنيانى تونۇش ھوقۇقى بولىدۇ.

## باللارنى باشقا نۇقتىدىن تەربىيەلەيلى

بىر ئانا جىمجىتلىقنى ياخشى كۆرگەچكە، شەھەر ئەتراپىدىن بىر يۇرۇش ئۆي سېتىۋاپتۇ. لېكىن بىر نەچچە ھەپتە ئۆتمەي، ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى چىملىقتا بىر نەچچە بالا قوغلىشىپ، ئەخلەت ساندۇقلىرىنى تېپىپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ ئويناشقا باشلاپتۇ. بۇ ئانا ئەگەر ئۇدۇل بېرىپ گەپ قىلسا، بۇ باللارنىڭ گەپ يېمەيدىغانلىقىنى، ئەپلەشمىسە تالاش - تارتىش كېلىپچىقىدىغانلىقىنى پەملەپ، بىر ئەپچىل چارىنى تېپىپتۇ. ئۇ باللارنىڭ يېنىغا بېرىپ: «قارىسام ناھايىتى خۇشال ئويناۋاتىسىلەر، سىلەرنى كۆرۈپ مەنمۇ خۇش بولدۇم، مېنىڭ باللىمۇ مۇشۇنداق قىزىق ئويۇنلارغا ئامراق. ئەگەر ھەر كۈنى بۇ يەرگە كېلىپ ئوينىغان بولساڭلار، ھەربىرىڭلارغا بىر يۈەندىن بەرگەن بولاتتىم» دەپتۇ. باللار بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ، ئوينىغاننىڭ ئۈستىگە پۇل ئالىدىكەنمىز، تازا ئوينايلى، دەپ خۇشال بولۇشۇپتۇ. ئىككى كۈندىن كېيىن، بۇ ئانا يەنە ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ: «مەن تېخى خىزمەت تاپالمىدىم، شۇڭا ئەتىدىن باشلاپ ھەر كۈنى ھەربىرىڭلارغا بەش مودىنلا پۇل بېرەلەيمەن» دەپتۇ. باللار بۇنىڭدىن سەل نارازى بوپتۇ. يەنە بىر نەچچە كۈن

ئۆتكەندە، ئۇ باللارغا: «مېنىڭ پۇلۇم قالمىدى، ھەر كۈنى ھەربىرىڭلارغا بىر مودىنلا بېرەلەيمەن» دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان باللار: «بىر مو؟ مۇشۇ بىر مونى دەپ بۇ يەرگە كېلىپ ۋاقىت ئىسراپ قىلىپ نېمە قىلىمىز، بولدى ئوينىمايلى» دېيىشىپ كېتىپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئانا كۈنلىرىنى جىمجىت ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ.

كېيىن بۇ ئانا بالىسىنى سىرتقا ئېلىپ چىقماقچى بوپتۇ. سىرتنىڭ ھاۋاسى سوغۇقراق بولغاچقا، بالىسىغا قېلىنراق كىيىم كىيگۈزمەكچى بوپتىكەن، بالىسى ئۇنىماپتۇ. ئانىسىمۇ زورلىماپتۇ. سىرتقا چىقىپ بىر ئازدىن كېيىن بالا توڭلاشقا باشلاپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئانا خېلىدىن كېيىن سومكىسىدىن بالىسى كىيىشكە ئۇنىمىغان قېلىن كىيىمنى چىقىرىپتىكەن، بالا ھېچنېمە دېمەي دەرھاللا كىيىۋاپتۇ.

بۇ ئانا ھېچقانچە ئېغىز ئۇپراتماستىنلا، بالىسىغا ناتوغرا ھەرىكىتىنىڭ ئاقىۋىتىنى ھېس قىلدۇردى. كېيىنكى قېتىمدا بۇ بالىنىڭ ئوخشاش خاتالىق سادىر قىلمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

ئانىلارغا سۆز: ئوخشاش بىر ئىشنى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن ھەل قىلغاندا، ئۈنۈمىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

بالا بەرىبىر بالا، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق غورۇرى، تەپەككۇرى بولىدۇ. ئۇلارغا ئاددىي، قوپال ئۇسۇللارنى قوللانساق بولمايدۇ، ئۇنداق قىلساق ئىشنى بارغانسېرى يامانلىتىۋېتىمىز،

خالاس. باللارنىڭ پىسخىك ئالاھىدىلىكىنى تولۇق چۈشەنگەن ئاساستا، ئەپچىل چارىلەرنى ئويلاپ تېپىپ باللارنى يېتەكلىسەك، تەربىيەلىسەك، بۇنى باللارمۇ ئاسان قوبۇل قىلالايدۇ، مەسىلىنىمۇ ئوڭۇشلۇق ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

تەربىيە بىر خىل سەنئەت، بۇ سەنئەتنىڭ چېكى بولمايدۇ. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باللار ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرى يەنە نۇرغۇن.

# ئەڭ قىممەتلىك نەرسە

ئافرىقىنىڭ چەكسىز كەتكەن قويۇق ئورمانلىقىدا ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان تۆت ئەر ئېغىر بىر ساندۇقنى يۈدۈپ كېتىۋاتاتتى، قويۇق ئورمان ئۆلارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە پۈتلىكاشاڭ بولۇپ تۇراتتى.

بالى، ماككىلى، جونس، جىمدىن ئىبارەت بۇ تۆت كىشى ئەترەت باشلىقى ماكگېفقا ئەگىشىپ بۇ ئورمانلىققا ئېكسپېدىتسىيەگە كىرگەنىدى. ماكگېف ئۇلارغا خېلى يۇقىرى ئىش ھەققى بېرىشكە ماقۇل بولغانىدى. لېكىن ۋەزىپە ئاخىرلىشاي دېگەندە، ماكگېف بەختكە قارشى كېسەل بولۇپ قېلىپ، ئورمانلىقتا جان ئۈزدى.

بۇ ساندۇقنى ماكگېف ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئۆز قولى بىلەن ياسىغانىدى. ئۇ ناھايىتى سەممىيلىك بىلەن بۇ تۆت كىشىگە: «بۇ ساندۇقتىن بىر قەدەممۇ نېرى بولماسلىققا ۋەدە بېرىڭلار. ئەگەر بۇ ساندۇقنى دوستۇم پىروفېسسور ماكدونالدنىڭ قولىغا يەتكۈزۈپ بېرەلىسەڭلار، ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك بىر نەرسىگە ئېرىشكەن بولاتتىڭلار. مېنىڭچە سىلەر چوقۇم يەتكۈزەلەيسىلەر، مەنمۇ سىلەرنىڭ ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك نەرسىگە

ئېرىشىشىڭلارغا كاپالەت بېرىمەن» دەپتۇ.

بۇ تۆت كىشى ماكگېفنى دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن يولغا چىقىپتۇ. لېكىن قويۇق ئورمانلىق ئىچىدىكى يول بارغانسېرى قىيىنلىشىپ كېتىپتۇ، ساندۇقمۇ بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ بېرىپتۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ دەرمانى بارغانسېرى قۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئۇلارغا ھەممە نەرسە خۇددى قاباھەتلىك چۈشتەك بىلىنىپتۇ، پەقەت يۇدۇپ كېتىۋاتقان ساندۇقلا ھەقىقىي نەرسە، يەنە كېلىپ بۇ ساندۇق ئۇلارنىڭ جىسمىغا تىرەك بولۇپ كېتىۋاتقانىدى، بولمىسا ئۇلارنىڭ ھەممىسى يىقىلىپ قالاتتى. ئۇلار ھېچكىمنىڭ ساندۇقنى ئۆزى يالغۇز قالايمىقان ئاچماسلىقى ئۈچۈن، ئۆزئارا قاتتىق نازارەت قىلىپتۇ. جاپا - مۇشەققەت يۇقىرى پەللىگە چىققان ۋاقىتلاردا، ئۇلار كەلگۈسىدە ئېرىشىدىغان ھەقنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئويلاپتۇ، ئەلۋەتتە، ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك نەرسە بار بولسا...

ئاخىر بىر كۈنى، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى يېشىل توسۇق توساتتىن ئېچىلىپ، ئۇلار مىڭبىر جاپا - مۇشەققەتتە ئاخىر ئورمانلىقتىن قۇتۇلۇپ چىقىپتۇ. ئۇلار پىروفېسسور ماكدونالدنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۆزلىرى ئېرىشىدىغان ھەقنىڭ نېمىلىكىنى تەقەززالىق بىلەن سوراپتۇ. لېكىن پىروفېسسور خۇددى بۇ ئىشتىن بىخەۋەردەك، ئامالسىز ھالەتتە قولىنى ئىككى ياققا كېرىپ: «مەندە ھېچنېمە يوق، ھە راست، ساندۇقتا چوقۇم قىممەتلىك نەرسە بولۇشى مۇمكىن» دەپتۇ ھەمدە تۆتەيلەننىڭ

ئالدىدا ساندۇقنى ئېچىپ قارىسا، ساندۇقنىڭ ئىچىدە كېرەكسىز ياغاچ پارچىلىرى تۇرغۇدەك!

— بۇ قانداق چاقچاق بولۇپ كەتتى؟ — دەپتۇ جونىس.

— ھېچنېمىگە يارىمايدىغان نەرسىلەركەنغۇ بۇ، مەن ئۇ ئەبلەخنىڭ كاللىسىدىن چاتاق چىققانلىقىنى بۇرۇنلا بىلىپ بولغانمەن! — دەپتۇ جىم ھۆركىرەپ.

— ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك نەرسە قەيەردە؟ بىز ئالدام خالتىغا چۈشۈپتىمىز، — دەپتۇ ماككىسلى غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ.

لېكىن بۇ تاپتا پەقەت باللا ئۈنچىقماي جىم تۇرۇپتۇ. ئۇ ئۆزلىرى نەچچە كۈندىن بۇيان بېسىپ ئۆتكەن ئورمانلىقتا ئۇچرىغان، ئىلگىرى بۇ يەرگە كىرگەن ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ دۆۋە - دۆۋە سۆڭەكلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپتۇ ھەمدە ئەگەر مۇشۇ ساندۇق بولمىغان بولسا، ئۆزلىرىنىڭ ئاللىقاچان ئورمانلىقتا يىقىلىپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئويلاپتۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ھەمراھلىرىغا مۇنداق دەپتۇ: «بولدى قاقشاۋەرمەڭلار. بىز ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك نەرسىگە ئېرىشتۇق، ئۇ بولسىمۇ ھاياتلىق!»

ئانىلارغا سۆز: ئادەم ئالىي دەرىجىلىك تەپەككۇر ئىقتىدارىغا ئىگە بولغانلىقى بىلەن ئادەتتىكى ھايۋانلاردىن پەرقلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئادەم ھايۋانلارغا ئوخشاش نادانلارچە ياشىماسلىقى، ھەرىكىتى چوقۇم نىشانلىق بولۇشى كېرەك. بەزى

نشانلىرىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا مۇمكىن بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھېچبولمىغاندا بىر قىسىم تۇرمۇشىمىزغا ئىلھام ۋە مەدەت بولغان، شۇڭا ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولۇشىمىز كېرەك. زامانىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشتىن زېرىككىشى، ھاياتتىن بىزار بولۇشى، قىزغىنلىقى قالماسلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبى دەل نشاننى قوغلىشىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالغانلىقىدا.

ئانىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى پەرزەنت تەربىيەلەش. بۇ، ئانىلاردىن كۈچلۈك مېھىر - مۇھەببەت ۋە قۇربان بېرىش روھى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلىلەرنى ئويلانغاندا بالىغا مېھىر - مۇھەببەت يەتكۈزۈشنى مەركەز قىلىش كېرەك، لېكىن بۇ، ئانىلارنىڭ مۇشۇ سەۋەبتىن ئۆزىنىڭ بارلىق قىزىقىشى ۋە ئىنتىلىشىدىن ۋاز كېچىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. ئانىلارنىڭ پەرزەنت تەربىيەلەشتىن باشقىمۇ ئىنتىلىش نىشانى بولۇش كېرەك، بولۇپمۇ ئىشلىمەي ئۆيدە ئولتۇرىدىغان ئانىلارغا نىسبەتەن ئۆزىنىڭ قىزىقىشىنى يېتىلدۈرۈشمۇ ئىنتايىن مۇھىم. پەرزەنت ئۈچۈن ھەممە نەرسىسىنى قۇربان قىلىۋېتىش ئۇسۇلى ھازىرقى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. باشقا بىر نۇقتىدىن قارىغاندا، بالا ئانىنى ئۈلگە قىلىدىغان بولغاچقا، ئانىنىڭ مۇستەقىللىق روھى ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

# پىر بىلەن مۇرىت

بىر قېتىملىق ۋەز ئېيتىشتا، پىر ئۇستاز ئۆزىنىڭ پۇل توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى بايان قىلىپتىكەن، تۆۋەندە ئولتۇرغان مۇرىتلار قاتتىق چۆچۈپ كېتىپتۇ.

— سىلى نېمىشقا پۇل توغرۇلۇق ئاشكارا سۆزلەيدىلا، — دەپ غۇدۇرشىپتۇ ئۇلار.

— بىر ئوچۇق - ئاشكارا ئادەم ھېچقانداق نەرسە ئۈستىدە مەخپىي مۇنازىرە قىلمايدۇ، ئەلۋەتتە پۇل توغرىسىدىمۇ يوشۇرۇن مۇنازىرە قىلمايدۇ، — دەپتۇ پىر.

— لېكىن سىلىنىڭ پۇلغا بولغان ئامراقلىقلىرى سۆزلىرىدە ئېپادىلىنىپ قالدى...

— مەن يا ئوغرى بولمىسام، پۇلغا يوشۇرۇنچە ئامراق بولۇشۇمنىڭ نېمە ھاجىتى؟

مۇرىتلار يەنىلا چۈشەنمەپتۇ. پىر بۇنىڭدىن كۈلۈپ كېتىپ دەپتۇ:

— مانا بۇ ئارىمىزدىكى پەرق. مەن راستچىل، شۇڭا پىر بولالىدىم؛ سىلەر ساختىپەز بولغاچقا ئارانلا مۇرىت بولالىغان. پۇل ناھايىتى ئوبدان نەرسە، لېكىن ئەڭ ياخشى نەرسە ئەمەس.

پۇل بىزنىڭ قورالىمىز، لېكىن بىز پۇلنىڭ قورالى ئەمەس. لېكىن قاراڭلار، سىلەر خۇددى قورالغا ئوخشاش پۇلنىڭ كونتروللىقىغا چۈشۈپ قاپسىلەر، پۇل دېگەن ئىسىم سىلەرنىڭ پەرھىزىڭلارغا ئايلىنىپ قاپتۇ، سىلەر هازىر پۇلنىڭ گېپىنى قىلىشقىمۇ پېتىنالمايدىغان بولۇپ قاپسىلەر. قۇل دېگەن گەپ قىلالايدىغان قورال ئىدى، لېكىن سىلەر گەپ قىلالمايدىغان قورال بولۇپ قاپسىلەر. پۇلنىڭ ئالدىدا سىلەر قۇلدىنمۇ بەتەر ئورۇنغا چۈشۈپ قاپسىلەر. پۇلنىڭ قۇلىنىڭ پۇلنىڭ غوجايىنىنى مەسخىرە قىلغىنى كۈلكىلىك بولدى ـ دە!

ئانىلارغا سۆز: بەزىلەر بۇ دۇنيادا بالىسىغا كۆيۈنمەيدىغان ئانا يوق، دېيىشىدۇ. بۇ سۆزنىڭ قارىماققا ئاساسى بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە تامامەن شۇنداق دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. بەلكىم بەزى ئانىلار «بالامغا كۆيۈنمىسەم قانداق بولىدۇ؟» دېيىشىدۇ. توغرا، سىلەر قارىماققا بالاڭلارغا كۆيۈنگەندەك كۆرۈنىسىلەر، ئەمەلىيەتتە مۇھەببەتنىڭ نامىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، بالىنى ئىختىيارىڭلارچە خارلايسىلەر.

ئۆيۈڭلەردە بالاڭلار: «ئاپا، ھېكايە سۆزلەپ بېرىڭە» دەپ تەلمۈرۈپ كەلسە، سىلەر پەرۋاسىز ھالدا: «مېنىڭ ئىشىم بار، ئويۇنىڭنى ئوينىغىنە» دېيىشىڭلار ياكى «داداڭ سۆزلەپ بەرسۇن» دەپ يۈكنى دادىسىغا ئىتتىرىپ قويۇشۇڭلار مۇمكىن. بەلكىم ئانىلارنىڭ نەزىرىدە بۇ ناھايىتى كارى چاغلىق جاۋاب بولۇشى مۇمكىن، لېكىن بۇ ئاڭسىز رەۋىشتە بالىلارنىڭ غۇرۇرىغا تەگكەنلىك ۋە بىلىمگە بولغان ئىنتىلىشىنى توسۇغانلىق بىلەن

باراۋەر. بەزى ئانىلار دائىم بالا تاماق يېيىشتىن ئاۋۋال ياكى تاماق يەۋاتقاندا بالىسىغا تەنبىھ بېرىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ خىزمىتى ئالدىراش بولغاچقا، بالىسىغا تەربىيە قىلىدىغان ۋاقىت چىقىرالماي، ئۆيدىكى ھەممەيلەن تاماققا ئولتۇرغاندا بۇنى بالىغا تەربىيە قىلىشتىكى ئەڭ ياخشى پۇرسەت، دەپ قارايدۇ، لېكىن بۇنداق قىلىشنىڭ بالىنىڭ ساغلاملىقىغا ئىنتايىن زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمايدۇ.

يەنە نۇرغۇن ئانىلار بالىسى ئىمتىھاندىن ياخشى نەتىجە ئالالمىسا، ئۇلارغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىدۇ ھەتتا بىر نەچچە كۈنگىچە بالىسىغا گەپمۇ قىلمايدۇ، بۇ ھال بالىلارنى مەكتەپتىن قايتقاندا ئۆيىگە بارغۇسى كەلمەيدىغان قىلىپ قويىدۇ. ئانا بالىسىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنى بەك مۇھىم بىلىپ كېتىش ۋە ئۇنىڭدىن زور ئۈمىد كۈتۈشنىڭ بالىغا قانچىلىك روھىي بېسىم بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ قويامدىغاندۇ؟ ئەپسۇسلىنارلىقى، يۇقىرىقى ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى «مۇھەببەت» نىڭ نامى ئاستىدا بولىدۇ. ئانا بۇنداق قىلىشنىڭ بالىغا نىسبەتەن زىيانكەشلىك قىلغانلىق ۋە خارلىغانلىق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلمايلا قالماستىن، ئەكسىچە بۇلارنى بالىغا ياخشى بولسۇن ئۈچۈن قىلدىم، دەپ قارايدۇ. يوشۇرۇن قابىلىيىتى كۈچلۈك نۇرغۇن بالىلار مۇشۇنداق «مەسئۇلىيەتچان» ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تەربىيەسىدە، ئاستا ـ ئاستا ئازاب ۋە ئاددىيلىق ئىچىگە مەھكۇم بولىدۇ.

# قۇرتلاپ قالغان مېۋە

دېھقان بىر تۈپ مېۋىلىك دەرەخ تىكىپتۇ، يازدا دەرەخ مېۋىلىگەن چاغدا، بىر كىرپە دەرەخ ئاستىغا كەپتۇ. دېھقان كىرپىنىڭ ئورۇق ھەم ئاجىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ھېسداشلىقى قوزغىلىپتۇ ـ دە، شامال سوقۇپ چۈشۈرۈۋەتكەن مېۋىدىن بىرنى ئۇنىڭغا تاشلاپ بېرىپتۇ. بۇ يەردە نەپ بارلىقىنى بىلگەن كىرپە دەرەخ ئاستىدا تۇرۇپ قاپتۇ.

لېكىن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كىرپە دېھقان يەۋاتقان مېۋىنىڭ ئۆزىنىڭكىگە قارىغاندا چىرايلىق ھەم يوغان ئىكەنلىكىنى، لېكىن ئۆزىگە تاشلاپ بەرگىنىنىڭ ھەم كىچىك، ھەم كۆرۈمسىز ئىكەنلىكىنى بايقاپ قاپتۇ. دېھقاننىڭ ئۆزىگە ساپلا قۇرتلاپ قالغان مېۋىلەرنى بېرىشى ئۇنى تېخىمۇ غەزەپلەندۈرۈپتۇ.

ــ مېۋىنىڭ ياخشىسىنى ئۆزۈڭ يەيسەنۇ، ماڭا نېمىشقا قۇرتلاپ كەتكەنلىرىنى تاشلاپ بېرىسەن؟ ــ دەپتۇ كىرپە دېھقاننى سوراق قىلىپ.

ــ چۈنكى مېۋىلىك دەرەخنى مەن تىككەن ـ دە.

كىرپە يەنە چۈشىنەلمەپتۇ.

ــ مەن بۇ تاتلىق مېۋىلەرگە ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ كەچ

يېتىپ، جاپالىق ئەمگىكىم ئارقىلىق ئېرىشتىم. لېكىن سەن ھېچقانداق ئىش قىلماي، بىكار يېتىپ يەۋاتىسەن، مۇشۇنىڭغا يارىشا قۇرتلاپ قالغان مېۋە بولسىمۇ شۈكۈر دېگىن، ــ دەپتۇ دېھقان كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئانىلارغا سۆز: ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنت تەربىيەلىشى ئۇلارنىڭ تۇغما تەبىئىتى بولۇپلا قالماي، يەنە جەمئىيەت ئۇلارغا يۈكلىگەن ۋەزىپە، ھەق ئىش. لېكىن ئەگەر ئاتا ـ ئانا مۇشۇنى سەۋەب قىلىپ، بالىغا قويغان تەلەپلىرىنىڭ ھەممىسى قاندۇرۇلۇشى كېرەك، دەپ قارىسا، بۇ تولىمۇ ئورۇنسىز تەلەپ بولۇپ قالىدۇ. توغرا ئۇسۇل شۇكى، بالىغا ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئاسان قولغا كەلمىگەنلىكىنى بىلدۇرۇش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشنىڭ قائىدىسىنى بىلدۇرۇش كېرەك.

# بىر پارچە قەغەز

مۇئەللىم بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ ئوقۇغۇچىلاردىن سوراپتۇ:

— بۇ نېمە؟

— قەغەز.

— قەغەزنى نېمىگە ئىشلەتكىلى بولىدۇ؟

— خەت يازغىلى بولىدۇ.

— رەسىم سىزغىلى بولىدۇ.

— كىتاب باسقىلى بولىدۇ.

— پۇل باسقىلى بولىدۇ.

— قول سۈرتكىلى بولىدۇ.

ئوقۇغۇچىلار تەرەپتىن - تەرەپتىن جاۋاب بېرىشكە باشلاپتۇ. بۇ چاغدا، بىر ئوقۇغۇچى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— يەنە ئايروپىلان قاتلىغىلى بولىدۇ، — دەپتۇ.

ئانىلارغا سۆز: بىر پارچە تازىلىق قەغەزدىن گەرچە كىتاب، پۇل باسقىلى، ئۇنىڭغا رەسىم سىزغىلى، خەت يازغىلى بولمىسىمۇ، ئاددىي بىر ئويۇنچۇق ئايروپىلان قاتلىغىلى بولسىمۇ بولىدىغۇ؟ چۈنكى ئۇ بالىلارغا خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارزۇ -

ئۇمىدلىرىنى مۇجەسسەملىگەن تەسەۋۋۇر قۇشلىرىنى قانات قاقتۇرىدۇ. ئۇ قەغەز ئاددىي بىر تازىلىق قەغىزى بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئەھمىيەتلىك ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھاياتىنى يوقاتمىغان بولىدۇ، چۈنكى ئۇ دۇنياغا پاكىزلىق ئېلىپ كېلىدۇ.

ھەربىر بالا بىر پارچە ئاق قەغەز، ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق تەرەققىيات يولى بار، بۇ خۇددى ھەربىر خىل گۈلنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق تاماشىبىنى، ھەربىر پەسىلنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق سۆيۈملۈك يېرى بولغانغا ئوخشاش. بالىلارنىڭ قىزىقىشىنى ھەرگىزمۇ قېلىپلىشىپ قالغان ئۆلچەم، ئەندىزىلەر بىلەن ئۆلچەمەسلىك كېرەك، سەنئەتكار بولۇش ھەرگىزمۇ ئالىم بولغانغا قارىغاندا تۆۋەن ئىش ئەمەس، جىسمانىي ئەمگەك قىلىش ئېغىر كۈنگە قالغان بىلەن باراۋەر ئەمەس، شۇنداقلا يارىماسلىقنىڭ بەلگىسىمۇ ئەمەس. ئەگەر بالا بۈنگىدىن خۇشاللىق ۋە جەمئىيەتتىكى قىممىتىنى تاپالىسىلا، بۇ، ئۇنىڭ گۈزەل تۇرمۇشىنىڭ ئۆلچىمى بولالايدۇ.

# ئىككى شەمشەر

تۆمۈرچى ئىككى شەمشەر سوقۇپتۇ. ئۇلار دەسلەپ پۈتكەندە ئوخشاشلا ھەم قوپال ھەم گال ئىكەن. شۇڭا تۆمۈرچى ئۇلارنى بىلەپ ئۆتكۈرلەشتۈرمەكچى بوپتۇ.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر شەمشەر «بۇ تۆمۈرلەر ئاسان قولغا كەلگەنمۇ، بىلەپ يوق قىلىپ نېمە قىلىدۇ» دەپ ئويلاپتۇ ھەمدە بۇ ئويىنى تۆمۈرچىگە ئېيتىپتىكەن، تۆمۈرچى ئۇنى بىلىمەسلىككە ماقۇل بوپتۇ. لېكىن يەنە بىر شەمشەرنى بىلەپ، ۋاللىداپ تۇرىدىغان ئۆتكۈر شەمشەرگە ئايلاندۇرۇپ، دۇكاندىكى قوزۇقا ئېسىپ قويۇپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي دۇكانغا بىر خېرىدار كىرىپ، تامدىكى بىلەنگەن شەمشەرگە كۆزى چۈشۈپتۇ، چۈنكى ئۇ ئۆتكۈر، ئەپچىل، يېنىك ئىكەن. بىراق ھېلىقى گال شەمشەردە تۆمۈر سەل كۆپرەك، ۋەزنىمۇ ئېغىرراق بولسىمۇ، ئۇنى شەمشەر قاتارىدا ئىشلەتكىلى بولمىغاچقا، شەمشەر سىياقىدىكى تۆمۈر قاتارىدىلا كۆرۈشكە بولىدىكەن.

ئوخشاش تۆمۈرچىنىڭ قولىدىن چىققان، ئوخشاش ئەجىر سىڭدۈرۈلگەن ئىككى شەمشەرنىڭ تەقدىرى مانا مۇشۇنداق ئاسمان ـ

زېمىن پەرقلىق بولدى. ئۆتكۈر شەمشەر يېنىك ھەم نېپىز، يەنە بىرى ئېغىر ھەم گال. ئالدىنقىسى تۆمۈرنىمۇ لاينى كەسكەندەك كېسەلەيدۇ، كېيىنكىسى پەقەت كارغا يارىمايدىغان بىر زىنىنەت بۇيۇمى، يوك، خالاس.

ئانىلارغا سۆز: كىشىلىك ھاياتنىڭ قائىدىسىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ نىشانى «ھەممەيلەنگە ياخشى بولسۇن، قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى» بولۇپ قالماستىن، بەلكى قولغا كەلتۈرگەن نەرسىنى پۇختا، ئەپچىل قوللىنىش لازىم. ئۇ خۇددى شەمشەر قانچە يېنىك، ئۆتكۈر بولسا شۇنچە ياخشى بولغانغا ئوخشاش.

ئارتۇقچە نەرسە (مەيلى ئارتۇقچە بايلىق، ئارتۇقچە بىلىم ياكى ئارتۇقچە پەزىلەت بولسۇن) خۇددى شەمشەر بىسىدىكى ئارتۇقچە تۆمۈرگە ئوخشايدۇ، ئۇنى ۋاقتىدا قىلچە ئايانماستىن بىلەپ يوقىتىۋېتىش كېرەك.

ئاقىل ئانا بالىسىنىڭ خاراكتېرىگە تەسىر يەتكۈزمىگەن ئاساستا، ئۇنىڭ مىجەز - خاراكتېرى ۋە ئادىتىدىكى كېرەكسىز نەرسىلەرنى يوقىتىۋېتەلەيدۇ. بۇنىڭدىكى ئاچقۇچ قوللانغان چارىنىڭ مۇۋاپىق، جايىدا بولۇش - بولماسلىقىدا.

# ماختاش

ئىككى ئوقۇغۇچى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ بىرى ئەقىللىق، بىرى سەل دۆتىرەك ئىدى. گەرچە ئۇلار ئۆگىنىشتە ئوخشاش تىرىشسىمۇ، لېكىن نەتىجىسى ناھايىتى زور پەرق قىلاتتى. لېكىن، مۇئەللىمنىڭ دۆت بالىنى ماختاش قېتىم سانى ئەقىللىق بالىنى ماختىغانغا قارىغاندا كۆپ ئىدى. بۇنىڭدىن ئەقىللىق بالا ئەلۋەتتە ئاغرىنىدۇ ـ دە.

ـــ ئەگەر ماختاپ تۇرمىسام، ئۇ تېخىمۇ دۆتلىشىپ، ئىلگىرىلىشى تېخىمۇ ئاستا بولۇپ قالىدۇ، ئۇ چاغدا مەن ئەڭ دۆت ئوقۇتقۇچىغا ئايلىنىپ قالمامدىمەن؟ ـــ دەيدۇ مۇئەللىم.

ئانىلارغا سۆز: ئەگەر ئېرىشىشكە تېگىشلىك ماختاش ۋە ئاپىرىنلارغا ئېرىشەلمىگەن بولسىڭىز، ھەرگىز بۇنىڭدىن ۋايىم يېمەڭ. چۈنكى سىز ھېلىقى ئەقىللىق بالا بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئېرىشكەن ماختاشلىرىڭىز، چاۋاكلىرىڭىز باشقىلارنىڭكىدىن ئاز بولغىنى بىلەن، بۇ باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇنەۋۋەر ئىكەنلىكىڭىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، مۇنەۋۋەر ئادەم ماختاشقا ئانچە كۆپ تايىنىۋالمايدۇ. ياكى مۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇ: ماختاش بەزىدە كۈچلۈكلەرگە مۇكاپات بولسا، بەزىدە ئاجىزلارغا

نسبەتەن قۇتقۇزۇش بولۇپ قالىدۇ.

چوڭلارغا نىسبەتەن مۇشۇنداق بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بالىلارغا نىسبەتەن بۇنداق بولماسلىقى كېرەك. بالىلار بەزىدە بەك ياۋاش بولسا، بەزىدە خۇيى تۇتۇپ قالىدۇ. ئەگەر باشقا سەۋەب بولمىغان ئەھۋالدا، ئاتا - ئانىلار دەرھال بالامغا يېتەرلىك كۆيۈنەلمىدىممۇ قانداق، دەپ ئۆز - ئۆزىنى تەكشۈرۈشى كېرەك. بالا يېتەرلىك كۆيۈنۈشكە ئېرىشكەن ھامان دەرھاللا ياۋاش، ئەقىللىق بولۇپ كېتىدۇ، ئادەتتىكى ناچار ئادەتلىرىنىمۇ ئۆزگەرتىدۇ. ھەربىر بالىنىڭ بەلگىلىك تۇغما تالانتى بولىدۇ. مۇنەۋۋەر بالا ئۆزۈكسىز دىققەت قىلىش، ماختاش ۋە كۆيۈنۈش، تۇغما تالانتنى توختىماستىن قېزىشنىڭ نەتىجىسىدۇر.

## مۇنەۋۋەر نەرسىلەرنىڭ بىرى بولسىلا كۇپايە

مەلۇم ئىدارىنىڭ تاشقى سودا بۆلۈمىدە ئىككى يىگىت بار ئىدى، ئۇلارنىڭ بىرى ياپون تىلى تەرجىمانى، يەنە بىرى ئىنگلىز تىلى تەرجىمانى ئىدى. ئۇلار ئىككىسىلا داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزگەن، تالانتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ياشلاردىن ئىدى. ئىدارە رەھبەرلىرىنىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئىككىسىلا تاشقى سودا بۆلۈمىنىڭ كەلگۈسىدىكى دىرېكتور نامزاتى ئىدى. شۇڭا ئىككىسىنىڭ كۆڭلىدىكى بىر - بىرىگە ئايان ئىدى، خىزمەتتە يوشۇرۇن كۈچ سىنىشاتتى، سېنىڭدىن مەن قالىمەنمۇ، دەپ يۈرەتتى، شۇڭا ھەر يىلقى خىزمەت نەتىجىسى كۆڭۈلدىكىدەك بولاتتى.

بۇ ئىدارىنىڭ تىجارىتىدە ياپونىيەلىك سودىگەرلەر بولغاچقا، تىجارەت قاتلىمىدىكىلەر دائىم ياپونلار بىلەن ئالاقە قىلىشقا توغرا كېلەتتى، بۇنىڭدا تەبىئىي ھالدا ياپون تىلى تەرجىمانى ئاشكارا سورۇنلاردا كۆرۈنۈپ يۈرەتتى. بىر مەھەل ئىدارىدە ئۇنى ياخشى دەيدىغانلار ئىنگلىز تىلى تەرجىمانىغا قارىغاندا كۆپ بولدى.

بۇنى كۆرگەن ئىنگلىز تىلى تەرجىمانى ئورنىدا ئولتۇرالماي

قالدى. ئەگەر مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، ئۇ چوقۇم پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، ئۆسۈش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا ياپون تىلى ئۆگەنگەن ئاساسىغا تايىنىپ، يوشۇرۇنچە ياپون تىلى ئۆگىنىپ، رەقىبىدىن ئېشىپ كەتمەكچى بولدى.

بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ياپون تىلىدىن دەرىجە گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى ھەمدە ياپونىيەلىك سودىگەرلەر بىلەن سۆھبەتلىشىشكە، بەزى مال ساتقۇچىلارنىڭ ياپون تىلىغا مۇناسىۋەتلىك تەرجىمە ۋەزىپىلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا باشلىدى. خىزمەتداشلىرى ئۇنىڭ ئىككى خىل تىلنى ئىگىلىگەنلىكىگە قايىل بولدى، ئۆزىمۇ بۇنىڭدىن ئۇتۇق تۇيغۇسى ھېس قىلدى.

ئۇ ئۆز ـ ئۆزىدىن مەمنۇن بولۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ ئاۋستىرالىيە سودىگەرلىرى بىلەن بولغان سودا توختامىدا ھالقىلىق بىر سۆزنى خاتا تەرجىمە قىلىپ قويۇپ، شىركەتكە 100 مىڭ دوللار زىيان سالدى. گەرچە بۇ ئىشتىن كېيىن شىركەت سۆھبەت ئارقىلىق بىر قىسىم زىياننى تولدۇرۇۋالغان بولسىمۇ، لېكىن شىركەت لىدىرىنىڭ بۇنىڭدىن قاتتىق ئاچچىقى كەلدى.

ئۇ قايتا ـ قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق ئاخىر ئېسىنى تاپتى. ئۇ بۇ يىللاردا ياپون تىلىنى ئۆگىنىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، ئىنگلىز تىلى سۆزلۈكلىرىنى پىششىقلاش ۋە

تولۇقلاشقا سەل قارىغان، شۇڭا بۇنداق سەۋەنلىكنىڭ كۆرۈلۈشىنىمۇ سەۋەبسىز دېگىلى بولمايتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ كەسپىدە يىقىلىپ چۈشتى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ بىر نەچچە يىل جاپالىق ئۆگەنگەن ياپون تىلىمۇ رەقىبىنىڭ سەۋىيەسىگە يەتمەي، پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تاپالماي قالدى.

ئانىلارغا سۆز: ئاياللارنىڭ تەبىئىتى ئانىلارنى ئۆزىنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرىدىغان قىلىپ قويىدۇ. ئۇلار بوي - تۇرقىنى، چاچ پاسونىنى، ئەرلىرىنى، باللىرىنى ئۆزگىلارا سېلىشتۇرۇشىدۇ. مەن نۇرغۇن ئانىلارنى كۆرگەن، ئۇلار باشقىلارنىڭ باللىرىنىڭ ئۇنى، بۇنى ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى ھەۋەسلىنىپ كېتىدۇ، ئۆيىگە بېرىپلا ئالدىراش - تېنەش ھالدا بالىسىنى ئۇنداق، مۇنداق كۇرسلارغا بېرىپ، بالىسىنىڭ خاراكتېرى، قىزىقىشى ۋە ئەمەلىي تەرەققىي قىلىش ئەھۋالىغا سەل قارايدۇ. كەسكىن رىقابەت ئالدىدا، ھەربىر ئانا بالىسىنىڭ كەينىدە قېلىشىنى خالىمايدۇ. ساپا مائارىپىغا ئەھمىيەت بېرىلىۋاتقان مۇشۇ شارائىتتا، بۇنداق ئەھۋال تېخىمۇ كەسكىن بولماقتا.

بۇنداق دېيىشتىكى مەقسىتىم، ئۇسۇلى توغرا بولمىغان ئانىلارنى تەنقىدلىگەنلىك ئەمەس، مەن پەقەت ئالدىراقسان ئانىلارغا نەسىھەت قىلىپ قويماقچى: رىقابەت قايىنىمىغا چۆكۈپ كەتكەن كىشى دائىم باشقىلاردا بار نەرسىلەرگە ھەۋەس قىلىپ، ئۆزىدە بار بولغان بايلىق ۋە ئارتۇقچىلىقلارغا دىققەت قىلمايدۇ،

ئۆزىنىڭ ئۇستۇنلۇكىنى ئۇنتۇپ، رەقىبىنىڭ تەپەككۇرى بويىچە، ئۇنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ كېلىدۇ. بىز ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى بايقاشنى تەشەببۇس قىلىۋاتىمىز، لېكىن «كۆچۈرمىچىلىك» يولىغا ماڭغان ئادەم باشقىلاردەك ئەڭ يېشىشىق ھەم ئەڭ قابىل بولغان باسقۇچقا ھەرگىز يېتەلمەيدۇ. بالىڭىزنى يارامىلىق بولسۇن دېسىڭىز، ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى يادرولۇق رىقابەت كۈچىنى يېتىلدۈرۈشنى چىڭ تۇتۇڭ.

تۇرمۇش تىياتىرغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدا مۇھىمى تىياتىرنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى ئەمەس، بەلكى ئويۇنىنىڭ قىزىقارلىق بولۇش ـ بولماسلىقىدۇر. كىشىلىك تۇرمۇشمۇ ئاشۇنىڭغا ئوخشاش، سىز توققۇزىڭىز تەل بولۇشقا ئېھتىياجلىق ئەمەس. مەيلى سىز قانداق ئەھۋالدا بولۇڭ، ئۆزىڭىزگە تۇشلۇق ئارتۇقچىلىقىڭىز بولىدۇ، مەسىلەن: سەمىمىيلىك، ئۆزگە ئىشىنىش، قەيسەرلىك ۋە ياكى بىرەر ھۈنىرىڭىز بار دېگەندەك. مۇشۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرەرىگە ئىگە بولسىڭىز ھەمدە ئۇنى ۋايىغا يەتكۈزسىڭىزلا، ئۇ سىزنىڭ ھاياتىڭىزدىكى كاپىتالىڭىزغا ئايلىنىدۇ.

## تۇرمۇش پەلەمپەيگە چىقىشقا ئوخشايدۇ

بىر جۈپ ئاكا ـ ئۇكىنىڭ ئۆيى 80 ـ قەۋەتتە ئىكەن. بىر كۈنى ئۇلار ساياھەتتىن قايتىپ كەلسە، بىنادا توك توختاپ كېتىپتۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ ئۆشنىسىدە يوغان سومكىلىرى بولسىمۇ، ئامالسىز پەلەمپەيدىن چىقىشقا مەجبۇر بوپتۇ. 20 ـ قەۋەتكە چىققاندا، ئۇلار ھېرىشقا باشلاپتۇ. بۇ چاغدا ئاكىسى: «مۇنداق قىلايلى، سومكىلىرىمىز بەك ئېغىركەن، ئۇلارنى مۇشۇ يەرگە قويۇپ قويۇپ، توك كەلگەندە لىفىت بىلەن چۈشۈپ ئاچىقىپ كېتەيلى» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سومكىلىرىنى 20 ـ قەۋەتكە تاشلاپ قويۇپ، يېنىك ھالدا داۋاملىق پەلەمپەيگە چىقىشقا باشلاپتۇ.

ئۇلار قىزىق پاراڭلارنى قىلىشقاچ داۋاملىق يۇقىرى ئۆرلەپتۇ. لېكىن ياخشى ۋاقىت ئۇزاق داۋاملاشماپتۇ، 40 ـ قەۋەتكە چىققاندا، ئىككىسى راستلا چارچاپ قاپتۇ. بىنانىڭ ئەمدى يېرىمىغا چىققانلىقىنى ئويلاپ، ئىككىسى بىر ـ بىرىدىن بىنادا توك توختاش ئۇقتۇرۇشىغا دىققەت قىلماپسەن، شۇڭا مۇشۇ كۈنگە قالدۇق، دەپ ئاغرىنىپتۇ. ئۇلار سوقۇشقانچە 60 ـ قەۋەتكە چىقىپتۇ، بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ سوقۇشقۇدەكمۇ مادارى

قالمىغان ئىكەن. «ئەمدى سوقۇشماي، قالغىنىغا چىشىمىزنى چىشلەپ چىقىۋېتەيلى» دەپتۇ ئىنىسى ئاكىسىغا. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ئۇن - تىنسىز هالدا پەلەمپەيدىن چىقىشقا باشلاپتۇ ۋە ئاخىر 80 - قەۋەتكە چىقىپتۇ. ئۇلار هاياجانلانغان هالدا ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، ئۆينىڭ ئاچقۇچىنىڭ 20 - قەۋەتتە قېپقالغان سومكىلىرىدا قالغانلىقىنى بايقاپتۇ...

ئانىلارغا سۆز: بەزىلەر، بۇ هېكايە كىشىلىك هاياتىمىزنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىپتۇ، دەيدۇ. ئىنچىكە ئويلاپ باقساق، بۇنداق دېيىشنىڭ هەقىقەتەن ئاساسى بارلىقىنى هېس قىلىمىز.

پەرزەنت تەربىيەلەش بىر تۈرلۈك زور قۇرۇلۇش بولغاچقا، ئانا بولۇش سۈپىتىم بىلەن هەر ۋاقىت ئۆزۈمنى ئەسكەرتىپ تۇرىمەن. بۇ قارىماققا تەسىرەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بالىمىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ قايسى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىۋېلىپ، بۇ باسقۇچتا نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئېنىقلىۋالسىمىزلا بولىدۇ.

بېل گايتىس مۇنداق دېگەنىدى: «سەن ئەڭ قىزىقىدىغان شەيئىگە كىشىلىك هاياتىڭدىكى مەخپىيەتلىك يوشۇرۇنغان بولىدۇ». گايتىسنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنى ئاتا - ئانىسىنىڭ تەربىيەسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. لېكىن ئۇ بالىلىق مەزگىلىدە، ئاتا - ئانىسى هەرگىزمۇ ئۇنىڭغا مىكروسوفتنى قۇرۇش نىشانىنى بېكىتىپ بەرمىگەن، بەلكى پەقەت ئۇنىڭ قىزىقىشى ۋە مەلۇم ئىشقا قىزىقىدىغان ياخشى

ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن. بۇ نۇقتىدا، ئاتا ـ ئانا بولغۇچىلار بالىسىنىڭ قىزنىقىشىغا ماسلىشىپ بەرسىلا بولىدى. بۇ دەل بىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىش، بۇنداق قىلالماسلىقىمىز ۋەزىپىمىزنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغانلىقىمىز، بۇ چېگرادىن ھالقىپ كەتكىنىمىز ھوقۇقتىن ھالقىپ كەتكىنىمىز ھېسابلىنىدۇ.

# ئاسمانغا ئۆرلىگەن شار

بىر قېتىم، بىر مال ساتقۇچى نيۇيورك كوچىلىرىدا شار سېتىۋاتقانىدى. سودىسى سەللا كاساتلاشقاندا، ئۇ بىر شارنى بوشلۇققا قويۇپ بېرەتتى. شار ئاسمانغا لەيلىگەندە، بىر توپ يېڭى خېرىدارلار ئۇنى ئورىۋالاتتى ـ دە، ئۇنىڭ سودىسى يەنە بىر مەھەل ياخشى بولاتتى. ئۇ ھەر قېتىم شار قويۇپ بەرگەندە، شارنىڭ رەڭگىنى ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى، دەسلەپتە ئاق رەڭلىكنى، كېيىن قىزىل رەڭلىكنى، ئۇنىڭ كەينىدىن سېرىق رەڭلىكنى قويۇپ بېرەتتى. سەل ئۆتكەندىن كېيىن، بىر نېگىر بالا ئۇنىڭ يېڭىنى تارتىپ، ئۇنىڭدىن بىر قىزىقارلىق سوئالنى سورىدى: «ئەپەندى، ئەگەر قويۇپ بەرگىنىڭىز قارا رەڭلىك شار بولسىمۇ، ئۇ ئاسمانغا ئۆرلەمدۇ؟»، مال ساتقۇچى بۇ بالىغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئەقىل ـ پاراسەتكە ۋە چۈشىنىشكە تولغان تەلەپپۇزدا: «بالام، بۇ شارلارنى ئىچىگە قاچىلانغان نەرسە بوشلۇققا ئېلىپ چىققان» دېدى. بۇ بالىغا مۇبارەك بولسۇن، ئۇ ھاياتىغا نىشان كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان بىر مال ساتقۇچىغا ئۇچرىدى!

ئانىلارغا سۆز: « بۇ شارلارنى ئىچىگە قاچىلانغان نەرسە

بوشلۇقتا ئېلىپ چىققان». بەلكىم ئۇ چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئىچكى مۇكەممەللىكىنىڭ ئۆزىنى ئالغا ئىلگىرىلەتكەنلىكىنى چۈشىنىپ قېلىشى مۇمكىن. باشقا بالىلارنىڭمۇ بۇ بالىدەك تەلىيى كېلىپ مۇشۇنداق ياخشى ئوقۇتقۇچىغا ئۇچرىيالىدىمۇ ـ يوق، بۇنىسى ماڭا نامەلۇم.

# ئۇقۇشماسلىق

ئامېرىكىنىڭ ئالياسكا ئىشتاتىدا بىر جۈپ ياش توي قىلىدۇ. تويدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي ئايال ئۇنىڭغا بىر بالا قالدۇرۇپ، قېيىن تۇغۇت سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئەر تۇرمۇش، ئۆي ھەلەكچىلىكىدە بالىغا ياخشى قاراپ كېتەلمەي، بىر ئىتنى تەربىيەلەيدۇ. ئۇ ئىت ناھايىتى ئەقىللىق، ياۋاش بولۇپ، بالىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالايتتى، ئېمىزگۈنى چىشلەپ بالىغا سۈت ئىچۈرەلەيتتى. بىر كۈنى، بۇ كىشى ئىتنى بالىسىغا قاراشقا قالدۇرۇپ قويۇپ سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ.

ئۇ سەھراغا بارغاندىن كېيىن قاتتىق قار يېغىپ كەتكەچكە، شۇ كۈنى ئۆيگە قايتىپ كېتەلمەيدۇ. ئەتىسى ئۆيگە بېرىشى بىلەنلا، ئىت ھاۋشىغىنىچە ئۇنى قارشى ئالغىلى چىقىدۇ. ئۇ ئۆيگە كىرىپ ھەممە يەرنىڭ، شۇنداقلا بالىنىڭ كارىۋىتىنىڭمۇ قان يۇقى تۇرغانلىقىنى، بالىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى، يېنىدا تۇرغان ئىتنىڭ ئاغزىنىڭمۇ قان يۇقى تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن غوجايىن ئىتنىڭ خۇيى تۇتۇپ قېلىپ بالامنى يەۋەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، ئاچچىقىدا خەنجىرىنى چىقىرىپ ئىتنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

كېيىن ئۇ توساتتىن بالىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ ھەمدە

ئۇنىڭ كارىۋات ئاستىدىن ئۆمىلەپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ بالىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ھەممە يېرى قان بولسىمۇ، لېكىن قىلچە زىيان ـ زەخمەت يەتمىگەنلىكىنى بايقايدۇ. زادى نېمە ئىش يۈز بەرگەندۇ؟ خوجايىن ئىتىغا سەپسېلىپ قاراپ، يوتىسىدىكى بىر پارچە گۆشىنىڭ يوق تۇرغانلىقىنى، يېنىدا بىر بۆرىنىڭ ئىتىنىڭ يوتا گۆشىنى چىشلىگەن ھالدا ياتقانلىقىنى كۆرىدۇ. ئەسلىدە، ئىت كىچىك خوجايىنىنى قۇتقۇزۇۋالغان، لېكىن چوڭ خوجايىنى ئۇقۇشماي ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى.

ئانىلارغا سۆز: ئۇقۇشماسلىق كۆپىنچە قارشى تەرەپنى چۈشەنمىگەن، ئەقىل ـ ھوشىنى يوقاتقان، سەۋر قاچىسى توشقان ۋە بەكمۇ ھاياجانلىنىپ كەتكەن ئەھۋالدا يۈز بېرىدۇ. ئادەمنىڭ ھايۋانغا بولغان ئۇقۇشماسلىقىدىن بۇ قەدەر قورقۇنچلۇق ئاقىۋەت كېلىپچىققان يەردە، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئۇقۇشماسلىقتىن كېلىپچىقىدىغان ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلماق تېخىمۇ تەس.

ئويلاپ باقايلى، بالىلارنى توغرا چۈشەنمەسلىكىمىزدىن، ئۇلارغا روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن يارا پەيدا قىلىپ قويغان ۋاقتىمىز بارمۇ ـ يوق؟ بەزىدە بۇ يارىلارنى داۋالاپ ساقايتىش مۇمكىن بولمايدۇ. بالا تەربىيەلەش باشقا ئىشلارغا ئوخشىمايدۇ، ياخشى تەربىيەلىيەلمىگەندە، قايتىدىن باشلايچۇ دېگىلى بولمايدۇ. بالا تەربىيەلەشتە سادىر قىلغان سەۋەنلىكلىرىمىزنىڭ ئورنىنى تولدۇرالايمىزكى، ئۇنى ھەرگىز قايتىدىن باشلىيالمايمىز. شۇڭا بالىڭىزنى خاتا چۈشىنىپ قېلىشتىن قەتئىي ساقلىنىڭ.

# دۆلەت چېگراسى ھالقىغان مۇھەببەت

دىڭ داۋېي ئامېرىكىلىق، ئۇنى تېلېۋىزوردىن تونۇغانىدىم، بۇ ئامېرىكىلىق مېنى ناھايىتى قاتتىق تەسىرلەندۈرگەنىدى.

شۇ چاغدا، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «چىن سۆز» پىروگراممىسى دىڭ داۋېينى تەكلىپ قىلغانىكەن. تېلېۋىزورنى ئاچسام، ئۇ رىياسەتچى سۈي يۇڭيۈەن بىلەن پاراڭلىشىپتۇ. سۈي يۇڭيۈەن كۈلۈپلا تۇراتتى، لېكىن دىڭ داۋېي ناھايىتى سەمىمىي ھالەتتە ئولتۇراتتى.

دىڭ داۋېينىڭ ھېكايىسى مۇنداق ئىدى: بەش يىل ئىلگىرى ئامېرىكىلىق ياش دىڭ داۋېي جۇڭگوغا كېلىپ، شەھەر ئەتراپىدىكى ئادەتتىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئادىمىيلىك پەزىلىتى ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى باشقىلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىپ، كېيىنچە بۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولۇپ قالىدۇ. 1998 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىغا بېرىپ كۆرۈپ بېقىشنى نىيەت قىلغان دىڭ داۋېي گەنسۇنىڭ لەنجۇ شەھىرىگە كېلىپ، غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا تەكلىپ بويىچە ئوقۇتقۇچى بولىدۇ.

دىڭ داۋېي ئانچە سۆزمەنلەردىن ئەمەس ئىدى، بىراق زېرەك

سوي يوڭيوەن ئۇنى مۇنداق شەكىلدە «قىلتاق» قا ئىلىندۇرىدۇ.

— دىك داۋىي، سىز ئۇنىۋېرسىتېتقا ئوقۇتقۇچى بولۇشقا بارغاندا، «مەن ئىلگىرى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، نۇرغۇن ئوقۇتۇش تەجرىبىسى توپلىدىم، شۇڭا ئۇنىۋېرسىتېتقا ئوقۇتقۇچى بولۇشقا كەلدىم» دېگەنمىدىڭىز؟

— شۇنداققۇ دەيمەن، — دەيدۇ دىك داۋىي.

داۋېينىڭ سۆزى مەيداندىكى كىشىلەرنى كۈلدۈرۈۋېتىدۇ. تېخىمۇ قىزىقارلىقى تېخى ئالدىدا. مەكتەپ دىك داۋېينىڭ ئايلىق مائاشىنى 1200 يۈەن قىلىپ بېكىتىدۇ. داۋىي باشقىلاردىن «1200 يۈەن لەنجۇدا يۇقىرى مائاش ھېسابلىنامدۇ؟» دەپ سورىغاندا، باشقىلار «يۇقىرى ھېسابلىنىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ مەكتەپ رەھبەرلىكىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىزدەپ، مائاشىنى 900 يۈەنگە چۈشۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەكتەپ ئۇنىمىغاندا، داۋىي پەقەت قوشۇلمايدۇ ھەمدە: «ھەرقانچە بولسىمۇ 1000 يۈەندىن ئېشىپ كەتمىسۇن» دەيدۇ. كېيىن مەكتەپ ئۇنىڭغا ئېيىغا 950 يۈەن مائاش بېرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىشى ناھايىتى كۈلكىلىك بولسىمۇ، لېكىن مەن نەق مەيداندىكى تاماشىبىنلارنىڭ بىرىنچىمۇ كۈلمىگەنلىكىنى بايقىدىم. سوي يوڭيوەن ئۇنىڭدىن: «داۋىي، ئايلىق مائاشىڭىز يەتتىمۇ؟» دەپ سورىغاندا، داۋىي: «يەتتى، ئايلىق مائاشىمغا تاماق بېلىتى سېتىۋالغاندىن سىرت، يەنە پوچتا ماركىسى سېتىۋالىمەن، ئائىلەمدىكىلەرگە تېلېفون قىلىمەن، ئۈچ - تۆت يۈز يۈەن

بولسىلا يېتىدۇ» دەيدۇ. مەن تاماشىبىنلارنىڭ «ۋاھ!» دەپ ھەيران قالغانلىقىنى كۆردۈم، بەزىلەرنىڭ بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەنلىكىنى بايقىدىم. بۇنداق تەسىرلەندۇرۇشكە دەرسلىك كىتابلار ۋە ئاتا ـ ئانىنىڭ تەربىيەسى ئارقىلىق يەتكىلى بولمايدۇ. لېكىن مېنى ھەقىقىي تەسىرلەندۇرگىنى تۆۋەندىكى كۆرۈنۈش بولدى:

رېژىسسور بۇ بىر قىسىم پىروگراممىنى ئىشلىگەندە، داۋېيغا ھەممە بىساتىنى: ئادەتتە بىز ساياھەتكە چىققاندا ئېلىۋالىدىغان يۇدۇمە سومكىچىلىكمۇ كەلمەيدىغان، لېكىن ئىچى «مول مەزمۇن»غا تولغان بېرزىنت سومكىسىنى ئېلىپ كېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھالبۇكى، بۇنىڭ بىر ئامېرىكىلىق ياشنىڭ جۇڭگودا ياشىغان بەش يىل ئىچىدە يىغقان، بىز ئادەتتىكى كۆزىمىز بىلەن كۆرەلەيدىغان بايلىقى ئىكەنلىكىنى پەقەتلا ئويلاپ يېتەلمىدۇق. سۇي يۇڭيۇەن داۋېيدىن بىساتلىرىنى بىر ـ بىرلەپ كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلغاندا، داۋېينىڭ يۈزى قىزىرىپ كېتىدۇ ۋە سومكىسىنى ئېچىپ تۆۋەندىكى نەرسىلەرنى چىقىرىدۇ:

داۋېينىڭ يۇرتىدىكى پۇتبول كوماندىسىنىڭ كوماندا شەپكىسى. ئۇ شەپكىنى كىيىپ كۆرسەتكەندە، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى پەخىرلىنىشنى كۆردۈم.

بىر ئالبوم. ئۇنىڭدا ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى، دوستلىرى ۋە يەنە ئۇ ئوقۇتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۈرىتى بار ئىدى.

بىر دانە نەپىس ياسالغان رامكىغا ئېلىنغان بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئوپچە سۈرىتى. داۋېي ئۇنى سومكىسىدىن

چىقارغاندا، رامكىنىڭ ئەينىكى سۇنۇپ كەتكەن ئىدى (بۇ چاغدا داۋىينىڭ چىرايىدىن ئاسانلىقچە بايقىغىلى بولمايدىغان ئىچىنىش ئىپادىسىنى كۆردۈم. ھايال ئۆتمەي، پىروگراما گۇرۇپپىسىدىكىلەر يېڭى بىر سۈرەت رامكىسىنى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلدى. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ بۇ ئاددىي ھەرىكىتى مېنى شۇ قەدەر قايىل قىلدى. ئۇنىڭدا باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدىغان پەزىلەت ۋە جۇڭگولۇقلارنىڭ چەت ئەللىك دوستلارغا بولغان ھۆرمىتى ئىپادە قىلىنغانىدى.)

ئىككى يۇرۇش ئالماشتۇرۇپ كىيىدىغان كىيىم. بۇنىڭ ئىچىدە بىر ھەربىيچە چاپان بولۇپ، ئۇنى داۋىينىڭ دادىسى ياش ۋاقتىدا ئەسكەر بولغاندا كىيگەن ئىكەن، ئۇنىڭغا توپتوغرا 40 يىل بوپتۇ. داۋىي چاپاننى تاماشىبىنلارغا كۆرسەتكەندە، مەغرۇر ھالدا «ئۇ نېمىدېگەن چىرايلىق!» دېدى.

بىر جۈپ يۇيۇلمىغان ئادەتتىكى تەنھەرىكەت ئايىغى. ئۇ يەنە قانداقتۇر داڭلىق ماركىلىق ئاياغمۇ ئەمەس ئىدى. داۋىي ئۇنى سومكىسىدىن چىقارغاندا، سۆي يۆگىيۈەن ھەرقانچە قىلسىمۇ، ئاياغنى تۇتقىلى قويماي، «بۇ ئاياغ سېسىق پۇرايدۇ» دېدى.

بىر نەچچە تاماق قاچىسى، ئىستاكان، چىش چوتكىسى، ساقال ئالغۇچلاردىن تەركىب تاپقان تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى.

ئاخىرىدىكىسى ئۇ دائىم يېنىدا ئېلىپ يۈرىدىغان بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق ئىدى. داۋىي بايراقنى ئېچىپ تاماشىبىنلارغا كۆرسەتكەندە، شۇنچە چوڭ نومۇر ئېلىش زالى

سوكـوتكه چۆمـۈپ كەتتـى، نـەق مەيدانـدىكى مۇزىـكـا ئەترىـتـى چوڭقۇر ھېسسىياتقا تولغان «مېنىڭ ۋەتىنىم» دېگەن مېلودىيەگە ئورۇندىدى. سوي يۇگىيۇەن ئۇنىڭدىن: «نېمىشقا بـەش يۇلتۇزلـۇق قىزىل بايراقنى ھـەر دائىم يېنىڭىـزدا ئېلىـپ يۈرىسـىز؟» دەپ سورىغـىدى، داۋېي: «ئۇنى ھـەر دائىم يـېنىمـدا ئـېلىـپ يـۈرۈپ، ئـۆزۈمگە ھازىـر جۇڭگودا تـۇرۇۋاتقانلـىقىمـنى، خەنزۇ تـىلىـنى كۆپرەك سۆزلـەشـنى ئەسكـەرتىپ تۇرىـمەن. باشقـىلار ياتـىقىمغـا كىرسـىمۇ، تامدا ئـېسىقـلىق تۇرغـان بەش يۇلـتـۇزلۇق قـىزىـل بايراقـنى كۆرسە، ئـارىمىـزدىـكى يېـتـىرقاش يـوقـايدۇ. ئۇنـىڭ ئۈستـىگە، بۇ بـايـراقنى كـۆرسـەم، ئۆزۈمگـە: ‹سـەن ھازىـر بـىـر جۇڭگو ئـوقۇتقـۇچـىسى، شـۇڭـا جۇڭگـو ئـۇچۇن كۆپـرەك ئـادەم تەربىيەلـەپ بېرىشىڭ كېرەك› دەپ نەسىھەت قىلىـپ تۇرىمەن.»

داۋېينىڭ ئاددىي سۆزلىرى ماڭا دۆلەت بايرىقىنى باشقا بىـر نۇقـتىدىن تـونۇتتى، شـۇنداقلا كۆز ياشلىرىـم ئىختـىيارسـىز ئېقىشقا باشلىدى. سوي يۇگىيۇەن ئۇنىڭدىن: «جۇڭگودا جاپا ھېس قىلـىۋاتامسـىز؟» دەپ سورىغىدى، داۋېي: «ناھايـىتى ياخـشى تۇرۇۋاتىمـەن، مەسـىلـەن: بۇ قېـتـىم مەركـىزىي تېلـېۋىزىـيـە ئىستانسىسى مەندەك بىر ئاددىي ئادەمنى پىروگرامىغا تەكلىـپ قىلـدى، مېنى ئـايروپىلانغا ئولتـۇرغۇزدى، ياخـشـى تاماقـلارنـى بەردى» دېدى. بۇنـىڭدىـن سـوي يۇگـيـۇەنـنىڭ خـىجىل بـولـۇپ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇ يـۇمۇرلۇق قىلـىپ: «سىـز بـىـزنىڭ جۇڭـگودىـكى بـىـر ئـادەمـگـە، يـەنى لـېي فېـڭـغا

ئوخشايدىكەنسىز» دېگەندە، داۋېي سەل ئويلىنىپ كېتىپ: «راست، ئازراق ئوخشاپ قالىدىكەنمەن» دېدى. ئۇنىڭ گېپىدىن كۆپچىلىك پاراقىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. «لېكىن لېي فېڭ ناھايىتى ئاددىي ئادەم، ئۇ پەقەت ۋىجدانىغا ئاساسەن ئىش قىلىدۇ، بۇنداق ئادەم پەقەت بىرلا بولماسلىقى كېرەك، بۇنى ھەرقانداق ئادەم قىلالايدۇ» دېدى داۋېي قوشۇمچە قىلىپ، لېكىن بۇ چاغدا ھېچكىم كۈلمىدى.

پىروگراما ئاخىرلىشاي دېگەندە، سۈي يۈڭيۈەن دىڭ داۋېيدىن: «دىڭ داۋېي، باشقىلارنىڭ سىزگە بەرگەن باھاسىنى ئاڭلاپ باققانمۇ؟» دەپ سورىۋېدى، داۋېي: «ئاڭلاپ باقمىغان» دېدى. «ياخشى، ئەمسە ھازىر ئاڭلاپ بېقىڭ» دېدى سۈي يۈڭيۈەن. شۇنىڭ بىلەن كۆز ئالدىمىزدا دىڭ داۋېينىڭ خىزمەتداشلىرى، ئۇ ئىلگىرى ئوقۇتقان ئوقۇغۇچىلار ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ئالمىشىپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇلار دىڭ داۋېينىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ۋە سۆيۈملۈك جايلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلىدى، بەزىلەر سۆزلەۋېتىپ ھېسسىياتلىنىپ كېتىپ كۆز چانىقى ياشقا تولدى. بىر قىز ئوقۇغۇچى ئېكرانغا توغرىلىنىپ: «دىڭ مۇئەللىم مېنى ئەزەلدىن تىللاپ باقمىغان، لېكىن مەن ئۇنىڭدىن بەك قورقىمەن، ئۇنىڭ مەندىن ئۈمىدسىز قالغان ھالىتىنى كۆرۈشتىن قورقىمەن!» دېدى. ئاخىرىدا ئېكراندا دىڭ مۇئەللىم ئوقۇتقان باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى كۆرۈنۈپ، ئۇلار ئېكرانغا تىكىلگەن

ھالدا كۆزلىرىدىن ياش ئاققۇزۇپ: «قايتىپ كېلىشىڭىزنى كۈتىمىز!» دەپ ۋارقىراشتى.

دىڭ داۋېينىڭ چوڭ ئېكرانغا قاراشقا پېتىنالماي، بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئامېرىكىلىق بىر ياشنىڭ جۇڭگودا كىشىلىك دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىگە ئېرىشكەنلىكىدىن قەلبىم لەرزىگە كېلىپ، كۆز ياشلىرىم يەنە بىر قېتىم ئىختىيارىمغا بويسۇنمىدى.

ئاددىي ـ ساددا، ئانچە قاملاشقان ھېسابلانمايدىغان دىڭ داۋېي ماڭا ئەڭ كۈچلۈك تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بىر دەرس ئۆتكەنىدى، بۇ دەرسنىڭ مەزمۇنى كىتابتىمۇ يوق ئىدى.

ئانىلارغا سۆز: باللار بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغاندا، خۇددى بىر ۋاراق ئاق قەغەزگە ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ ھېسسىياتى شۇ قەدەر ئاددىي، چىن، قەلبى پاك ۋە نۇقسانسىز كېلىدۇ. بەلكىم، بىز ئۇزاق تارىخىي ئەنئەنىگە ئىگە دۆلەتتە ياشاۋاتقان بولغاچقا، زىممىمىزگە ئىنتايىن ئېغىر يۈكنى ئېلىۋالغان بولۇشىمىز مۇمكىن. لېكىن شۇنى ئۇنتۇمايلى، باللارنىڭ ئاددىي ـ ساددا، چىن ھېسسىياتى تۇغما بولىدۇ. مەن ئامېرىكىلىق ئائىلە تەربىيەسى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئاتا ـ ئانىلارغا بەرگەن بىر قىسىم تەكلىپلىرىدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن. ئۇلار پەرزەنت تەربىيەلەشتە تۆۋەندىكى بىر قانچە قانۇنىيەت بولىدۇ، دەپ قارايدىكەن:

تەۋەلىك قانۇنىيىتى: باللارنىڭ ساغلام ئائىلە شارائىتىدا

ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش؛ ئۈمىد قانۇنىيىتى: بالىلارنى مەڭگۈ ئۈمىدلەندۈرۈپ تۇرۇش؛ كۈچ قانۇنىيىتى: بالىلار بىلەن مەڭگۈ ئۇستۇنلۇك تالاشماسلىق؛ باشقۇرۇش قانۇنىيىتى: بالىلار قۇرامىغا يېتىشتىن ئىلگىرى باشقۇرۇش ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مەجبۇرىيىتى؛ ئاۋاز قانۇنىيىتى: ئۇلارنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىش؛ ئۈلگە قانۇنىيىتى: سۆز ـ ھەرىكەت ئارقىلىق بالىلارغا ئۈلگە بولۇشنىڭ رولى ئىنتايىن زور؛ جازالاش قانۇنىيىتى: بۇ قانۇنىيەت بالىلاردا ئاسانلا قارشىلىشىش ۋە ئۆچ ئېلىش پسىخىكىسى پەيدا قىلىپ قويىدۇ، ئىشلەتكەندە ئېھتىيات قىلىڭ؛ ئاقىۋەت قانۇنىيىتى: بالىلارغا ھەرىكەتتى پەيدا قىلىدىغان ئاقىۋەتنى چۈشەندۈرۈش.... قاتارلىقلار.

# ئانىنىڭ ئالمىسى

ئامېرىكىلىق بىر پىسخىكشۇناس ئانىنىڭ ئادەمنىڭ ھاياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، ئامېرىكىدىن 50 نەپەر ئۇتۇق قازانغان زاتنى تاللاپ چىقىپتۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەرقايسى ساھەلەردە قالتىس ئۇتۇقلارنى قازانغان كىشىلەر ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ يەنە جىنايەت ئۆتكۈزۈش خاتىرىسى بار 50 كىشىنى تاللاپ، ھەربىرىگە خەت ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ئانىسىنىڭ ئۆزلىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغان. كەلگەن خەتلەر ئارىسىدىكى ئىككى پارچە خەت ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلغان. بۇ خەتنىڭ بىرى، ئاقسارايدىكى مەلۇم بىر داڭلىق شەخستىن؛ يەنە بىرى، تۈرمىدە جازا ئۆتەۋاتقان جىنايەتچىدىن كەلگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ تىلغا ئالغىنى ئوخشاش بىر ئىش، يەنى كىچىك ۋاقتىدا ئانىسىنىڭ ئۇلارغا ئالما تەقسىملەپ بەرگەن ئىشى ئىكەن.

تۈرمىدىكى جىنايەتچى خېتىدە مۇنداق يازغانىدى: كىچىك ۋاقتىمدا، بىر كۈنى ئانام بىر نەچچە ئالما ئېلىپ كەلدى. ئالمىلار قىپقىزىل، چوڭىمۇ، كىچىكىمۇ بار ئىدى. بىر قاراپلا ئۇلار ئارىسىدىكى ھەم يوغان، ھەم چوڭ ئالمىغا كۆزۈم چۈشۈپ،

ئۇنى يېگۈم كەلدى. بۇ چاغدا ئانام ئالمىلارنى ئۈستەلگە تىزىپ، مەن ۋە ئىنىمدىن: «قايسىسىنى يېگۈڭلار بار؟» دەپ سورىدى. مەن ئەمدىلا «ئەڭ چوڭ، ئەڭ قىزىلىنى يەيمەن» دەي دەپ تۇرۇشۇمغا، ئىنىم چاققان چىقىپ مەن دېمەكچى بولغان گەپنى ئالدىدا دەۋەتتى. ئانام بۇنى ئاڭلاپ، ئىنىمغا بىر چەكچىيىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنى ئەيىبلەپ: «ياخشى بالا دېگەن ياخشى نەرسىلەرنى ئۆزۈمنىڭ قىلىۋالىمەن دېمەي، باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىشى كېرەك» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن دەرھال ئەقلىمنى تېپىپ، دېمەكچى بولغان گېپىمنى ئۆزگەرتىپ: «ئانا، مەن ئەڭ كىچىكىنى يەي، چوڭىنى ئىنىم يېسۇن» دېدىم. ئانام گېپىمنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە مەگىزىمگە «چوككىدە» بىرنى سۆيۈپ قويغاندىن كېيىن، ھېلىقى ھەم قىزىل، ھەم يوغان ئالمىنى ماڭا مۇكاپات قىلىپ بەردى. مەن ئېرىشمەكچى بولغان نەرسەمگە ئېرىشتىم، شۇنىڭدىن باشلاپ مەن يالغانچىلىقنى ئۆگەندىم، كېيىنچە يەنە ئۇرۇشۇش، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىقنى ئۆگەندىم، ئېرىشمەكچى بولغان نەرسەمگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ۋاستە تاللىمىدىم. مانا ھازىر مەن تۈرمىدە يېتىپتىمەن.

ئاقسارايدىكى داڭلىق كىشىدىن كەلگەن خەتتە مۇنداق يېزىلغانىدى: كىچىك ۋاقتىمدا، بىر كۈنى ئانام بىر نەچچە ئالما ئېلىپ كەپتۇ، ئالمىلار قىپقىزىل، كىچىكىمۇ، چوڭىمۇ بار ئىدى. ئىنىلىرىم مەن بىلەن چوڭىنى يەيمىز، دەپ تالاشتى. بۇ

چاغدا ئاپام ئەڭ چوڭ، ئەڭ قىزىل ئالمىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ بىزگە: «بۇ ھەم قىزىل، ھەم چوڭ، ھەم تاتلىق ئالمىنى ھەممىڭلار مەن يەيمەن دەۋاتىسىلەر. ناھايىتى ياخشى، ھازىر سىلەرنى مۇسابىقىگە سالىمەن، ئىشىك ئالدىدىكى چىمەنلىكنى ھەربىرىڭلارغا بىر پارچىدىن قىلىپ ئۈچكە بۆلىمەن، كىمكى ئۇنى ئەڭ تېز، ئەڭ سوپەتلىك قىلىپ قىرقىپ بولسا، مۇشۇ ئالما شۇنىڭغا تەۋە بولىدۇ!» دېدى.

ئاكا ـ ئىنى ئۈچەيلەن چىم قىرقىش مۇسابىقىسىگە چۈشتۇق، نەتىجىدە مەن ئەڭ چوڭ ئالمىغا ئېرىشتىم.

مەن ئانامغا كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن، ئۇ ماڭا ئەڭ ئاددىي، ئەڭ مۇھىم بىر قائىدىنى، يەنى ئەڭ ياخشىسىغا ئېرىشمەكچى بولساڭ، چوقۇم تىرىشىپ بىرىنچىلىكنى قولغا كەلتۈرۈشۈڭ كېرەك، دېگەننى ئۆگەتتى. ئۇ بىزنى ئىزچىل مۇشۇنداق تەربىيەلىدى. ئۆيىمىزدە ياخشى نەرسىگە ئېرىشمەكچى بولساق مۇسابىقىگە چۈشەتتۇق، بۇ ناھايىتى ئادىل بولاتتى. نېمىگە، قانچىلىك ئېرىشىشنى ئويلىساڭ، چوقۇم بۇنىڭغا تۇشلۇق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىڭ ۋە بەدەل تۆلىشىڭ كېرەك!

ئانىلارغا سۆز: «كەلگۈسى بۆشۈك تەۋرەتكەن ئانىلارنىڭ قولىدا». ئانا بالىنىڭ تۇنجى ئۇستازى، ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم يالغان ئېيتىشنى ئۆگەتسىڭىزمۇ، ياكى ئۇنى سەممىي، بىرىنچىلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مەڭگۈ تىرىشىدىغان ئادەم قىلىپ تەربىيەلىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

«بىرىنچى ئانا ـــ زۇكۇتۇكىلارنى يېتىشتۈرگەن ئاياللار» ناملىق كىتابتا، بۇنى ئانگلىلو مۇنداق دېگەنىدى: زۇكۇتۇكىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان ئۇلۇغ ئانىلارنىڭ ھەممىسى مۇستەقىل، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان قەيسەر ئاياللار. ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكىنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن جاپالىق ۋە ئازابلىق ئۆتكەن، لېكىن ئۇلار بۇلارغا تىز پۈكمەي يېڭىپ چىققان. ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرسا، ئۈمىدسىزلىك تۇيغۇسى ئۇلارغا مەدەت بېرىپ تۇرغان، قەتئىي تەۋرەنمەس ئېتىقاد ئۇلارغا مەدەتكار بولغان. ھەربىر ئانا ئۆز قابىلىيىتىنى ئوغلىغا سىڭدۈرگەن، شۇڭا ئوغلىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنىڭمۇ مۇۋەپپەقىيىتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى نامايان قىلىشنى، ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلغان، مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ ئارزۇسى رېئاللىققا ئايلاندى.

# ياقتۇرىمەن، ياقتۇرمايمەن

ئائىلە سۆھبىتى قىلغان ۋاقتىمدا، بىر ئوقۇغۇچۇم سىنىپ-تىكى مەلۇم بىرىنى ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغانلىقىنى، چۈنكى ئۇنىڭ ھەمىشە ئۆزى بىلەن بەسلىشىپ، ئۇنىڭ ئۆگىنىشىگە تەسىر يەت-كۈزگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. مەن بۇ ئوقۇغۇچۇمدىن: «سىز ئالمىغا ئامراقمۇ؟» دەپ سورىۋىدىم، ئۇ بۇنداق سورىشىمنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى، لېكىن ئاخىرىدا يە-نە: «ياق، مەن نەشپۈتكە ئامراق» دەپ جاۋاب بەردى.

— ئالما يېيىشنى ياقتۇرمامسىز؟

— ھەئە.

— ئۇنداقتا ئالمىغا ئامراق ئادەم يوقكەن-دە؟

— ئەلۋەتتە بار!

— ئەمىسە ئالمىغا ئۆچلىكىڭىز ئالمىنىڭ سەۋەنلىكىمۇ؟

ئۇ كۈلۈپ كەتتى:

— ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس.

— ئۇنداقتا ئۇنىڭغا ئۆچلىكىڭىز سىزنىڭ خاتالىقىڭىزمۇ؟ سىز نەشپۈت يېيىشكە ئامراققۇ-ھە؟

— ھەئە.

— ئەگەر ئوبدان ئۆتىدىغان دوستىڭىز كەلسە، ئۇنى نەشپۈت بىلەن مېھمان قىلامسىز؟
— ھەئە.
— ئۇنىڭ نەشپۈتكە ئامراقلىقىنى قانداق بىلىسىز؟
— سورايمەن - دە.
— ئۇنداقتا ياخشى، لېكىن نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار ئۆزى ياقتۇرغان نەرسىنى باشقىلارمۇ ياقتۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ!

ئانىلارغا سۆز: بىر بالا ئۆزى نەشپۈتنى ياخشى كۆرگەچكە، بىلىقنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ، دەپ قاراپ، نەشپۈتنى يەمچۈك ئورنىدا قارماققا ئىلىپ بېلىق تۇتماقچى بوپتۇ، لېكىن بېلىق يەقەت قارماققا ئىلىنماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ بالا: «بۇ بېلىققا نېمە بولغاندۇ؟» دەپ ئاغرىنىپتۇ. بۇ بالىنىڭ لوگىكىسى نېمىدېگەن كۈلكىلىك - ھە! قورقۇنچلۇقى، بىزدەك ئۆزىمىزنى پىشقان دەپ ھېسابلايدىغان ئاتا - ئانىلار مۇشۇنداق لوگىكىنى بالىلارغا تەتبىقلىماقچى بولىمىز. بىز يا بالا بولمىساق، بالىنىڭ قانداق قىلسا خۇشال بولىدىغانلىقى، قانداق قىلسا خۇشال بولمايدىغانلىقىنى قانداق بىلىمىز؟ بالىلارنىڭ دۇنياسىدا چوڭلار جەمئىيىتىگە ئوخشىمايدىغان ئۆلچەملەر بولىدۇ، شۇڭا ئۆزىمىزنىڭ ئۆلچەملىرىنى ئۇلارغا تاڭماسلىقىمىز كېرەك.

لېكىن رېئال تۇرمۇشتا، نۇرغۇن ئانىلار دەل مۇشۇنداق سەۋەنلىكنى سادىر قىلىدۇ. بالىسى تۆمۈر توقماق ئوينايمەن

دېسە، ئۇلار ئۇنىڭغا مەجبۇرىي ھالدا ئويۇنچۇق ماشىنىنى تۇتقۇزۇپ قويىدۇ. بۇنداق مىساللار ساناقسىز. ئەمەلىيەتتە، ئەگەر بىر بالىنىڭ ئالدىغا رەڭگارەڭ ئويۇنچۇقلار بىلەن بىر ئۆلۈك قۇرتنى قويۇپ قويسا، مېنىڭچە ئۇ ئالدى بىلەن قۇرتنى تاللايدۇ. بۇ ئەسلىدىنلا بالىلارنىڭ تەبىئىتى، لېكىن ئانىلار ھەمىشە تۈرلۈك باھانىلەر بىلەن ئۇنىڭغا بۇ نەرسىنى ئوينىغىلى قويمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بالىنىڭ نامەلۇم دۇنيا ئۈستىدە ئىزدىنىش ئىستىكى ئانىلارنىڭ «ياخشى نىيىتى» بىلەن بوغۇۋېتىلىدۇ. ئويلاپ باقايلى، بىزمۇ ئاشۇنداق قىزغىن كۆيۈنۈشلەر ئاستىدا، مۇشۇنداق سەۋەنلىكلەرنى سادىر قىلىپ سالىمىزمۇ ـ قانداق؟

# 100 ـ دېڭىز يۇلتۇزى

بىر ئارالـدا دائىم تۇرۇشـلۇق بىر هـايۋاناتشـۇناس مەخسـۇس مايمۇنلارنى تەتقىق قىلىدىكەن. بىر كۈنى، بـىر مايمـۇن بالىسى يېڭىدىن تۇغۇلۇپتىكەن، ئۇ ئۇنىڭغا «يىمۇ» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ.

بىر كۈنى سەھەردە، تۇغۇلغىنىغا ئۇزاق بولمىغان يىمۇ ئـۆزى يـالغۇز دېڭىز تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. بۇ ۋاقىتتـا ئارالدىكى ھەممە مايمۇن جىمىپ كېتىپتۇ، پۈتكـۈل ئارالمۇ تـىمتاسلىققا چۆمۈپتۇ، هايۋاناتشۇناسمۇ تۇرۇپ قـاپتۇ. كۆپچىلىك قانداقتـۇر بـىر نېمىنى كۈتـۈۋاتقانـدەك قىلاتتـىكەن، مايمـۇنلار بىلەن هايـۋاناتشۇنـاسنىڭ كـۆزى يىمـۇغـا ئەگىشىپ دېڭىز بويىغا يۆتكىلىپتۇ...

نېمىشقا بۇنداق بولـىدىغاندۇ؟ ئەسلىدە، يـىمۇ تۇغـۇلۇشتىن ئىلگىرى ئارالدىكى مايمۇنلار ئەجدادلىرىدىن تارتىپ دېڭىز بويىغا بېرىپ باقمىغان، بىرمۇ مايمۇن دېڭىز سۈيىگە چىلىشىپ باقمىغان ئىكەن. بۇنىڭ سەۋەبىنى هايۋاناتشۇناسمۇ بىلمەيدىكەن. ئۇمۇ ئارالدىكى بىرەر مايمۇننىڭ دېڭىزغا يېقىنلاشقانلىقىنى كۆرۈپ بـاقمىغان ئىكەن. ئىلگىرى تۈرلۈك چارىلەر بىلەن مايمـۇنلارنى دېڭىزغا يېقىنلىشىشقا قىزىقتۇرغان بولسىمۇ،

مەغلۇپ بولغان ئىكەن. بۇ بەلكىم ئارالدىكى بىرىنچى مايمۇن دېڭىز بويىغا بېرىپ باقمىغان بولغاچقا، كېيىنچە تۇغۇلغان مايمۇنلارمۇ دېڭىزغا يېقىن يولىمىغان بولۇشى مۇمكىن.

ئۇزاق ئۆتمەي يىمۇ دېڭىز بويىغا بېرىپتۇ. ئۇ ئالدى بىلەن بىر پۇتىنى مۇزدەك دېڭىز سۈيىگە چىلاپتۇ، ئارقىدىن يەنە بىر پۇتىنىمۇ چىلاپتۇ. كېيىن كۆپچىلىك يىمۇنىڭ دېڭىزغا چوڭقۇرلاپ كىرىپ، ئىككى بىلىكى بىلەن سۇنى ئۇرۇپ ناھايىتى خۇشال ئوينىغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. يىمۇ يەنە دېڭىز سۈيى ئىچىدە سەكرەپتۇ، يەنە تېخى باشقىلارنىمۇ كېلىپ بىللە ئويناشقا چاقىرىپتۇ. بىراق باشقا مايمۇنلارنىڭ بىرىمۇ بېرىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ...

بۇ كۈن مانا مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتىپتۇ. لېكىن بۇ كۈن ھايۋاناتشۇناس ئۈچۈن ئالاھىدە بىر كۈن بوپتۇ، چۈنكى بىر مايمۇن تۇنجى قېتىم دېڭىز سۈيىگە چۆمۈلگەن ئىكەن.

كېيىن، يىمۇ دائىم ئۆزى يالغۇز دېڭىز بويىغا بېرىپ ئوينايدىغان، دېڭىز سۈيىگە چۆمۈلىدىغان بوپتۇ...

ئۇزاق ئۆتمەي، ئارالدا يەنە بىر مايمۇن تۇغۇلۇپتۇ. ئىللىق بىر سەھەردە، پۈتكۈل ئارال يەنە بىر قېتىم جىمجىتلىققا چۆمۈپتۇ. ئەسلىدە يىمۇ ھېلىقى يېڭى تۇغۇلغان مايمۇنچاقنى يېتىلەپ دېڭىز بويىغا كېتىۋاتقان ئىكەن. ھايال ئۆتمەي ئۇلار دېڭىز بويىغا بېرىپتۇ، ئارقىدىن كۆپچىلىك ئۇلار ئىككىسىنىڭ دېڭىز سۈيى ئىچىدە خۇشال ئويناشقانلىقىنى، ئارالدىكى باشقا

مايمۇنلارنى قول ئىشارىتى قىلىپ چاقىرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. لېكىن دېڭىز بويىدا ئويناشقىنى يەنىلا ئۇلار ئىككىسى بوپتۇ. ھايۋاناتشۇناس دېڭىز بويىدا ئۇلارنى كۆزىتىپ، ھاياجانلانغىنىدىن كىچىككىنە كىرپىك قاقماپتۇ. ئەتىسى سەھەردە، ئۇ ھېلىقى يېڭى تۇغۇلغان مايمۇنچاققا «دېڭىز يولتوزى» دەپ ئات قويۇپتۇ ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن ئارالدا تۇغۇلغان مايمۇنچاقلاردىن دېڭىز بويىغا بېرىپ ئويناشقا جۈرئەت قىلالىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى «دېڭىز يۇلتۇزى» دەپ ئاتاشنى قارار قىپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي ئارالدا يەنە بىر مايمۇنچاق تۇغۇلۇپتۇ، ئوخشاشلا يىمۇ ئۇنى يېتىلەپ دېڭىز بىلەن ئۇچراشتۇرۇپتۇ، ئاخىرىدا ئۇلار دېڭىزدا ناھايىتى خۇشال ئويناپتۇ... مۇشۇنداق قىلىپ، ھەربىر مايمۇنچاق تۇغۇلغاندا، يىمۇ ئۇلارنى دېڭىزغا يېتىلەپ ئاپىرىپ ئويناتقىدىغان بوپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ، يىمۇنىڭ «99دېڭىز يۇلتۇزى» بار بوپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئارالدا يەنە بىر مايمۇنچاق تۇغۇلۇپتۇ، ئۇ بۇ ئارالدا يىمۇدىن كېيىن تۇغۇلغان 100 ـ مايمۇنچاق ئىكەن. لېكىن يىمۇ بۇ قېتىم ئۇنى يېتىلەپ دېڭىز بويىغا ئېلىپ بارماپتۇ.

قېنى، پەرەز قىلىپ باقايلى، يىمۇ نەگە كەتكەندۇ؟

كېيىن، ھايۋاناتشۇناس ۋە ئارالدىكى بارلىق مايمۇنلار ھېلىقى مايمۇنچاقنىڭ خۇددى يىمۇغا ئوخشاش ئۆزى يالغۇز دېڭىز بويىغا قاراپ ماڭغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

ئارال يەنە بىر قېتىم جىمجىتلىققا چۆكۈپتۇ، كۆپچىلىكنىڭ نەزىرى مايمۇنچاققا ئەگىشىپ دېڭىز بويىغا يېتىپ بارغاندا، ئارالدا خۇشال قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈلۈپتۇ.

ئەسلىدە، يىمۇ ئالىبۇرۇن دېڭىز بويىدا ئۇنى ساقلاۋاتقان ئىكەن. ئارالدا «100 ـ دېڭىز يۇلتۇزى» مەيدانغا كەپتۇ.

ئانىلارغا سۆز: مايمۇنچاق يىمۇدىن سىز نېمىنى كۆردىڭىز؟ بالىلارنىڭ كۆلەڭگىسىنى كۆردىڭىز، توغرىمۇ؟ يىمۇنىڭ يېتەكلىشى بولغاچقا، «100 ـ دېڭىز يۇلتۇزى» بارلىققا كەلدى. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىلگىرىكى مايمۇنلارغا مۇشۇنداق ئۆسۈپ يېتىلىش مۇھىتى يارىتىلمىغاچقا، ئۇلار ئەزەلدىن دېڭىز بىلەن ئۇچرىشىپ باقمىغان. يېڭى تۇغۇلغان بالىلارنى يىمۇغا ئوخشاتساق، ئۇنىڭ تۇنجى ئۇستازى بولغان ئاتا ـ ئانىلار ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، يەنە كېلىپ بۇ تەسىر ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى ھەر قەدىمىگە ھەمراھ بولىدۇ. بىزدىكى باتۇرلۇق، ھەققانىيلىق، ئاق كۆڭۈللۈك قاتارلىق ئېسىل پەزىلەتلەر بالىنىڭ يۇمران قەلبىگە چوڭقۇر تامغا بولۇپ چېكىلىدۇ، شۇنداقلا بىزدىكى ھورۇنلۇق، ئالدىراقسانلىق قاتارلىق ناچار ئىللەتلەرمۇ بالىنى تۇيۇق يولغا باشلايدۇ.

بالىغا ياخشى مۇھىت يارىتىپ بېرىش ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت يولىغا ئۇلتېشى سالغان بىلەن باراۋەر.

# دوكتور

بىر بالا كىچىكىدىن كىتاب ئوقۇشقا ھېرىسمەن ئىكەن، سەككىز ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭ كۆزى ئېغىر دەرىجىدە يىراقنى كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئوقۇغان كىتابلىرى تەڭدىمەتلىك بالىلارغا قارىغاندا كۆپ بولۇپلا قالماي، يەنە نۇرغۇن چوڭلارغا سېلىشتۇرغاندىمۇ كۆپ ئىكەن. ئۇنىڭ ئاسترونومىيەدىن تارتىپ جۇغراپىيەگىچە بىلمەيدىغىنى، چۈشەنمەيدىغىنى يوق ئىكەن. شۇڭا كۆپچىلىك ئۇنى «كىچىك دوكتور» دەپ ئاتايدىكەن. كېيىن ئۇ تەبىئىي ھالدا نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ، داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتقا قوبۇل قىلىنىپتۇ، كېيىن يەنە ئاسپىرانتلىققىمۇ ئۆتۈپتۇ، دوكتورلۇقنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى ئىزچىل ئىنتايىن ئەلا ئىكەن.

بىراق، ئۇ جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن قاتتىق چۈشكۈنلىشىپ كېتىپتۇ. ئىدارىسى ئۇنىڭغا تاپشۇرغان ئىشنى بىر بولسا قىلالماپتۇ، بىر بولسا قىلغۇسى كەلمەپتۇ، كىشىلىك مۇناسىۋىتىمۇ بارغانسېرى جىددىيلىشىپ، كەيپىياتى بەكلا ئۇساللىشىپ كېتىپتۇ... شۇنىڭ بىلەن ئۇ چوڭ ئىش قولىدىن كەلمەي، كىچىك ئىشنى ياراتماي، ئاخىرىغا بېرىپ ئىشسىز قاپتۇ.

ئۇ خىزمەت تەلەپ قىلىپ نۇرغۇن ئورۇنلارغا بارغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچقانداق شىركەت ئۇنى قوبۇل قىلىشنى خالىماپتۇ.

— مەن كىچىكىمدىن بىلىمنىڭ كۈچ - قۇۋۋەت ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ كەلگەنىدىم، لېكىن ھازىر نېمىشقا شۇنچە كۆپ بىلىمىم كۈچىنى يوقىتىدۇ؟

ئۇ ئاچچىقىدا ساقلىغان كىتابلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ. بىلىم بىلەن چەك - چېگرا ئاجرىتىش قارارىغا كېلىپ، باشقىلاردىن پۇل قەرز ئېلىپ كىچىك بىر ئاشپۇزۇل ئېچىپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى قازان - قومۇچلار بىلەن ھەپىلىشىدىكەن، قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ نەچچە يىللاردىن بۇيان ئوقۇغان كىتابلار بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق ئىكەن. تۇرمۇشى گەرچە ئانچە كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسىمۇ، لېكىن خىزمەت تەلەپ قىلىپ يۈرگەن ۋاقىتلاردىكىگە سېلىشتۇرغاندا كۆپ خۇشال ۋە ئەھمىيەتلىك ئۆتۈپتۇ.

ئانىلارغا سۆز: بىلىمنى تاۋۇزغا ئوخشاتساق، كىتابنى ئاشۇ تاۋۇزنىڭ شاپىقىغا ئوخشىتىش مۇمكىن. بەزىلەر باشقىلار يەپ قالغان تاۋۇز شاپىقىنى دەل تاتلىق تاۋۇزمىكىن، دەپ بىر ئۆمۈر غاجاپ ئۆتىدۇ، يەنە بەزىلەر باشقىلار تاشلىۋەتكەن تاۋۇز شاپىقىغا تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشىدۇ. بۇ دوكتورنىڭ كەتكۈزۈپ قويغان يېرى دەل مۇشۇ يەردە.

رېئال تۇرمۇشىمىزدا، بالىسىنى ئۆگىنىشكە زىيادە كۆپ

ئىلھاملاندۇرىدىغان، ھەتتا قىستايدىغان ئاتا ـ ئانىلار بار. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىنى توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ. بۇ ئۇلارنى ئەيىبلىگىنىم، بالىلىرىنى ئەركىگە قويۇۋېتىشكە نەسىھەت قىلغىنىممۇ ئەمەس. بەلكى ئۇلارنى بالىلىرىنى تاللاشنى بىلىدىغان، ھەقىقىي تاتلىق «تاۋۇز»نى تاللىيالايدىغان قىلىپ تەربىيەلەشكە دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت. ئاقىۋەتتە، بالىلىرىمىز باشقىلار يەپ تاشلىۋەتكەن «تاۋۇز شاپىقى» نى قۇچاقلاپ قالمىسىلا بولاتتىغۇ!

# ئۆزىگە تايىنىش

قۇلۇلىچاق ئاپىسىدىن سوراپتۇ:

— ئاپا، نېمىشقا بىز تۇغۇلۇشىمىزدىنلا ماۋۇ ھەم ئېغىر، ھەم قاتتىق قاپنى يۈدۈپ يۈرىمىز؟

— چۈنكى بەدىنىمىزنى تىرەپ تۇرىدىغان سۆڭەك بولمىغاچقا، بىز پەقەت ئاستا ئۆمىلەپلا يۈرەلەيمىز. شۇڭا ئۆزىمىزنى بۇ قاپ ئارقىلىق قوغدايمىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئاپىسى.

— تۇكلۇك قۇرت سىڭلىمنىڭمۇ سۆڭىكى يوق ھەم ئاستا ئۆمىلەيدۇ، لېكىن نېمىشقا ئۇنىڭ بۇنداق ئېغىر ھەم قاتتىق قېپى يوق؟ — دەپتۇ قۇلۇلىچاق قايىل بولماي.

— چۈنكى تۇكلۇك قۇرت كېپىنەككە ئايلىنالايدۇ، ئاسمان ئۇنى قوغدايدۇ - دە.

— لېكىن سازاڭ ئىنىمنىڭمۇ سۆڭىكى يوق، ھەم ئاستا ئۆمىلەيدۇ، ھەم كېپىنەككە ئايلىنالمايدىغان تۇرۇقلۇق، نېمىشقا بۇنداق ئېغىر ھەم قاتتىق قېپى يوق؟

— چۈنكى سازاڭ تۇپا ئاستىغا كىرەلەيدۇ، زېمىن ئۇنى قوغدايدۇ.

قۇلۇلىچاق:

— بىز نېمىدېگەن بىچارە، بىزنى يا ئاسمان، يا زېمىن قوغدىمايدىكەن! — دەپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

— شۇڭا بىزنىڭ قېپىمىز بار - دە — ! دەپتۇ قۇلۇلە ئانا ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، — بىز ئاسمانغىمۇ، يەرگىمۇ تايانمايمىز، پەقەت ئۆزىمىزگە تايىنىمىز.

ئانىلارغا سۆز: ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ قويۇشىمىز، شۇنداقلا پەرزەنتلىرىمىزگە ئۆگىتىشىمىز كېرەك، بۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان بىر ئادەم مۇستەقىل ياشاشنى بىلمىسە، بۇ بىر تىراگېدىيەدۇر.

بەزىلەر تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئۆزىنىڭ پېشانىسى شورلۇقىدىن قاقشاپ، ئاسماندىنمۇ، يەردىنمۇ ئاغرىنىدۇ. لېكىن مەن ئۇنداق قارىمايمەن، ئادەم ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتۇشى كېرەك. يەرگە، ئاسمانغا، ئاتا - ئانىسىغا تايىنىپ ياشايمەن دېيىش، پەقەت كۆچ مەنبەسىدىن ئايرىلغان، سىرتقى كۈچكە تايىنىپ ھەرىكەتلىنىدىغان پاراۋۇزغا ئوخشاپ قېلىشتۇر.

دۇنيادا ھېچقانداق نەرسە سېنىڭ تايانچىڭ بولالمايدۇ، تايىنىشقا بولىدىغىنى پەقەتلا ئۆزۈڭ. تايانچى بولمىغان ئادەم بىچارە ئادەم ئەمەس، بەلكى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئادەم بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئادەم مۇۋەپپەقىيەتنى ئۆزىگە تايىنىپ قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك، ئۆسۈپ يېتىلىشتىمۇ ئۆزىگە تايىنىش لازىم.

# تۆتىنچى قىسىم

## بالىلار بىلەن تەڭ

## ئۆسۈپ يېتىلىش

# هاياتلىق بانكىسى

20 ياشلىق تۆت يىگىت بانكىدىن قەرز ئالماقچى بولدى، بانكا ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە ناھايىتى يۇقىرى سوممىدا قەرز بېرىشكە قوشۇلدى، لېكىن شەرت: ئۇلار چوقۇم 50 يىل ئىچىدە ئۆسۈمى بىلەن دىرىنى قوشۇپ قايتۇرۇپ بولۇشى كېرەك ئىدى.

بىرىنچى يىگىت ئالدى بىلەن ئالدىنقى 25 يىلدا ئوبدان ئويناپ، كېيىنكى 25 يىلدا تىرىشىپ ئىشلەپ قەرز قايتۇرۇشنى ئويلىدى، نەتىجىدە 70 ياشقا كىرگەندىمۇ ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماي، بىر تالاي قەرز بىلەن ئۇ ئالەمگە كەتتى. ئۇنىڭ ئىسمى «ھورۇنلۇق» ئىدى.

ئىككىنچى يىگىت ئالدىنقى 25 يىلدا جان تىكىپ ئىشلەپ، 50 ياشتىن ئىلگىرى ھەممە قەرزىنى قايتۇرۇپ بولۇشنى ئويلىدى. لېكىن ئۇ قەرزىنى قايتۇرۇپ بولغان ۋاقىتتا، بەك چارچاپ كەتكەنلىكتىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلۈپ قالدى. ئۇنىڭ جەسەت كۈلى قۇتىسىغا كىچىك بىر كارتوچكا ئېسىقلىق بولۇپ، ئۇستىگە ئۇنىڭ ئىسمى «تەلۋىلىك» دەپ يېزىلغانىدى.

ئۈچىنچى يىگىت 70 ياشقا كىرىشتىن ئىلگىرى ھەممە

قەرزلىرىنى قايتۇرۇپ تۈگەتتى، ئارقىدىن نەچچە كۈن ئۆتمەيلا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى، ئۇنىڭ ئۆلگەنلىك ئۇقتۇرۇشىدا ئىسمى «جاھىللىق» دەپ يېزىلغانىدى.

تۆتىنچى يىگىت 40 يىل ئىشلەپ، 60 ياشتىن ئىلگىرى بارلىق قەرزلىرىنى قايتۇرۇپ بولدى، ھاياتىنىڭ ئاخىرقى 10 يىلىدا، دۇنيادىكى كۆپ ساندىكى دۆلەتلەرنى ساياھەت قىلىپ چىقتى. 70 ياشقا كىرگەندىن كېيىن كۈلۈمسىرىگەن ھالدا بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ «سالماقلىق» ئىكەنلىكىنى ھېلىمۇ ئېسىدە چىڭ ساقلاپ كەلمەكتە.

ئەينى چاغدا ئۇلارغا قەرز بەرگەن بانكىنىڭ ئىسمى «ھاياتلىق بانكىسى» ئىدى.

ئانىلارغا سۆز: ھېچكىمنىڭ «ھورۇنلۇق»، «تەلۋىلىك» قىلغۇسى كەلمەيدۇ، لېكىن نۇرغۇن كىشى «جاھىللىق» نى تاللاپ، ھاياتىنىڭ ھەممە كۈنىدە ھاياتلىق بانكىسىنىڭ قەرزىنى تۆلەشنى ئويلايدۇ. مېنىڭچە، تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ «سالماقلىق» بولغۇسى بار، بۇنىڭدا ھەم ھاياتتىن بەھرىلەنگىلى، ھەم قەرزنى قايتۇرغىلى بولىدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئادەمنىڭ ئۆمرى مۇشۇنداق ئۆتىدۇ، مەسئۇلىيەت بىلەن بەھرىلىنىش تەڭ مەۋجۇت، بۇنىڭدا ئالدى بىلەن مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىۋېتىپ، ئاندىن قالغان ۋاقىتتىن بەھرىلىنىش كېرەك. ئەخلاق بىلەن جەمئىيەت قائىدىلىرىنىڭ چەكلىمىسى بىزنى مەسئۇلىيەتنى چۆرۈپ تاشلاپ، نوقۇل ھالدا

خۇشاللىق ئىزدەپ يۈرۈشمىزگە يول قويمايدۇ. لېكىن باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەشنىلا بىلىپ، تۇرمۇشنىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋىتىدىن بەھرىلەنمەسلىك خۇددى راھىبنىڭ كۈنىگە ئوخشايدۇ. بۇنداق ئادەملەرگە نىسبەتەن بەختتىن سۆز ئاچماق تەس.

ئۆمۈرنىڭ ئاخىرىغىچە جاپا تارتىش، مەسئۇلىيەتتىن قېچىش ياكى ئەخلاقنىڭ كىشەنلىرىگە قۇل بولۇپ ياشاشقا قارىغاندا، سالماق خىزمەت قىلىشنى، سالماق ھۇزۇر ئېلىشنى ئارتۇق كۆرىمەن. نېمىشقا بۇنداق بولمايدىكەن؟ قۇياش نۇرى، ساپ ھاۋا، پاكىز سۇ، بالىلارنىڭ ساددا كۈلكىسى بىزگە تەسەللى بېغىشلايدۇ. تۇرمۇشقا سالماق مۇئامىلە قىلالايدىغان ئاتا ـ ئانا چوقۇم بالىسىغىمۇ تۇرمۇشقا سالماق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىتەلەيدۇ.

## ساختا هاراق ۋە يود قوشۇلمغان تۇز

بىر تۇغقىنىمنىڭ بالىسىنىڭ رەسسام بولغۇسى بار ئىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى مېنىڭ پىكرىمنى ئاڭلاپ باقماقچى بولدى.

مەن بالا سىزغان بىر نەچچە كىچىك ھايۋانلارنىڭ رەسىمىدىن، ئۇنىڭ گۈزەل سەنئەت جەھەتتە تالانتى يوقلۇقىنى كۆرۈپ يەتتىم، بىر ئېغىز گەپ، ئۇ رەسسام بولۇشقا ماس كەلمەيتتى.

لېكىن بالا بۇنىڭغا قايىل بولماي، مەن بىلەن تالاش ـ تارتىش قىلغىلى تۇردى.

مەن تاقەتسىزلەنگەن ھالدا:

— بولدى تالاشما، بالام. مەن بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن ئىشلارنى سەن تەسەۋۋۇر قىلالمايسەن، مېنىڭ ئىچكەن ھارىقىم سېنىڭ ئىچكەن سۈيۈڭدىن، يېگەن تۇزۇم سېنىڭ يېگەن تاماقىڭدىنمۇ كۆپ، — دېدىم. لېكىن بالا دەرھال رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېدى:

— كۆپنى كۆرگەنلىكىڭىزنى ئېتىراپ قىلىمەن، لېكىن سىز ئىچكىنىڭىزنىڭ ساختا ھاراق، يېگىنىڭىزنىڭ يود

قوشۇلمىغان تۈز ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ ـ يوق؟

بالىنىڭ رەددىيەسىگە جاۋاب قايتۇرغۇدەك سۆز تاپالماي قالدىم.

ئانىلارغا سۆز: بالام ئورۇنسىز جېدەل قىلغاندا، مەن بىلەن قېرىشىپ يول قويمىغاندا، مېنى ھەيران قالدۇرغۇدەك، غەزىپىمنى قوزغىغۇدەك ئىشلارنى قىلغان ۋاقىتتا، دائىم دېگۈدەك كەيپىيات جەھەتتىكى كونتروللۇقۇمنى يوقىتىپ، سارائىلاردەك ۋارقىراپ ـ جارقىراپ كېتىمەن. لېكىن كەيپىياتىم پەسكويغا چۈشۈپ، بۇ ئىشلارنى كۆزۈم بىلەن ئەمەس، يۈرىكىم ئارقىلىق كۆزەتكىنىمدە، بالامنىڭ قىلغانلىرىنىڭ ئانچە چەكتىن ئاشمىغان ئىشلار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالىمەن. شۇنىڭ بىلەن بالامغا ئادەتتىكى ھېس ـ تۇيغۇم بويىچە مۇئامىلە قىلىشنى، بۇ دۇنياغا ئۇنىڭ كۆزلىرى بىلەن نەزەر تاشلاشنى ئۆگىنىۋالدىم. ئىلگىرى پەقەت تاقەت قىلىپ تۇرالمايدىغان ئىشلارغا سەۋر قىلالايدىغان بولدۇم. بالام يەنە توختىماستىن مېنىڭ سەۋر چېكىمگە ھۇجۇم قىلىپ، ئاخىر مېنى سېپى ئۆزىدىن «خاسىيەتلىك ئادەم» گە ئايلاندۇرۇپ چىقتى.

بالىنىڭ مىجەزلىرىنى قوبۇل قىلالايدىغان، ئۇنىڭغا كەڭ قورساق بولالايدىغان ھەم ئۇنى سۆيەلەيدىغان ئادەم مېھرىبان ئانىدۇر؛ پەرزەنت تەربىيەلەش جەريانىدا ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرالايدىغان، مۇكەممەللەشتۈرەلەيدىغان ئايال ھەقىقىي ئۇلۇغ ئانىدۇر.

# ئېگىلىشنىڭ كۈچى

كانادانىڭ كىۋېبېك ئۆلكىسىدە جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان بىر تاغ جىلغىسى بار. جىلغىنىڭ ھېچقانچە ئالاھىدە يېرىمۇ يوق، بىردىنبىر كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغىنى، ئۇنىڭ غەرب تەرىپىدىكى تۆپىلىكتە قارىغاي، ئارچا، بورجۇن قاتارلىق دەرەخلەر ئۆسكەن بولسا، شەرق تەرىپىدىكى تۆپىلىكتە پەقەت ھىمالايا كېدىرىلا ئۆسكەن ئىدى. بۇ غەلىتە مەنزىرىنىڭ سىرىنى نۇرغۇن ئادەم بىلمىگەن ئىدى، ۋاھالەنكى بۇ سىرنى بىر جۈپ ئەر - خوتۇن ئاچتى.

ئۇ 1993 - يىلىدىكى قىش پەسلى بولۇپ، بۇ ئەر - خوتۇنىنىڭ نىكاھ تۇرمۇشىدا كىرىزىس كۆرۈلۈۋاتقانىدى. ئۇلار ئىلگىرىكى مۇھەببىتىنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن، بىر قېتىم رومانتىك سەپەرگە چىقىش قارارىغا كەلدى، ئەگەر مۇشۇ سەپەردە ئىلگىرىكى مۇھەببىتىنى تاپالىسا تۇرمۇشىنى داۋاملاشتۇرىدىغان، بولمىسا دوستانە ئايرىلىدىغانغا كېلىشتى.

ئۇلار بۇ جىلغىغا كەلگەندە، تۇيۇقسىز قار يېغىپ كېتىدۇ. ئۇلار چېدىرىنى تىكىپ، ئاسماندىن لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قارغا قاراپ ئولتۇرۇپ، ئالاھىدە شامال يۆنىلىشى سەۋەبلىك، شەرقىي

تۆپىلىكتىكى قارنىڭ غەربىي تۆپىلىكتىكى قارغا قارىغاندا قېلىن ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. هايال ئۆتمەي، ھەمالايا كېدىرىنىڭ شاخلىرىغا قېلىن بىر قەۋەت قار توپلىشىپ كېتىدۇ. لېكىن قار توپلىشىپ مەلۇم دەرىجىگە بارغاندا، ھەمالايا كېدىرىنىڭ ئېلاستىك ئالاھىدىلىكىگە ئىگە شاخلىرى تاكى ئۈستىدىكى قارلار سىيرىلىپ چۈشكەنگە قەدەر تۆۋەنگە ئېگىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق تەكرار قار توپلىنىش، تەكرار ئېگىلىش ئارقىلىق، ھەمالايا كېدىرى قارنىڭ زەخمىتىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ. لېكىن باشقا دەرەخلەرنىڭ بۇنداق ئالاھىدىلىكى بولمىغاچقا، شاخلىرى قارغا بەرداشلىق بېرەلمەي سۇنۇپ كېتىدۇ. بۇ ئەھۋالنى بايقىغان ئايالى ئېرىگە: «شەرقىي تۆپىلىكتىمۇ چوقۇم تۇرلۇك دەرەخلەر ئۆسكەن، شۇغىنىسى ئېگىلىشنى بىلمىگەچكە، قار ئۇلارنى ۋەيران قىلغان» دەيدۇ. سەلدىن كېيىن ئۇلار خۇددى بىر قائىدىنى چۈشەنگەندەك، قايتىدىن چىڭ قۇچاقلىشىدۇ.

ئانىلارغا سۆز: ئەمەلىيەتتە ئانىلار بالىسىنىڭ ئالدىدا بىر خىل ئەۋرىشىم گۈزەللىك بىلەن نامايان بولۇشى كېرەك. بالا سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەندە، ئۇنىڭغا كەڭ قورساقلىق بىلەن تەربىيە بېرىشى، ئۆزى بىلەن تاكاللاشقاندا، ئۇنىڭ بىلەن خۇشال ـ خۇرام كەيپىياتتا سۆھبەتلىشىپ، خاتالىقىنى كۆرسىتىپ بېرىشى كېرەك. كەڭ قورساقلىق ۋە سالماقلىق مەڭگۈ ئانىلىق گۈزەللىكىنىڭ مۇھىم قىسمىلىرىدۇر.

## يۇقىرى چەككە جەڭ ئېلان قىلىش

مۇزىكا ئىنستىتۇتىنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى مەشىق ئۆيىگە كىرىپ، پىيانىنونىڭ ئۈستىگە يېڭى مۇزىكا نوتىسى قويۇلغانلىقىنى كۆردى. «نېمىدېگەن قىيىن نوتا بۇ...» دەۋەتتى ئۇ نوتىنى ۋاراقلاۋېتىپ ئۆز ـ ئۆزىگە، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ پىيانىنو چېلىش ئىشەنچى گۇمران بولغاندەك بىلىندى. ئۈچ ئاي بولدى! ئۇنىڭغا يېڭىدىن يېتەكچى بولغان بۇ پىروفېسسور نېمىشقىدۇر مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا ئۇنى قىيناۋاتاتتى. ئۇ مىڭ تەستە روھىنى كۆتۈرۈپ، بارماقلىرى ئارقىلىق جەڭ قىلىشقا باشلىدى. پىيانىنونىڭ ئاۋازى سىنىپ سىرتىدىكى پىروفېسسورنىڭ ئاياغ تىۋىشىنىمۇ بېسىپ كەتكەنىدى.

يېتەكچى پىروفېسسور ناھايىتى داڭلىق مۇزىكا ئۇستازى ئىدى. دەرسكە كىرگەن تۇنجى كۈنى، ئۇ ئوقۇغۇچىغا چېلىپ سىناپ بېقىش ئۈچۈن بىر نوتا بەردى. نوتىنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى ئىدى، ئوقۇغۇچى بۇ نوتىغا تېخى خام بولغاچقا، پات ـ پاتلا خاتا چېلىپ قوياتتى.

«تېخى خامكەنسەن، قايتىپ بېرىپ ياخشىراق مەشىق قىلغىن!» دېدى پىروفېسسور دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن ئوقۇغۇچىغا.

ئوقۇغۇچى ئىككىنچى ھەپتىسى پىروفېسسورنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىغا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن، بۇ نوتىنى ساق بىر ھەپتە مەشىق قىلدى. لېكىن پىروفېسسور ئۇنىڭغا قىيىنلىق دەرىجىسى تېخىمۇ يۇقىرى نوتىدىن بىرنى چېلىشقا بەردى، ئالدىنقى ھەپتىدىكى دەرسنى سوراپمۇ قويمىدى. ئوقۇغۇچى يەنە بىر قېتىم قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى ماھارەتكە جەڭ ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

ئۈچىنچى ھەپتىسى قىيىنلىق دەرىجىسى تېخىمۇ يۇقىرى نوتا پەيدا بولدى. ئوقۇغۇچى ھەر قېتىم دەرسخانىغا كىرگەندە يېڭى نوتىغا دۇچ كېلەتتى، ئاندىن ئۇنى ئېلىپ كېتىپ مەشىق قىلاتتى. كېيىن يەنە دەرسخانىغا قايتىپ كەلگەندە، ئۇنى قىيىنلىقى ئىككى ھەسسە يۇقىرى يېڭى نوتا كۈتۈپ تۇرغان بولاتتى، لېكىن ھەرقانچە قىلسىمۇ يېتىشىپ ماڭالمايتتى، ئالدىنقى ھەپتە مەشىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاسانداق تۇيۇلمايتتى. ئوقۇغۇچى بۇنىڭدىن بارغانسېرى خاتىرجەمسىزلىنىشكە، روھى چۈشۈشكە ۋە بوشىشىشقا باشلىغانىدى. پىروفېسسور مەشىق ئۆيىگە كىرىشىگە، ئوقۇغۇچى تاقەت قىلىپ تۇرالماي، ئۇنىڭدىن بۇ ئۈچ ئايدىن بۇيان ئۆزىنى نېمىشقا بۇنداق قىينايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىماقچى بولدى.

پىروفېسسور بىر نېمە دېمەستىن، ئوقۇغۇچىغا ئەڭ بۇرۇن چېلىپ بېقىشقا بەرگەن نوتىنى يەنە بەردى. «قېنى چالغىن!»

دېدى پىروفېسسور قەتئىي نەزەردە ئوقۇغۇچىغا تىكىلىپ.

ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش يۈز بەردى، بۇنىڭدىن ھەتتا ئوقۇغۇچىمۇ قاتتىق ھەيران قالدى. ئۇ بۇ ئاھاڭغا شۇ قەدەر لەرزان، شۇ قەدەر نەپىس، شۇ قەدەر پىششىق چېلىنىۋاتاتتى. پىروفېسسور ئۇنىڭغا يەنە ئىككىنچى قېتىم تاپشۇرغان نوتىنى چېلىشقا بەردى، ئوقۇغۇچى بۇنىمۇ شۇ قەدەر يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئورۇنلىدى... ئورۇنلاش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچى پىروفېسسورغا ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدى.

«ئەگەر سىېنى ئۆزۈڭ ئەڭ پىششىق بۆلەكلەرنى چېلىشقا قويۇۋەتكەن بولسام، سەن ھازىرمۇ ئەڭ بۇرۇنقى ئاشۇ نوتىنى مەشىق قىلىۋاتقان، ھازىرقى سەۋىيەگە يېتەلمىگەن بولۇشۇڭ مۇمكىن...» دېدى پىروفېسسور ۋەزمىن ئاھاڭدا.

ئانىلارغا سۆز: ئادەتتە ئېرىقىمىز ئالدىدا مۇلايىم، رايىش خوتۇن بولۇشقا ئادەتلىنىپ قالغان، كەلگۈسىدە بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولىدىغان بالىڭىزدىن غەلىتە تەرىزدە قورقۇپ قېلىۋاتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئادەم كۆپىنچە ئۆزى پىششىق، ماھىر ساھەدە ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئادەتلىنىپ قالغان. لېكىن بىز ئەتراپلىق كۆزىتىپ باقساق، شۇنى ھەيرانلىق بىلەن بايقايمىز: قارىماققا جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتقان خىزمەت، قىيىنلىق دەرىجىسى ھەدەپ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان شارائىت بىسىمى ئۆزىمىزمۇ سەزمىگەن ھالدا بوگۇنكى كەسپىي ئىقتىدارىمىزغا ئايلىنىپ قالغان ئەمەسمۇ؟ شۇڭا، ئادەم ھەقىقەتەن چەكسىز

يوشۇرۇن ئىقتىدارغا ئىگە.

مۇھەببەت ــ ئايالغا چەكسىز سېھرىي كۈچى ۋە يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى نامايان قىلدۇرالايدۇ. مۇھەببەتتىن تەڭ بەھرىلىنىپ، ھەم ئۇنى ئورتاق زىممىمىزگە ئېلىپ، ئائىلىنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈشىمىز، ئۆزىمىزگە جەڭ ئېلان قىلىشىمىز كېرەك. گەرچە بۇ جاپالىق بولسىمۇ، لېكىن قەلبىمىزنىڭ ئارام تېپىۋاتقانلىقى ھەم بالىمىزنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

# قۇتقۇزۇشنى رەت قىلغان باستىر

بىر كەنتتە قاتتىق يامغۇر يېغىپ، كەنت كەلكۈنگە غەرق بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەپتۇ. بىر باستىر چېركاۋدا ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرغان ئىكەن، كەلكۈن سۈيى يۇكۈنۈپ ئولتۇرغان ئۇنىڭ تىزىنى چۆكۈرۈپتۇ. بۇ چاغدا بىر قۇتقۇزغۇچى قولۋاقنى ھەيدەپ چېركاۋغا كەپتۇ ۋە باستىرغا: «باستىر، چاققان قولۋاققا چىقىڭ، بولمىسا كەلكۈن سىزنى غەرق قىلىۋېتىدۇ!» دەپتۇ. لېكىن باستىر: «ياق، تەڭرىنىڭ مېنى قۇتقۇزۇۋالىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، سىز باشقىلارنى قۇتقۇزىۋېرىڭ!» دەپ ئۇنىماپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي كەلكۈن باستىرنىڭ مەيدىسىگە كەپتۇ، باستىر ئامالسىز ئۆرە تۇرۇۋاپتۇ. بۇ چاغدا يەنە بىر ساقچى كاتېرنى ھەيدەپ كېلىپ: «باستىر، تېز چىقىۋېلىڭ، بولمىسا سىز راستلا غەرق بولۇپ كېتىسىز!» دەپتۇ. لېكىن باستىر: «ياق، مەن چېركاۋنى ساقلىمىسام بولمايدۇ، تەڭرى مېنى چوقۇم قۇتقۇزۇپ قالىدۇ، سىز يەنىلا باشقىلارنى قۇتقۇزىۋېرىڭ!» دەپتۇ.

يەنە بىر ئازدىن كېيىن، كەلكۈن پۈتكۈل چېركاۋنى يۇتۇپ كېتىپتۇ، باستىر ئامالسىز چېركاۋنىڭ چوققىسىدىكى كىرېستنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بوپتۇ. بۇ چاغدا بىر

تىك ئۇچار ئايروپىلان ئاستا كەپتۇ، ئۇچقۇچى ئاسما شوتىنى ئۇنىڭغا تاشلاپ بېرىپ: «باستېر، شوتىغا تېز چىقىڭ، بۇ ئاخىرقى پۇرسەت، سىزنىڭ كەلكۈنگە يەم بولۇپ كېتىشىڭىزنى خالىمايمىز!» دەپ ۋارقىراپتۇ. لېكىن باستېر يەنىلا قەتئىي هالدا: «ياق، مەن چېركاۋنى تاشلاپ كەتسەم بولمايدۇ، تەڭرى چوقۇم كېلىپ مېنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ. سىز ئەڭ ياخشىسى يەنىلا باشقىلارنى قۇتقۇزۇڭ. تەڭرى مەن بىلەن بىللە!» دەپتۇ.

كەلكۈن ئاخىر بۇ تەرسا باستېرنى يۇتۇپ كېتىپتۇ... ئۇ جەننەتكە كىرگەندىن كېيىن، تەڭرىنى كۆرۈپ خاپا بولغان هالدا سوراپتۇ: «تەڭرىم، مەن ساڭا ئۆزۈمنى ئاتاپ، ئىجتىهات بىلەن ئىبادەت قىلدىم، لېكىن نېمىشقا كېلىپ مېنى قۇتقۇزمايسەن؟»

«سېنى نەدە قۇتقۇزمىدىم؟ بىرىنچى قېتىمدا قولۋاقنى سېنى قۇتقۇزۇشقا ئەۋەتسەم ئۇنىمىدىڭ، مەن تېخى سېنى قولۋاقنى بىخەتەر ئەمەس، دەپ ئەنسىرىگەن ئوخشايدۇ، دەپتىمەن؛ ئىككىنچى قېتىم كاتېرنى ئەۋەتسەم، يەنە ئۇنىمىدىڭ؛ ئۈچىنچى قېتىم ئالاهىدە مۇئامىلە قىلىپ، بىر تىك ئۇچارنى سېنى قۇتقۇزۇشقا ئەۋەتسەم، ئاقىۋەتتە يەنىلا قوبۇل قىلمىدىڭ. شۇڭا سېنى يېنىمغا كېلىشكە ئالدىراۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن» دەپتۇ تەڭرى.

ئانىلارغا سۆز: بەزىلەر باشقىلار ياردەم قولىنى سۇنسا، يۈزىنى ئاياپ ۋە باشقا سەۋەبلەردىن قوبۇل قىلىشنى خالىمايدۇ. بەزى ئانىلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەنلىكلەرنى سادىر قىلىپ سالىدۇ.

ئىشلەيدىغان ئانىلار پەرزەنت تەربىيەلەشتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ۋەزىپىنى ئۇستىگە ئېلىپلا قالماستىن، يەنە ئائىيگە چىقماس ئۆي ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى، خىزمەتتىمۇ باشقىلارنىڭ كەينىدە قالماسلىقى كېرەك، شۇڭا ئۇلار بەزىدە بۇرنىنى تارتقۇدەكمۇ ھالى قالمايۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. بۇرۇنقى دەۋرلەردە، بىر بالىنى تەربىيەلەشنى كەنتتىكىلەر ئورتاق ئۇستىگە ئالاتتى. ھازىر پەقەت بۇ يۈك ئىككىلا ئادەمنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن، بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماق ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس. لېكىن ئانىلار ئەتراپىدىكى تەجرىبىلىك كىشىلەردىن ياردەم سوراپ تۇرسا، ئۆزلىرىمۇ خېلى ئارام تېپىپ قالىدۇ. بەزى ئانىلار زىيادە كۆچلۈك قورۇقچىلىق ئېڭى ۋە مەسئۇلىيەت ئېڭى سەۋەبىدىن، باشقىلارنى پەرزەنت تەربىيەسىگە قاتناشتۇرۇشنى خالىمايدۇ، نەتىجىدە ئۆزى زىيادە چارچاپ كېتىدۇ. مېنىڭچە، ئېرى، قېيىنئانىسى ۋە ئەتراپىدىكى تەجرىبىلىك كىشىلەردىن مۇۋاپىق ياردەم سوراش ئاقىلانىلىكتۇر.

# دىۋە بىلەن يىگىت

دېڭىز ئاستىدا بىر بوتۇلكا بولۇپ، ئۇنىڭغا بىر دىۋە بەند قىلىنغان ئىكەن. ئۇنى 500 يىل ئىلگىرى بىر ئەۋلىيا بوتۇلكىنىڭ ئىچىگە بەند قىلىۋەتكەن ئىكەن. دىۋە ئىلگىرى «كىمكى بوتۇلكىنى سۇزۇۋېلىپ، پۇرۇپكىنى ئېچىپ مېنى قۇتقۇزۇۋالسا، ئۇنىڭغا بىر ئالتۇن تاغ سوۋغا قىلىمەن» دەپ ۋەدە قىلغانىكەن. لېكىن 500 يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، بوتۇلكىنى ھېچكىم سۇزۇۋالماپتۇ. دىۋە شۇ ئاچچىقىدا يەنە: «بۇنىڭدىن كېيىن كىمكى مېنى قۇتقۇزۇۋالسا، ئۇنى ھاپىلا قىلىپ يۇتۇۋېتىمەن» دەپ ئەھدە قىپتۇ.

بىر ياش بېلىقچى بار ئىكەن، ئۇ تور تاشلاپ بېلىق تۇتقان ۋاقىتتا، تورنىڭ ئىچىدە بىر كونا بوتۇلكىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە بوتۇلكىنىڭ پۇرۇپكىسىنى ئېلىۋېتىپتۇ. ئەييۇھەنناس! شۇ ھامان بوتۇلكىدىن قاپقارا ئىس چىقىپ، ئاستا ـ ئاستا تاغدىنمۇ ئېگىز دىۋىگە ئايلىنىپتۇ.

ــ ھا ـ ھا ـ ھا! ــ دەپ كۈلۈپ كېتىپتۇ دىۋە خۇشاللىقىدا، ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن دېڭىزدا ھەيۋەتلىك دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ، ــ يىگىت، مېنى قۇتقۇزۇۋالغىنىڭ ئۈچۈن

ساڭا رەھمەت ئېيتسام بولاتتى، لېكىن سەن كېچىكىپ قالدىڭ، ئەگەر بىر يىل بۇرۇن قۇتقۇزۇۋالغان بولساڭ، بىر ئالتۇن تاغقا ئېرىشكەن بولاتتىڭ! ھەي، 500 يىل ساقلاپ بەك زېرىكىپ كەتتىم، شۇڭا مېنى قۇتقۇزۇۋالغان ئادەمنى يەۋېتىشكە ئەھدە قىلىپ قويۇپتىمەن.

يىگىت قاتتىق چۆچۈپ كېتىپتۇ، لېكىن دەرھال ئۆزىنى بېسىۋېلىپ:

— ھوي، سەن مۇشۇ كىچىككىنە بوتۇلكىغا پاتتىڭمۇ؟ چوقۇم يالغان ئېيتىۋاتىسەن، بولمىسا بوتۇلكىغا كىرىپ كۆرسىتىپ قويغىن، — دەپتۇ.

— ھا ـ ھا ـ ھا، ئالدام خالتاڭغا ھەرگىز چۈشمەيمەن، «مىڭبىر كېچە» دە بۇ ھېكايە ئاللىبۇرۇن سۆزلىنىپ بولغان. ئەگەر مەن بوتۇلكىغا كىرىپ بەرسەم، دەرھال پۇرۇپكىنى ئېتىۋېتىسەن، بۇنىڭدا ھېكايە مۇشۇنداقلا ئاياغلىشىپ قالامدۇ؟

— نېمە؟ سەن «مىڭبىر كېچە» نى ئوقۇغانمۇ؟ قارىغاندا قورسىقىڭدا راستلا خېلى ئۇمىچىڭ بار ئوخشىمامدۇ؟ يەنە سوقراتنىڭ پەلسەپىۋى ئەسەرلىرىنىمۇ ئوقۇغانسەن؟

— ھا ـ ھا! بۇ 500 يىل بوتۇلكىدا بىكار ياتمىدىم، جاھاندىكى ھەممە كىلاسسىك ئەسەرلەرنى ئوقۇپ، قېتىرقىنىپ بىلىم تەھسىل قىلدىم. غەربنىڭ داڭلىق ئەسەرلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى شەرقنىڭ كۇڭزى، مېڭزىلىرىنىمۇ ئۆگىنىپ شاما قىلىۋەتتىم دېگىنە.

— ھە، جۇڭگونىڭ تارىخنامىلىرىنىمۇ خېلى تەتقىق قىلىپ بېقىپسەن ـ دە؟ موزىنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ قۇرۇق قويمىغانسەن؟

— بولدى قىلغىنە، تارىخنامىلەردىن بىلمەيدىغىنىم يوق مېنىڭ.

— لېكىن، مېنىڭچە سەن چوقۇم «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» نىڭ كۆچۈرۈلگەن قولىيازمىسىنى كۆرمىدىڭ، ئۇ دېگەن تېپىلغۇسىز نەشرى جۇمۇ.

— ھا ـ ھا ـ ھا! سەن سولتەك مېنى بەكلا بوش چاغلاپ قالدىڭغۇ دەيمەن، بۇ كىتابنىڭ ساقلىغۇچىسى دەل مەن. ئۇنى ئېلىپ چىقىپ كۆزۈڭنى بىر ئېچىپ قويايچۇ!

دىۋە شۇنداق دېگىنىچە دەرھال ئىس ـ تۈتەككە ئايلىنىپ بوتۇلكىغا ئاستاغىنە كىرىپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا بېلىقچى يىگىت كېچىكتۇرمەستىن پۇرۇپكا بىلەن بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى مەھكەم ئېتىۋېتىپتۇ.

ئانىلارغا سۆز: ھېكايە، چۆچەكلەردىكى پېرسوناژلار نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئۆزگەرمىگەن. لېكىن بىز ياشاۋاتقان مۇھىت تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، جەمئىيەت ئۆزگىرىشكە موھتاج. ئۆزگىرىشكە ماھىر كىشىلەر دۇنيانى ئۆزگەرتەلىشى مۇمكىن. ئەگەر بالىلىرىمىز توغرا يۆنىلىشتە تۇرۇپ ئۆزگىرىش مەقسىتىگە يېتەلىسە، ئۇنداقتا بۇ ئۆزگىرىش بالىنىڭ ئەڭ زور بايلىقى سۈپىتىدە ئۇنىڭغا ئۆمۈر بويى ئەسقاتىدۇ.

ئائىلە تەربىيەسىدىمۇ ئۆزگىرىشكە ئەھمىيەت بېرىلىشى كېرەك. بەزىدە بالىلار ئويۇنغا، قىزىقارلىق تېلېۋىزىيە

پىروگراممىلىرىغا بېشچىلاپ كىرىپ كېتىپ، دەرس تەكرارلاشقا سەل قارايدۇ. بۇنداق چاغدا بالىنى دەرس تەكرارلاشقا زورلىساق، بالا ئاغزىدا ھە دەپ قويغان بىلەن، ئىچىدە قايىل بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، ئانا بولغۇچى ئۇنىڭغا «دەرس تەكرارلايدىغان ۋاقتىڭ بولدى» دەپ ئەسكەرتىشى كېرەك، بۇنى ئاڭلاپ بالا: «ماۋۇ پىروگراممىنى كۆرۈپ بولۇپ باراي» دەيدۇ. بۇ چاغدا بالىنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭ تېلېۋىزور كۆرۈپ بولۇپ، ۋەدىسىنى ئورۇندىشىنى كۈتۈش كېرەك. ئەگەر بالا گېپىدە تۇرمىسا، ئاندىن تەربىيە بەرسەكمۇ كېچىكمەيمىز.

يەنە بەزى ۋاقىتلاردا، بالا ئويۇنچۇق دۇكىنىدىن چىققۇسى كەلمەي تۇرۇۋالىدۇ ياكى قىممەت باھالىق ئويۇنچۇققا كۆزى چۈشۈپ قالىدۇ. چوڭلار بالىنىڭ بەتخەج بولۇپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، سەل ئاچچىقى كېلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، دۇكاندا ئۇنى ۋارقىراپ ئەيىبلىگەندىن كۆرە، جانلىق تەربىيە ئۇسۇلىنى قوللانغان تۈزۈك، مەسىلەن: ئۇنىڭغا بىر باھا چېكى بېكىتىپ بېرىپ، ئويۇنچۇقنى ئىختىيارىي تاللاتقۇزۇش دېگەندەك. ناۋادا قىممەت باھالىق ئويۇنچۇقنى تاللىسا، ئۇنىڭغا ناچار ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىش ياكى بىر يىلدا باشقا ئويۇنچۇق سېتىۋالماسلىق شەرتى ئاستىدا بۇ ئويۇنچۇقنى ئېلىپ بېرىش كېرەك. بۇنىڭدا ئۇنىڭغا ھەرقانداق نەرسىگە شەرتسىز ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئېرىشىش ئۈچۈن چوقۇم بەدەل تۆلەش لازىملىقىنى بىلدۈرگىلى بولىدۇ.

## يىغلىمايدىغان قەھرىمان

ئېغىر يارىلانغان بىر ئەسكەر جەڭ مەيدانىدىن قايتىپ كەپتۇ، لېكىن ئۇنى كۇتۇۋالغىنى جەڭ مەيدانىدىكىنىمۇ شەپقەتسىز رېئاللىق بوپتۇ. ئۇنىڭ ئۆي - ماكانى ۋەيران بولغان، ئايالى باشقا بىرىنىڭ كەينىدىن كېتىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ يىغلىغۇسى كەپتۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ ئەسكەر ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، كۆز يېشىنى مەجبۇرىي سىڭدۈرۈۋېتىپتۇ. كۆپچىلىك باشمالتىقىنى چىقىرىپ ئۇنى «يىگىت كۆزىدىن ئاسانلىقچە ياش ئاققۇزمايدۇ، ئۇ ھەقىقەتەن قەھرىمان ئىكەن» دەپ ماختىشىپتۇ.

پادىشاھ قىزى ئۇچۇن جانبازلىق ماھارىتى ئارقىلىق كۈيئوغۇل تاللاش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇپتۇ. بۇنىڭغا نۇرغۇن ئادەم قاتنىشىپتۇ، ھېلىقى ئەسكەرمۇ تىزىملىتىپتۇ ۋە ھەممە رەقىبىنى يېڭىپ چېمپىيون بوپتۇ. لېكىن ئۇ بۇ جەرياندا يەنە ئېغىر يارىلىنىپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ چىشىنى چىشلەپ كۆزىدىن بىر تېمىممۇ ياش ئاققۇزماپتۇ. ئۇ مەلىكىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىرىلگەندە، يارىسىدىن تېخىچە قان ئېقىۋاتقان ئىكەن. كىشىلەر مەلىكىنى ئۇنى چوقۇم تاللايدۇ، دەپ ئويلاپتىكەن، بىراق مەلىكە ئۇنى قوبۇل قىلماپتۇ ۋە:

— يىغلاشنىمۇ بىلمەيدىغان ئادەمنى ئۆزۈمگە ئەر قىلىپ تاللىسام قانداق بولىدۇ؟ — دەپتۇ.

ئەسكەر ئۇنىڭدىن:

— يىغلاش ئاجىزلارنىڭ ئىشى، ھەقىقىي ئەزىمەت ئەزەلدىن ياش تۆكمەيدۇ، — دەپتۇ.

— خاتالاشتىڭىز، — دەپتۇ مەلىكە، — پەقەت قەيسەر كىشىلەرلا يىغلاشنى بىلىدۇ، ئاتالمىش «ئاجىزلىق» ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئەڭ پاك، ئەڭ گۈزەل بۆلەكلەرنى قوغداپ قالىدۇ. يىغلىماسلىقىڭىز قەيسەر ۋە خۇشال ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدۈرمەيدۇ، دەل ئەكسىچە، ئاللىقاچان زەئىپلەشكەنلىكىڭىز ۋە ھېچنېمىنى سەزمەس بولۇپ قالغانلىقىڭىزنى، يەنە سىزنىڭ ھەقىقىي ئەزىمەت ئەمەس، بەلكى توخۇ يۈرەك ئىكەنلىكىڭىزنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۆزى ئۈچۈن ياش تۆكۈشنى بىلمىگەن ئادەم باشقىلار ئۈچۈنمۇ ياش تۆكمەيدۇ؛ ئازاب ئۈچۈن يىغلىمىغان ئادەم بەخت ئۈچۈنمۇ يىغلىمايدۇ. يىغلاشنىمۇ بىلمەيدىغان ئادەمنىڭ سوغۇققان ھايۋاندىن نېمە پەرقى بولسۇن؟

ئانىلارغا سۆز: خۇشاللىقتىن كۈلۈپ، قايغۇدىن يىغلاپ، ھەقىقىي ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش توغما ئەمەس، بەلكى ئۇ مەشىق قىلىش ئارقىلىق يەتكىلى بولىدىغان ئىقتىدار. غەرب دۆلەتلىرىدە ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىق تەشەببۇس قىلىنىدۇ، باللار كۆپىنچە ھاللاردا ئۆزىنىڭ كەيپىياتى ۋە مەقسىتىنى ئىپادىلەشكە ئىلھاملاندۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە شەرق

دۆلەتلىرىدىكى يېپىق مەدەنىيەت كەيپىياتى ھەمدە ئىجتىمائىي ئالاقىدىكى باشقىلارنىڭ باھاسىغا زىيادە ئەھمىيەت بېرىش ھەتتا ئۇنى ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىگە قوماندان قىلىۋېلىش بالىلارنىڭ تەبىئىي تۇغما مىجەزىنى گۇمران قىلىۋېتىشى مۇمكىن.

تەربىيە ئۇسۇلى توغرا بولمىغان نۇرغۇن ئانىلار بالىسى چوڭلار دۇنياسىدىكى قائىدىلەرگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ئىشلارنى سادىر قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئۆلچەيدۇ، دائىم بالىسىغا تەنبىھ بېرىدۇ. نەتىجىدە بالىلار ئۇنداق قىلىسا نېمىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلمەستىنلا، ئانىسىنىڭ تەنبىھلىرى قەلبىگە مەڭگۈلۈك مۆھۈر بولۇپ ئۇيۇلۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالا كېيىنكى قېتىم تاللاشقا دۇچ كەلگەندە، ئانىسىنىڭ ئەيىبلىشىدىن قورقۇپ قايتا خاتالىق سادىر قىلىشقا پېتىنالمايدۇ. كېيىن بالىنىڭ يېشى چوڭايغاندا، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نوپۇزى تۆۋەنلەپ، بالا ئانچە قورقۇپ كەتمەيدىغان بولىدۇ، بۇ دەل ياش ـ ئۆسمۈرلەردىكى ئىسيان كۆتۈرۈش مەزگىلىدۇر. نۇرغۇن ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشى دەل مۇشۇنىڭدىن باشلىنىدۇ.

ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشنى بىلمەيدىغان ئادەم ئۆزلۈك ھېسسىياتىنى يوقىتىدۇ. بالىلارنىڭ ئۆزلۈك ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش ئۇنىڭ ھاياتىدىكى تۇنجى دەرسىدۇر.

# خۇشاللىق ئىزدەش

ئىككى ئەر خۇشاللىق دۆلىتىگە بېرىشنى كېلىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ئېغىر بىر بوپىنى يۈدۈپ، يەنە بىرى قۇرۇق قول ھالەتتە سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار ئۇزاقتىن ئۇزاق يول يۈرۈپ مەنزىلگە يېتىپ كەپتۇ. لېكىن بوپا يۈدۈۋالغىنى شەھەر دەرۋازىسىدا توسۇلۇپ قاپتۇ.

— ئالدى بىلەن ئۆزۈڭنىڭ سالاھىيىتىنى ئىسپاتلا، بۇ يەر بىكارچىلار كىرىدىغان جاي ئەمەس، — دەپتۇ شەھەر قوۋۇقىنى ساقلايدىغان ئەسكەر.

— مەن بايلىق دۆلىتىدىن كەلدىم، مەن دېگەن مىليونېر، مەندە پۇل - مال يېتىپ ئاشقۇدەك بار، — بوپا يۈدۈۋالغان ئەر شۇنداق دېگەچ بوپىسىدىن بىر مۇنچە ئالتۇن - يامبۇ چىقىرىپتۇ.

ئەسكەر بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ:

— ھەقىقەتەن كاتتا باي ئىكەنسەن، لېكىن سەن شەھەرگە كىرسەڭ بولمايدۇ، — دەپتۇ. ئەسكەر باينى سوراق قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ بىللە بىللە كەلگەن سەپەردىشى ئاللىبۇرۇن قوۋۇقتىن كىرىپ بولغانىكەن. باي بۇنىڭدىن گاڭگىراپ قېلىپ:

— نېمىشقا ئۇنىڭدىن ھېچنېمىنى سورىمايسەن، مېنى تەڭقىسلىقتا قويىسەن؟ مېنى نېمىشقا شەھەرگە كىرگۈزمەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇنىڭ قولىدا ھېچنېمىسى ھەتتا، ئىسپاتىمۇ يوقكەن، شۇڭا ئۇ چوقۇم ھېچنېمىسى يوق نامرات. ئۇنىڭ ھەتتا بىر نەرسە سالىدىغان بوپىسىمۇ بولمىسا، ئۇ بۇ يەرگە كىرسە چوقۇم ئارزۇ قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشەلەيدۇ، — دەپتۇ ئەسكەر.

— بۇ ئادىل بولمىدى، بايلارنىڭ نامراتلارغا قارىغاندا تېخىمۇ خۇشاللىقا ئېرىشىش سالاھىيىتى بار، — دەپتۇ باي قايىل بولماي.

— شۇنچە كۆپ پۇل - مېلىڭ تۇرۇقلۇق، يەنە نېمىگە خاپا بولىسەن؟ بۇ سېنىڭ خۇشال بولالايدىغان ئادەم ئەمەسلىكىڭنى ئىسپاتلايدۇ، — دەپتۇ ئەسكەر ئۇنىڭغا توڭلۇق بىلەن جاۋاب بېرىپ.

ئانىلارغا سۆز: تەجرىبەمگە ئاساسلانغاندا، ئانا بولۇش كىشىنى تولىمۇ چارچىتىدىغان، خىرىسقا تولغان خىزمەت. مەندە ياخشى ئانا بولۇش ئىستىكى بەك كۈچلۈك بولغاچقا، دائىم پەقەت بالام ۋە ئائىلەمدىكىلەرنىڭ ھېسسىياتىغا دىققەت قىلىپ، ئۆزۈمنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىمغا سەل قاراپ قالىمەن - دە، ئاخىر بىر كۈنى ھېسسىيات جەھەتتە گۇمران بولغاندەك ھېس قىلىپ قالىمەن. بالام مېنىڭ «شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشۇش»ۇمدىن تېخىمۇ خۇشال ۋە ساغلام بولۇپ كەتمەيدۇ، ئائىلەمدىكىلەرمۇ بۇ

ھەرىكىتىمىدىن تېخىمۇ بەخت ھېس قىلىپ كېتەلمەيدۇ، ئەكسىچە مېنىڭ بارغانسېرى چارچاپ كېتىۋاتقان روھىيەت ۋە جىسمانىيىتىم ئۇلارنى ئەندىشىگە سېلىپ قويۇپ، ئۇلاردىكى خىجىللىق تۇيغۇسىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئائىلىدىكى كۈلكە ساداسى بارغانسېرى ئازىيىپ كېتىدۇ. شۇنى تۇيۇقسىز ھېس قىلىپ قالدىمكى، ئەسلىدە باشقىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشتىن ئىلگىرى، ئۆزۈمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىم؛ باشقىلارغا خۇشاللىق ئاتا قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆزۈم خۇشال بولۇشۇم كېرەك ئىكەن.

# بىكارچى ۋە قۇرۇق گەپ

بىر كىچىك راھىب ئاغا ـ ئىنىلىرىنىڭ ھەمىشە ئۆزىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشىدىن بەكمۇ ئازابلىنىدىكەن. تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىۋاتقان پىتنە ـ پاساتلار ئۇنى تولىمۇ بىئارام قىلىدىكەن. نوم ئوقۇغان چاغدا، ئۇنىڭ كۆڭلى نومدا بولماي، ئەكسىچە ئاشۇ پىتنە ـ پاساتلارغا كېتىپ قالىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇستازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ھال ئېيتىپتۇ:

— ئۇستاز، ئۇلار دائىم مېنىڭ غەيۋىتىمنى قىلىشىدۇ.

ئۇستاز كۆزىنى بوش يۇمۇپ تۇرۇپ:

— سەن ئۆزۈڭ غەيۋەت قىلىدىكەنسەن، — دەپتۇ.

— ئۇلار بىكاردىن بىكارلا غەيۋەت قىلىشىدۇ، — دەپتۇ راھىب قايىل بولماي.

— بىكاردىن غەيۋەت قىلىۋاتقىنى ئۇلار ئەمەس، بەلكى دەل ئۆزۈڭ.

— ئۇلار ئارتۇقچە ئىشلارغا ئارىلىشىدۇ.

— ئارتۇقچە ئىشقا ئارىلىشىۋاتقىنى ئۇلار ئەمەس، بەلكى دەل ئۆزۈڭ.

— ئۇستاز، نېمىشقا بۇنداق دەيسىز؟ مېنىڭ غەم يەۋاتقىنىم

ئۆزۈمنىڭ ئىشى تۇرسا.

ــ بىكاردىن غەيۋەت قىلىش، قۇرۇق پاراڭ سېلىش، ئارتۇق ئىشقا ئارىلىشىش دېگەنلەر ئۇلارنىڭ ئىشى، ئۇلار نېمە دېگۈسى كەلسە دەۋەرسۇن، سەن بىلەن نېمە ئالاقىسى؟ نومنى ئوبدان ئوقۇماي، دائىم ئۇلارنىڭ غەيۋەتلىرىنى ئويلاپ ئولتۇرغىنىڭ، بىكاردىن غەم يېگىنىڭ بولماي نېمە؟ ئۇلارنى غەيۋەت قىلىۋاتىدۇ، دەپ ھال ئېيتىشىڭ ئۇلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلغىنىڭ بولماي نېمە؟ ئۇلارنى ئارتۇقچە ئىشلارغا ئارىلىشىدۇ دېيىشىڭ، سېنىڭ ئارتۇقچە ئىشلارغا ئارىلاشقىنىڭ بولماي نېمە؟

ئۇستازنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى چىقماي تۇرۇپلا، كىچىك راھىب غىپپىدە تىكىۋېتىپتۇ.

ئانىلارغا سۆز: بىلىشىمچە، نۇرغۇن ئانىلار بالىسىنى زىيادە قوغدىغانلىقى سەۋەبلىك، بالىسىنىڭ ئىپادىسى، تاشقى مۇھىتىنىڭ بالىسىغا كۆرسەتكەن تەسىرىگە زىيادە سەزگۈر بولۇپ كېتىدۇ ھەتتا بالىسىنى ئەسلىدە ئېرىشىشكە تېگىشلىك خۇشاللىقتىنمۇ مەھرۇم قىلىپ قويىدۇ. ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن ياخشى نەرسىلەردىن ئەنسىرەش، ئەندىشە قىلىش بىھاجەت، ئۇلاردىن ئەندىشە قىلىشمۇ بىكار ئەندىشە قىلغانلىق جۈملىسىگە كىرىدۇ. ناۋادا مۇشۇنداق بىكار غەم يېيىشتىن بىرەر ئاۋارىچىلىك كېلىپچىقسا، چاتاق بولغىنى شۇ.

# ئېكسپېدىتسىيە ۋە بەختەرلىك

بىر ئېكسپېدىتسىيەچى نۇرغۇن خېيىم ـ خەتەر، جەبىر ـ جاپالارنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئادەم ئايىغى باسمىغان بىر تاغدىن بىر مۇنچە قىممەتلىك جاۋاھىراتلارنى تېپىپتۇ ھەمدە نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلىپ ئۇلارنى يۇرتىغا ئېلىپ كەپتۇ.

ئۇ بىخەتەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ، سۇغۇرتا شىركىتىگە زور سوممىلىق سۇغۇرتىغا قاتنىشىپتۇ. سۇغۇرتا شىركىتى بۇ جاۋاھىراتلارنى خەزىنىدىكى ئالاھىدە ياسالغان بىر بىخەتەرلىك ساندۇقىغا سېلىپ قويۇپتۇ.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ مەملىكەت بويىچە ئەڭ پۇختا خەزىنە بولۇپ، ئىلغار قورال ـ لانغان بىر ليەن ئەسكەر بىلەن تېگىش قىلىسمۇ، بىخەتەرلىك ساندۇقىغا يېقىنلاشقىلى بولمايدىكەن.

دەسلەپكى بىر نەچچە يىلدا، ئېكسپېدىتسىيەچى بىر نەچچە كۈندە بىر قېتىم سۇغۇرتا شىركىتىگە بېرىپ، ساندۇقنى ئۆزى تەكشۈرۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇدا بىر نەچچە يىلغىچە بىخەتەرلىك ساندۇقىدىن ھېچقانداق چاتاق چىقماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئېكسپېدىتسىيەچى بارا ـ بارا ھوشيارلىقىنى بوشاشتۇرۇپ قويۇپتۇ.

بىر كۈنى، ئۇ تۇساتتىن ھېلىقى قىممەت باھالىق جاۋاھىراتلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئالدىراش ـ تېنەش سۈغۇرتا شىركىتىگە بېرىپتۇ ۋە خەزىنىگە كىرىپ قاراپلا ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقىلى تاس قاپتۇ: ھېلىقى بىخەتەرلىك ساندۇقى ئاقتىمۇ ـ كۆكتىمۇ يوق تۇرغۇدەك. بۇنىڭدىن جىددىيلەشكەن ئېكسپېدىتسىيەچىنىڭ تۇيۇقسىز يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ، دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىلىۋاتقاندا بۇ ئالەم بىلەن ۋىدالىشىپتۇ.

ئۇ بىخەتەرلىك ساندۇقىنى ئوغرىلاشنى باشقىلار ئەمەس، بەلكى سۈغۇرتا شىركىتىدىكى خادىملارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ پىلانلىغانلىقىنى پەقەتلا ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇ پۈتۈن زېھنى بىلەن سىرتتىكى ئوغرىلاردىن مۇداپىئە قىلغانىۋ، ئوغرىنىڭ سۈغۇرتا شىركىتىنىڭ ئىچىدىن چىقىشىنى چۈشىدىمۇ ئويلاپ باقمىغانىدى؛ ئەسلىدە جاۋاھىراتلىرىنىڭ ئوغرىلىنىشىدىن ئەنسىرىگەنىۋ، بىخەتەرلىك ساندۇقىنىڭمۇ قوشۇلۇپ ئوغرىلىنىپ كېتىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى.

بۇ ئېكسپېدىتسىيەچى ئەڭ چوڭ خەتەرگە ئېكسپېدىتسىيە داۋامىدا ئەمەس، بەلكى سۈغۇرتا شىركىتىدە ئۇچرىغانىدى.

ئانىلارغا سۆز: زور كۆپ ساندىكى ئانىلار ھەمىشە بالىلىرىدىن ئەنسىرەپلا يۈرىدۇ. ئۇلار بالىسىنىڭ مەكتەپتە ئىش تېرىپ قويۇشىدىن، باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ كېتەلمەسلىكىدىن، ئىنگلىز تىلىنى ياخشى ئۆگىنەلمەسلىكىدىن، ئالىي مەكتەپكە

ئۆتەلمەسلىكىدىن، مۇۋاپىق خىزمەت تاپالماسلىقىدىن... ئەندىشە قىلىدۇ.

دەل مۇشۇنداق رەڭگارەڭ «ئەندىشە»لەر بولغاچقا، ئاتا ـ ئانىلار كۆنبويى بالىسىغا «بىخەتەر» ئۆگىنىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىشنىڭ غېمىدە يۈرىدۇ، بالىسىغا مۇزىكا، گۈزەل سەنئەت، ئولىمپىك ماتېماتىكىسى، چامباشچىلىق... قاتارلىقلارنى ئۆگىتىدۇ. ئاخىرىغا كەلگەندە بۇ «بىخەتەر» لىكلەرنىڭ ئۈنۈمى بولمىغانلىقىنى بايقايدۇ. چۈنكى بۇ «بىخەتەر» لىكلەرنىڭ ھەممىسى بالىغا باغلىق. ئەگەر بالا بۇلارغا قىزىقمىسا ياكى بۇ جەھەتتە ئارتۇقچىلىقى بولمىسا، ئاتا ـ ئانا بولغۇچى ھەرقانچە ئەندىشە قىلغان بىلەنمۇ پايدىسى يوق. ئەڭ ياخشى چارە، بالىنى ئىختىيارىي تەرەققىي قىلدۇرۇش، بۇنىڭدا ئاتا ـ ئانا يېتەكلەپ بەرسىلا بولىدۇ. بۇ بەلكىم ئەڭ پۇختا «بىخەتەرلىك» بولسا كېرەك.

# ياردەمخۇمار

باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق، دەپ بىلىدىغان بىر ياش قىيىنچىلىقتا ئۇچراپ، ئۆزى ئىلگىرى ياردەم قىلغان نۇرغۇن دوستلىرىنى ئىزدەپ بېرىپ ياردەم تەلەپ قىلىپتۇ. لېكىن دوستلىرى ئۇنىڭ قىيىنچىلىقىنى كۆرمەسكە، ئاڭلىماسقا سېلىپ يۈرۈپتۇ. نېمىدېگەن ۋاپاسىز ئەبلەخلەر بۇ!

بۇنىڭدىن ئۇنىڭ غەزىپى قاتتىق تېشىپتۇ ھەمدە ئۆزىنى بېسىۋالالماي ئامالسىز بىر دانىشمەننىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

— باشقىلارغا ياردەم بېرىش ياخشى ئىش، لېكىن سەن ياخشى ئىشنى يامان ئىشقا ئايلاندۇرۇۋاپسەن، — دەپتۇ دانىشمەن.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز؟ — دەپتۇ يىگىت چۈشەنمەي.

— ئالدى بىلەن سەن دوستنى ياخشى تاللىماپسەن، مىننەتدارلىق تۇيغۇسى بولمىغان كىشىلەرگە ياردەم بېرىشكە ئەرزىمەيدۇ، لېكىن سەن ياخشى - يامىنىنى ئايرىماستىنلا ئۇلارغا ياردەم بېرىپسەن، مانا بۇ سېنىڭ كورلۇقۇڭ، — دەپتۇ دانىشمەن، — ئىككىنچىدىن، قولۇڭ شورلۇق ئىكەن. ئەگەر سەن

ئۇلارغا ياردەم بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ مىننەتدارلىق ھېسسىياتىنىمۇ يېتىلدۈرگەن بولساڭ، ئۇلار قىلغان ياردىمىڭنى ھەرگىزمۇ ھەقلىق ئىش دەپ قارىمىغان، ئىشلارمۇ بۇ دەرىجىگە تەرەققىي قىلمىغان بولاتتى، لېكىن سەن ئۇنداق قىلماپسەن. ئۇچىنچىدىن، نىيىتىڭ ساپ ئەمەس ئىكەن. باشقىلارغا ياردەم بەرگەن ۋاقىتتا، سالماق ھەم تەمكىن بولۇشۇڭ كېرەككى، ھەرگىزمۇ ئۆزۈڭنى ساخاۋەت قىلىۋاتىمەن، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردە باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىمەن، دەپ قارىماسلىقىڭ، بەلكى ئۆزۈڭنى قۇربىم يەتكەن كىچىككىنە بىر ئىش قىلدىم، دەپ قارىشىڭ كېرەك. تېخىمۇ باي كىشىلەرگە سېلىشتۇرغاندا، سەن يەنىلا نامرات؛ تېخىمۇ ساخاۋەتچى كىشىلەرگە سېلىشتۇرغاندا، سەن يەنىلا ئاددىي ئادەم.

ئانىلارغا سۆز: بەزىدە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتىنى باققان شەپقىتىنى بىر خىل سەدىقە، دەپ ئويلاپ قالىمەن، شۇڭا ئاسانلا ھېلىقى «ياردەمخۇمار» غا ئوخشاش سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويىمەن. بۇ خۇددى بالىلار پىسخىك كېسەلگە گىرىپتار بولغاندا، دوختۇرنىڭ كۆپىنچە ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىمۇ بىرلىكتە داۋالاشنى قوبۇل قىلىشقا ئۈندىشى بىلەن ئوخشاش.

بەزى بالىلاردا مىننەتدارلىق ھېسسىياتى بولمايدۇ، بەزى بالىلار باشقىلارغا ئەدەپسىزلىك قىلىدۇ، باشقىلارنى ھۆرمەتلىمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى كۆپىنچە ھاللاردا بالىدا ئەمەس، بەلكى ئاتا ـ ئانىلاردا بولىدۇ. نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ بالا

تۇغۇلغاندىن كېيىن، خۇددى بىر ۋاراق ئاق قەغەزگە ئوخشايدۇ، ئەتراپىتىكى مۇھىت ئۇنىڭغا ئۆگەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى قالدۇرماي قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر ئاتا ـ ئانىسى مىننەتدار بولۇشنى بىلسە، بالىسىغىمۇ ئاڭسىز رەۋىشتە مىننەتدار بولۇشنى ئۆگىتىدۇ ـ دە، بالا «ۋاپاغا جاپا» قىلمايدىغان بولىدۇ؛ ئەگەر ئاتا ـ ئانا ئەتراپىتىكى كىشىلەرنى ھۆرمەت قىلسا، بالىلارمۇ ئۇلاردىن بۇ خىل تەربىيەگە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتىگە كۆيۈنۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەممە نەرسىسىنى تامامەن قوبۇل قىلسا، مەيلى خۇشال بولغاندا ياكى ئاچچىقلانغاندا بولسۇن، بالىنىڭ كۆتكەن يەردىن چىقمىغانلىقىنى كۆرگەندە مېھرىبانلىق بىلەن ئۇنى قۇچاقلىيالىسا، چوڭقۇر مېھرى بىلەن پېشانىسىگە سۆيەلىسە؛ پەرزەنتى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە «زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ» بالا بىلەن ئوخشاش ئېگىزلىكنى ساقلىيالىسا، بالا يەنىلا چوڭلارنى «مېنى چۈشەنمەيدۇ، ماڭا كۆيۈنمەيدۇ» دەپ قارامدۇ؟ كىشىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان كىچىك پادىشاھ، كىچىك زومىگەر بولۇپ قالامدۇ؟

# ھاياتلىقنىڭ ئېگىزلىكى

داڭلىق بىر تاغقا چىققۇچى ئېگىزلىكى 8000 مېتىردىن ئاشىدىغان قارلىق تاغدا يوقاپ كەتتى. لاگېر ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا ئۇنىڭدىن ئاخىرقى قېتىم ئۇچۇر تاپشۇرۇۋالغان بولۇپ، ئەسلى پىلان بويىچە ئۇ ئىككى كۈن ئىلگىرى ئوڭۇشلۇق ھالدا لاگېرغا قايتىپ كېلىشى كېرەك ئىدى.

لېكىن ھازىر توپتوغرا ئۈچ كۈن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھېچقانداق ئىز - دېرىكى بولمايۋاتاتتى. كىشىلەر ئۇنى چوقۇم قايتىپ كېلىش يولىدا مۇزلۇق جىلغىغا چۈشۈپ كەتتى، دەپ پەرەز قىلىشتى.

بىر نەچچە يىلدىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ بۇ پەرىزىنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلاندى. كىشىلەر تاغنىڭ قاپ بېلىدە ئۇنىڭ جەسىتى بىلەن نەرسە - كېرەكلىرىنى بايقىدى. ئۇنىڭ نەرسە - كېرەكلىرى ئىچىدىن ئۇنىڭ خاتىرىسىنى تاپتى. خاتىرىنىڭ ئاخىرقى قۇرىغا: «چۈشەلمەيدىغان ئېگىزلىككە ھەرگىز چىقماڭ!» دەپ يېزىلغانىدى.

ئانىلارغا سۆز: باللار خۇددى بىزگە ئوخشاشلا نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئارىسىدىكى بىر ئەزا، ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھاياتىنىڭ

ئېگىزلىكى (بەرداشلىق بېرىش چېكى) بولىدۇ. ئۇلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ زورى بىلەن، چوققىغا چىقىش ئۈچۈن توختاۋسىز تىرىشىدۇ ۋە نىشانغا يېتىدۇ، بىراق ئۇلار پەقەت ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرغان بولىدۇ، خالاس. يەنە بەزى باللار ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچىمۇ چوققىغا يېتەلمەيدۇ ياكى چىققان تەقدىردىمۇ قايتىپ چۈشەلمەيدۇ، ئۇنىڭدا قېپقالغىنى پەقەت روھىي جەھەتتىكى يۈك، ئۆمۈرلۈك ئۆكۈنۈش بولىدۇ. گەرچە ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلغانلىقى سەۋەبلىك، ئۇلارنىڭمۇ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى بار بولسىمۇ.

ھەممە ئادەمنىڭ ھاياتىنىڭ ئېگىزلىكى بولىدۇ، بەزىلەرنىڭ يۈكسەك چوققا بولسا، بەزىلەرنىڭ كىچىك تاغ بولىدۇ، ھەتتا بەزىلەرنىڭ پەقەت ئاددىي تۆپىلىك ياكى تۈزلەڭلىكلا بولىدۇ. ھەممە ئادەمنىڭ يۈكسەك ئېگىز چوققىغا چىقىشى ھاجەت ئەمەس، شۇنداقلا ھەممەيلەننىڭمۇ ئېگىز چوققىغا چىقالىشى مۇمكىن ئەمەس. ھاياتلىقنىڭ ئېگىز چوققىسىغا چىقىشنى ھەدەپ قوغلىشىش پەقەت ئۆزىنى ئۆزى چۈشەنگەنلىك، ئۆزىنى ئۆزى خورلىغانلىق بىلەن باراۋەر. شۇڭا باللارنىڭ كەلگۈسىگە ئاددىيراق ئۈمىد بىلەن قارايلى.

# شەخسىيەتسىزلىك ۋە شەخسىيەتچىلىك

ئىككى راھىب بۇددىنى تاۋاپ قىلغىلى بېرىپتۇ، بۇددا ئۇلارنىڭ قىلغان ساۋابلىق ئىشلىرىغا ئاساسەن، ئىككىسىدىن بىرىنى شاگىرتلىققا تاللاش قارارىغا كەپتۇ. بىرىنچى ئىبادەتچى ئۆزىنىڭ يولبويى پەرھىز تامىقى يەپ، ئاددىي تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكى، ئەزەلدىن ئۆزىنى ئويلىمىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ؛ ئىككىنچى ئىبادەتچى ئۆزىنىڭ يولبويى ئۆزىنىڭلا غېمىنى يەپ كەلگەنلىكىنى، باشقا ساۋابلىق ئىش قىلالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئادىمىيلىك مىزانىدىن چەتنەپ كەتمىگەنلىكىنى، ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ سەدىقىسىنى قوبۇل قىلمىغانلىقىنى، يېگەن - ئىچكىنىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمگىكى بەدىلىگە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

نەتىجىدە بىرىنچى ئىبادەتچى شاللىنىپ، ئىككىنچى ئىبادەتچى شاگىرتلىققا تاللىنىپتۇ. بىرىنچى ئىبادەتچى بۇددىنىڭ بۇ قارارىدىن نارازى بولۇپ، سەۋەبىنى سوراپتۇ. «سەن گەرچە پەرھىز تامىقى يەپ، بۇددىنى ياد ئەتكەن بولساڭمۇ، لېكىن باشقىلاردىن توختىماستىن سەدىقە تىلەپ يەپ، بەك ئاۋارە قىلىۋېتىپسەن؛ ئۇ گەرچە پەقەت ئۆزىنىلا ئويلىغان بولسىمۇ،

لېكىن باشقىلارنى پەقەت ئاۋارە قىلماپتۇ» دەپتۇ بۇددا چۈشەندۈرۈپ.

ئانىلارغا سۆز: ئادەم باشقىلارنى سۆيۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىنى سۆيۈشى، باشقىلارغا بېرىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىدە بار قىلىشى كېرەك. بالىلارغا ھەقىقىي شەخسىيەتسىز مۇھەببەت ئاتا قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىشىمىز كېرەك. ئاتا ـ ئانىلار ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، دۆرۈس، قەيسەر بالىلارنى تەربىيەلەپ چىقىشتا، ئالدى بىلەن ئۆزىدە يۇقىرىقى پەزىلەتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك.

# باھاسىز تاش

بىر كۈنى، ئۇستاز شاگىرتىنىڭ كۆزىنى ئېچىپ قويۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ناھايىتى چوڭ ھەم چىرايلىق بىر تاشنى بېرىپ، كۆكتات بازىرىغا ئاپىرىپ كېلىشنى ئېيتىپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا:

— تاشنى ھەرگىز ساتما، پەقەت باھاسىنىلا سۈرۈشتۈرۈپ كۆر، كۆپرەك كۆزىتىپ، باشقىلاردىن كۆپرەك سورا، ئاندىن بۇ تاشنى كۆكتات بازىرىدا قانچە پۇلغا ساتقىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگىن، — دەپتۇ. كۆكتات بازىرىدا نۇرغۇن كىشى بۇ تاشنى كۆرۈپ: «ئۇنى كىچىك زىننەت بۇيۇمى قاتارىدا تىزىپ قويسا بولغۇدەك، بالىلىرىمىز ئوينىسىمۇ بولغۇدەك ياكى بولمىسا ئۇنى تارازىمىزنىڭ تېشى قىلىۋالساقمۇ يارىغۇدەك» دەپ ئويلاپتۇ، لېكىن ئۇنىڭغا بىر نەچچە تىيىنلا باھا قويۇپتۇ. شاگىرتى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن: « بۇ تاش پەقەت بىر نەچچە تىيىنغىلا يارايدىكەن» دەپتۇ.

— ئەمدى سەن بۇ تاشنى ئالتۇن بازىرىغا ئاپارغىن، لېكىن ئۇنى ساتما، پەقەت باھاسىنىلا سوراپ كەل، — دەپتۇ ئۇستازى. شاگىرتى ئالتۇن بازىرىغا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن:

— بۇ كىشىلەر بەك قالتىسكەن، ھەدېگەندىلا 1000 يۈەن چىقىرىشقا ماقۇل بولدى، — دەپتۇ.

— ئەمدى سەن ئۇنى ئۇنچە - مەرۋايىت سودىگەرلىرىنىڭ يېنىغا ئاپارغىن، لېكىن ھەرگىز ساتما، — دەپتۇ ئۇستازى. ئۇ ئۇنچە - مەرۋايىت سودىگەرلىرىنىڭ يېنىغا بارغاندىن كېيىن، ئۆز قولىغا ئىشىنەلمەيلا قاپتۇ، ئۇلار بۇ تاشقا 50 مىڭ يۈەن باھا قويغان ئىكەن. ئۇلار يەنە داۋاملىق باھاسىنى ئۆستۈرۈپ، 100 مىڭ يۈەن باھا قويۇپتۇ. لېكىن شاگىرت «بۇ تاشنى ساتقۇم يوق» دەپ تۇرۇۋالغاچقا، ئۇلار: «تاشنى سېتىپ بېرىشكە ماقۇل بولساڭلا، 200 مىڭ، 300 مىڭ ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ چىقارساقمۇ مەيلى» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. شاگىرت بولسا: «مەن ساتمايمەن، پەقەت باھاسىنى بىلىپ باقاي دەپ كەلدىم» دەپ ئاران قۇتۇلۇپتۇ. ئۇنىڭ ھېس قىلىشىچە، ئۇنچە - مەرۋايىت سودىگەرلىرى ئەقلىدىن ئازغانلار بولۇپ، بۇ تاشقا ئۇنىڭچە بولغاندا كۆكتات بازىرىدىكى باھا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىكەن.

ئۇ قايتىپ كېلىشىگە ئۇستازى تاشنى قايتۇرۇۋېلىپ دەپتۇ:

— ئۇنى ساتقۇم يوق، لېكىن سەن ھازىر چۈشەنگەنسەن، بۇ سېنىڭ پەرق ئېتىش، چۈشىنىش ئىقتىدارىڭغا باغلىق. ئەگەر سەن كۆكتات بازىرىدا ياشايدىغان ئادەم بولساڭ، ئۇنداقتا سېنىڭ ئاشۇ بازارغا لايىقلا چۈشىنىش ئىقتىدارىڭ بولىدۇ - دە، ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى باھا قويۇشقا پېتىنالمايسەن.

ئانىلارغا سۆز: شەيئىلەرنىڭ قىممىتى ھەر دائىم ئۆزگىرىپ

تۇرىدۇ، بۇنىڭدا ئۇنىڭ قانداق ئورۇنغا قويۇلغانلىقى، قانداق كىشىلەرنىڭ باھا بەرگەنلىكىگە قاراش كېرەك. ئادەممۇ شۇنداق، سېنىڭ يوشۇرۇن قىممىتىڭ چەكسىزدۇر، ئۇنى جارى قىلدۇرمەن دېسەڭ، يۇقىرى قاتلامغا قاراپ توختىماستىن ئىلگىرىلىشىڭ كېرەك، شۇندىلا قىممىتىڭ ئاشىدۇ.

ساپاسى ئوخشاش بولمىغان ئانىلار گوياكى ئوخشاش بولمىغان بازار مۇھىتىغا ئوخشايدۇ. ئانىنىڭ بالىغا بېرىدىغان تەربىيەسىمۇ ئاشۇنداق قىممىتى ئۇزۇكسىز ئېشىپ تۇرىدىغان گۆھەرگە ئوخشايدۇ. پەقەت ھەر ۋاقىت ئۆزىنى تەربىيەلەشنى، مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ئېسىدە تۇتقاندىلا، بالىغا تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ ئاكتىپ تەربىيە بەرگىلى بولىدۇ. «ئانىنىڭ ساپاسى بالىنىڭ ساپاسىنى بەلگىلەيدۇ» دېگەن سۆز ئاشۇنىڭدىن كېلىپچىققان.

## ئۈچ ساياھەتچى

ئۈچ ساياھەتچى بىر مېھمانسارايغا بىرلا ۋاقىتتا چۈشۈپتۇ. ئەتىگەندە ئۇلارنىڭ بىرى كۆڭلۈك كۆتۈرۈۋالغان، يەنە بىرى ھاسا ئېلىۋالغان، ئۈچىنچىسى قۇرۇق قول ھالدا مېھمانسارايدىن چىقىپتۇ. كەچتە كۆڭلۈك ئېلىۋالغان ساياھەتچىنىڭ كىيىملىرى چۆپ - چۆپ بولۇپ كەتكەن، ھاسا ئېلىۋالغان ساياھەتچىنىڭ ئۈستىبېشى لاي - پاتقاققا مىلەنگەن، قۇرۇق قول چىقىپ كەتكەن ساياھەتچى ھېچنېمە بولمىغان ھالدا قايتىپ كەپتۇ. ئالدىدىكى ئىككى كىشى ئۈچىنچى كىشىدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ.

ئۈچىنچى كىشى ئۇلارنىڭ جاۋابىغا ئۇدۇل جاۋاب بەرمەستىن، كۆڭلۈك كۆتۈرۈۋالغان كىشىدىن:

— سىز ھۆل بولۇپ كېتىپسىزيۇ، نېمىشقا يىقىلىپ كەتمىدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يامغۇر ياغقان ۋاقىتتا، ئۆزۈمنىڭ دانالىقىدىن بەك خۇشال بولۇپ، كۆڭلۈكنى ئېچىپ دادىللىق بىلەن يامغۇردا كېتىۋەردىم، شۇنداقتىمۇ كىيىملىرىم ئوبدانلا ھۆل بولدى. پاتقاق يولدا ھاسا ئېلىۋالمىغانلىقىم ئۈچۈن، ناھايىتى ئېھتىيات

بىلەن ماڭغانىدىم، شۇڭا يىقىلىپ چۈشمىدىم.

ئارقىدىن ئۇ ھاسا كۆتۈرۈۋالغان كىشىدىن سوراپتىكەن، ئۇ مۇنداق دەپتۇ:

— يامغۇر ياغقاندا كۈنلۈكۈم بولمىغاچقا، يامغۇردىن دالىدا بولغۇدەك جايلارنى تاللاپ ماڭدىم ياكى توختاپ ئارام ئالدىم. پاتقاق يولدا گەرچە ھاسامنى ئىشلەتكەن بولساممۇ، يەنىلا يىقىلىپ چۈشتۈم.

قۇرۇق قول ساياھەتچى بۇلارنى ئاڭلاپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ:

— يامغۇر ياغقاندا مەن يامغۇردىن دالدىلىنىدىغان يەرنى تاللاپ ماڭدىم، يول ياخشى بولمىغاندا ئاۋايلاپ ماڭدىم، شۇڭا يا يامغۇردا ھۆل بولۇپ كەتمىدىم ياكى يىقىلىپمۇ چۈشمىدىم. سىلەرنىڭ ئۆز ئالدىڭلارغا ئەۋزەللىكىڭلار بار بولسىمۇ، لېكىن تازا ئېھتىيات قىلمىغان، ئەۋزەللىكىم بولغاچقا ھېچقانداق مەسىلە چىقمايدۇ، دەپ ئويلىغاچقا، كۈنلۈك كۆتۈرۈۋالغىنىڭلار ھۆل بولۇپ، ھاسا كۆتۈرۈۋالغىنىڭلار يىقىلىپ چۈشتۈڭلار مانا.

ئانىلارغا سۆز: تاشقى كۆرۈنۈشتىكى ئەۋزەللىكتىن ۋاز كەچكەندىلا، ئاندىن ئىچكى جەھەتتىكى ھەقىقىي كۈچ - قۇۋۋەتنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. ئاتا - ئانىلار بالىلىقىدىكى تەسىراتلىرىنى ئويلاپ تۇرۇپ بالىسىنى چۈشىنىشى، بالىسى

بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشى كېرەك. قەلبىمىزنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ھېلىقى «بالا»نى تاپقاندىلا، ئاندىن بالىلارنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلەلەيمىز. بۇ دۇنياغا بالىلارنىڭ نەزىرى بىلەن قارىساق، بىزمۇ بالىلار بىلەن بىرلىكتە ئۆسۈپ يېتىلىمىز.

# ئەتىنىڭ غېمىنى يېيىش

بىر راھىب ھەر كۈنى سەھەردە ئىبادەتخانىنىڭ قورۇسىدىكى يوپۇرماقلارنى تازىلايدىكەن. سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ غازاڭ سۈپۈرۈش ھەقىقەتەن ئادەمنى بىزار قىلىدىغان ئىش، بولۇپمۇ كۈز بىلەن قىش ئارىلىقىدا ھەر قېتىم شامال چىقسىلا، يوپۇرماقلار ئۇچۇپ ھەممە يەرنى بىر ئالىدۇ.

ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىر مۇنچە ۋاقىت سەرپ قىلىپ ھويلىدىكى يوپۇرماقلارنى تازىلاش راھىبنىڭ تازا بېشىنى ئاغرىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قانداق قىلغاندا بۇ ئاۋارىچىلىكتىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدەپتۇ. كېيىن بىر راھىب ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

— ئەتە ئەتىگەندە غازاڭلارنى سۈپۈرۈشتىن ئاۋۋال دەرەخ شاخلىرىنى كۈچەپ سىلكىپ، يوپۇرماقلارنى يەرگە چۈشۈرۈۋەت، شۇنىڭدا ئۆگۈنلۈككە غازاڭلارنى سۈپۈرمىسەڭمۇ بولىدۇ.

كىچىك راھىب بۇنى بولىدىغان ئامالكەن، دەپ ئويلاپ، ئەتىسى سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ دەرەخ شاخلىرىنى كۈچەپ سىلكىپتۇ. بۇنىڭدا ئۇ بۈگۈنكى ۋە ئەتىكى يوپۇرماقلارنى بىراقلا تازىلىۋېتەلەيتتى. بۇ بىر كۈن كىچىك راھىب ناھايىتى خۇشال ئۆتۈپتۇ.

ئەتىسى راھىب ھويلىغا چىقىپ قاراپ تۇرۇپلا قاپتۇ، چۈنكى ھويلا بۇرۇنقىدەكلا غازاڭغا لىق تولغان ئىكەن. بۇ چاغدا قېرى راھىب كېلىپ ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

— ئەخمەق بالا، بۈگۈن قانداقلا كۈچىگىن، ئەتە يوپۇرماقلار يەنىلا چۈشىۋېرىدۇ.

ئانىلارغا سۆز: پەرزەنتىمىزگە قاچاندىن باشلاپ مۇھەببەت پەيدا بولغاندۇ؟ تۇغۇتخانىدا ئۇ جاھاننى لەرزىگە سالغۇدەك قىرقىراپ يىغلىغاندىمۇ ياكى مەلۇم بىر كېچىدە كىچىككىنە بىر ھاياتلىق بەدىنىڭىزدە قىمىرلىغاندىمۇ؟ كېيىن كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ توختىماستىن چوڭ بولدى، بەزىلەر سىزگە ھامىلدارلىق مەزگىلىدە بىئارام بولىدىغانلىقىڭىزنى، فىگۇرىڭىزنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقىنى، يەڭگىگەندە قاتتىق ئاغرىيدىغانلىقىنى، يەنە بوۋاقنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنىڭ جاپالىقلىقىنى ئەسكەرتىدۇ. ئاشۇ سەلبىي «ئاگاھلاندۇرۇش» لار سىزنىڭ ئانا بولۇش گۈزەل ئىستىكىڭىزنى پەيدىنپەي غاجاپ، سىزنى كەلگۈسىدىن ئەندىشە قىلىدىغان قىلىپ قويىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئەنسىرەشنىڭ پەقەت ھاجىتى يوق. بالىنىڭ بۇ دۇنياغا كېلىشى تەڭرىنىڭ شاپائىتى. بالا ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا، خىلمۇ خىل مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان ئىشلارغا دۇچ كېلىدۇ. قولىدىن ھەرقانچە چوڭ ئىش كېلىدىغان ئاتا - ئانىمۇ بالا ئۆسۈپ يېتىلىدىغان دۇنيانىڭ ئۆزىنىڭ پىلانى ئىچىدە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلالمايدۇ. ئانىلارنىڭ ئەندىشە قىلىشىنىڭ

ئورنى يوق، ھەممە ئىشنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋەتسىلا كۇپايە، ئەتىكى ئىش ئەتە تەبىئىيلا ھەل بولۇپ كېتىدۇ. ھاياتلىقتىكى دىلخەستىلىكلەرنىڭ غېمىنى بالدۇر يېيىش دىلخەستىلىكنى بارغانسېرى كۆپەيتىۋېتىدۇ، خالاس. ئۆزىڭىزگە ئىشىنىڭ، بالىنىڭ ئەتىسىنى پىلانلاش مۇھىم ئىش، لېكىن ئەتىسىدىن غەم يېيىش ئارتۇقچە.

# دەريا بويىدىكى ئالما

بىر قېرى راھىبنىڭ بىر مۇنچە ئىخلاسمەن شاگىرتلىرى بار ئىكەن. بىر كۈنى، ئۇ شاگىرتلىرىغا جەنۇبىي تاغقا بېرىپ بىر باغلامدىن ئوتۇن كېسىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. شاگىرتلار تاغقا ئانچە يىراق بولمىغان دەريا بويىغا ئالدىراش ـ تېنەش كېلىپ، تاغدىن كەلكۈننىڭ شارقىراپ ئېقىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھەممىسى داڭقېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ دەريادىن ئۆتۈپ ئوتۇن كېسىپ كېلىشى پەقەتلا مۇمكىن بولمايدىكەن. شاگىرتلار ئامالسىز سالپايغان ھالدا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ. پەقەت بىر كىچىك راھىبلا ئۇستازىنىڭ ئالدىدا بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇستازى سەۋەبىنى سورىغاندا، ئۇ قويىنىدىن بىر ئالمىنى چىقىرىپ ئۇستازىغا تەڭلەپ: «دەريادىن ئۆتەلمىگەچكە ئوتۇن كەسلەپ كېلەلمىدىم، بىراق دەريا بويىدا بىر تۈپ ئالما دەرىخى بار ئىكەندۇق، شاختىكى بۇ ئالمىنى ئۈزۈپ ئېلىپ كەلدىم» دەپتۇ. كېيىنچە بۇ كىچىك راھىب ئۇستازىنىڭ ۋارىسى بولۇپ قاپتۇ.

ئىنسانلارغا سۆز: دەسلەپتە ئانا بولغاندا، ئىنسانلىق خاراكتېرىنىڭ كۈچىدىن بىز بالا ئالدىدا مۇكەممەل ھالەتتە كۆرۈنۈشنى

ئويلايمىز. دۇنيادا مۇكەممەل ئاتا ـ ئانا يوق، بۇ پەقەت بىزنىڭ ئارزۇيىمىز، خالاس. بىز ساددىلىق بىلەن بالا مۇكەممەل ھەم نۇقسانسىز ئانىغا موھتاج، دەپ ئويلايمىز، لېكىن بۇنداق مۇكەممەل ئاتا ـ ئانا ئالدىدا، بالىدا تېخىمۇ كۆپ ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش تۇيغۇسىنىڭ پەيدا بولۇشى مۇمكىنلىكىنى بىلمەيمىز.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مەن توساتتىن بۇنداق «مۇكەممەللىك» ئەپسانىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇش كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ قالدىم. گەرچە ئىلگىرى مۇشۇ سەۋەبلىك بالىغا ناچار تەسىر بېرىپ قويغان بولسامۇ، لېكىن بۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا تېخى كېچىكمىگەنلىكىمدىن خۇش بولدۇم.

گەرچە بۇ سەۋەبلىك ئاز ـ تولا چۈشكۈنلۈك ھېس قىلغان بولسامۇ، لېكىن ھېكايىدىكى كىچىك راھىبقا ئوخشاش، بىر دانە ئالما ئۈزۈۋېلىش قارارىغا كەلدىم. مۇكەممەل ئانا بولالمىغان بولسامۇ، لېكىن بارلىق ياسالمىلىقنى چۆرۈپ تاشلاپ، بالام ئالدىدا ھەقىقىي ئۆزۈمنى نامايان قىلغانلىقىمدىن ئۆزۈمنىڭ ھەقىقىي تەرىپىنى بايقىيالايتتىم.

ئۆزىمىزگە مۇكەممەل ئاتا ـ ئانا بولماسلىق ھوقۇقىنى بېرەيلى، ناگاندا بىر ناچار ئىشلىرىمىزدىن چۈشكۈنلىشىپ كەتمەيلى، ھېسسىياتىمىزنى ئەركىن ئىپادىلەپ، ئۆز ھەرىكىتىمىزنى كونترول قىلايلى.

## سىز قانداق جايدىن كەلدىڭىز؟

ئىلگىرى بىر دانىشمەن بوۋاي ھەر كۈنى ماي جىقلاش پونكىتىنىڭ سىرتىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ماشىنا بىلەن بۇ بازاردىن ئۆتكەن كىشىلەرگە سالام بېرەتتى.

بىر كۈنى، ئۇنىڭ يېنىدا نەۋرە قىزىمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. بىر چاغدا ئېگىز بويلۇق، قارىماققا ساياھەتچىگە ئوخشايدىغان بىر ئەر (ئۇلار بۇ بازاردىكى ھەممە كىشىنى تونۇيتتى) كېلىپ، ئۇلاردىن قەيەرگە چۈشكۈن قىلسا بولىدىغانلىقىنى سورۇشتۇردى.

— بۇ قانداق جاي؟ — دەپ سورىدى ئۇ بوۋايدىن.

بوۋاي ئاستا كەينىگە ئۆرۈلۈپ:

— سىز قانداق جايدىن كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— مەن ئىلگىرى تۇرغان بازاردا كىشىلەر بىر ـ بىرىنى تەنقىد قىلىپلا يۈرەتتى، قوشنىلار ئارا غەيۋەت ئۇزۇلمەيتتى، ئىشقىلىپ ئۇ جاي ياخشى ئەمەس ئىدى. مەن ئۇنداق كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان جايدىن ئايرىلغىنىمغا ناھايىتى خۇشال، — دېدى ساياھەتچى.

— ئۇنداقتا سىزگە دەپ بېرەي، ئەمەلىيەتتە بۇ بازارمۇ كۆپ

پەرقلەنمەيدۇ، ــ دېدى بوۋاي ئۇنىڭغا.

بىر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، بىر ئائىلىلىك ئولتۇرغان بىر ماشىنا ماي جىقلىغىلى كەلدى. ماشىنا ماي جىقلاش پونكىتىغا كىرىپ، بوۋاي ۋە ئۇنىڭ نەۋرە قىزى ئولتۇرغان جايغا كېلىپ توختىدى. بىر ئايال ئىككى بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ ماشىنىدىن چۈشۈرۈپ، ئۇلاردىن ھاجەتخانىنى سورىدى. بوۋاي ئۇلارغا قىڭغىر ـ قىيسىق ۋىۋىسكا ئېسىلغان بىر ئىشىكنى كۆرسىتىپ قويدى. ئارقىدىن ئايال بوۋايدىن:

ــ بۇ جايدا تۇرسا كۆڭۈللۈكتۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ سىز ئىلگىرى تۇرغان جاي قانداق ئىدى؟

ــ بىز ئىلگىرى تۇرغان بازاردا كىشىلەر بەك سەمىمىي ئىدى، ھەممە كىشى بىر ـ بىرىگە ياردەم قىلىشنى خۇشاللىق، دەپ بىلەتتى. نەگىلا بارسىڭىز كىشىلەر سىزگە سالام بېرەتتى، رەھمەت ئېيتاتتى. ئۇ جايدىن پەقەت مېھرىمنى ئۈزەلمەيمەن، ــ دېدى ئايال.

بوۋاي ئايالغا مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ قاراپ:

ــ ئەمەلىيەتتە بۇ جايمۇ كۆپ پەرقلەنمەيدۇ، ــ دېدى. ئارقىدىن ئۇلار ماشىنىغا چىقىپ، قولىنى پۇلاڭلىتىپ خوشلىشىپ كېتىپ قالدى.

بۇ چاغدا نەۋرىسى بوۋايغا قاراپ:

ــ بوۋا، بايا سىز ھېلىقى كىشىگە بۇ يەرنى بەك

قورقۇنچلۇق دېۋىدىكەنمىز، ئەمدى ئۇلارغا بەك ياخشى دەيسىزغۇ؟ — دېدى.

مېھرىبان بوۋاي نەۋرە قىزىنىڭ چىرايلىق زەڭگەر كۆزلىرىگە قاراپ:

— نەگىلا بارماڭ، سىز پوزىتسىيەيىڭىزنىمۇ بىللە ئېلىپ بارىسىز. ئۇ جايىنىڭ قورقۇنچلۇق ياكى ئوبدان ئىكەنلىكى تامامەن ئۆزىڭىزگە باغلىق، — دېدى.

ئانىلارغا سۆز: دەسلەپ ئانا بولغان چاغدا، تاشقى مۇھىت سىزگە قارىماققا توغرا بىلىنىدىغان نۇرغۇن ئەسكەرتىشلەرنى بەرگەنمۇ؟ مەسىلەن: بالا دەسلەپكى ئۈچ ئېيىدا بىر كېچىدە تاڭ ئاتقىچە بىر قېتىممۇ ئويغانماي ئۇخلىيالمايدۇ، بولمىسا كېيىن ئۇنىڭ ئۇيقۇسى نورمال بولماي قالىدۇ؛ ئەگەر بالىڭىز يىغلىسا ئۇنى دەرھال قولىڭىزغا ئالماڭ، بولمىسا ئۇنى يامان ئۆگىتىپ قويىسىز... تۇنجى بالىلىق بولۇشتىن ئىلگىرى، بۇ مەسىلىلەر تۇرلۇك يوللار ئارقىلىق كاللىڭىزغا قويۇلۇپ بولىدۇ. بۇ سەلبىي ئۇچۇرلار سىزنىڭ ھېسسىياتىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، يەنە بالىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇلىڭىزغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ھەممىمىز تەڭرى چىشلەپ قويغان ئالما، ھەر قانداق بالا ئۇنچىلىك «مۇكەممەل» بولمايدۇ. بىر كىچىك ھاياتلىقنى پەرۋىش قىلىشقا سەۋر ـ تاقەت، ئەستايىدىللىق ۋە

جاسارەت كېرەك. ئەگەر ئانا بولغۇچى بۇ نۇقتىنى ھېس قىلىپ يەتسە، كۆز ئالدىدا نامايان بولىدىغىنى ساغلام، نۇقسانسىز بالا بولۇشى، ھەرگىزمۇ قانداقتۇر بىر يېرىدە چاتىقى بار ھاياتلىق بولماسلىقى مۇمكىن.

# پاسخا بايرىملىق كارتوچكا

كىچىك ھېنرىتون ئۇياتچان، كەم سۆز بالا ئىدى. بىر كۈنى ئۇ مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا ئاپىسىغا ئۆزىنىڭ سىنىپتىكى ھەربىر ساۋاقدىشىغا پاسخا بايرىملىق كارتوچكا ياسايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنىڭدىن ئانىسىنى شۇ ھامانلا غەم باستى ۋە «ئىلاھىم، ئۇ ئۇنداق قىلمىسىكەن» دېگەنلەرنى ئويلىدى. چۈنكى ئۇ بالىلارنىڭ مەكتەپتىن قايتقاندىكى تۈرقىنى كۆرگەنىدى، كىچىك ھېنرىتون ھەمىشە بالىلارنىڭ كەينىدە قالاتتى. باشقا بالىلار قولىلىرىنى بىر - بىرىنىڭ مۈرىسىگە ئېلىشىپ خۇشال كۈلۈشۈپ ماڭسا، كىچىك ھېنرىتون ھەمىشە ئۇلاردىن چەتتە قالاتتى.

لېكىن ئۇ يەنىلا بالىسىنى قوللاش قارارىغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەغەز، شىلىم، بوياق قەلەملەرنى تەييارلىدى. كىچىك ھېنرىتون توپتوغرا ئۈچ ھەپتىگىچە ھەر كۈنى ئاخشىمى پاسخا بايرىملىق كارتوچكا ياسىدى.

پاسخا بايرىمى ئاخىر يېتىپ كەلدى. كىچىك ھېنرىتون بۇنىڭدىن ئاجايىپلا خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇ ياسىغان كارتوچكىلارنى ئاۋايلاپ قاتلاپ سومكىسىغا سالدى - دە،

ئىشىكتىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى. ئانىسى ئۇ ئەڭ ياقتۇرىدىغان قاتلىما سېلىپ، ئۇ مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندە مۇزدەك سۈت بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىشنى ئويلىدى. چۈنكى ئانىسى ئۇنىڭ چوقۇم ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. مۇشۇنداق قىلغاندا ئۇنىڭ قايغۇسىنى ئازراق بولسىمۇ يەڭگىللىتىش مۇمكىن ئىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ نۇرغۇن كارتوچكا تارقىتىپ، بىر پارچە بولسىمۇ تاپشۇرۇۋالالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئىچى تېخىمۇ ئېچىشىپ كەتتى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۇ قاتلىما ۋە سۈتلەرنى ئۈستەلگە تىزىپ بولدى. سىرتتىن بالىلارنىڭ قىيا - چىيالىرى ئاڭلانغاندا، ئۇ دېرىزىدىن قاراپ بالىلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. كىچىك هېنرىتون ئادەتتىكى كۈنلەردىكىدەك ئۇلارنىڭ كەينىدە كېلىۋاتاتتى، لېكىن قەدەملىرى باشقا كۈنلەرگە قارىغاندا تېزرەك ئىدى.

ئانىسى كىچىك هېنرىتون ئىشىكتىن كىرىشى بىلەنلا يىغلىۋەتتى، چۈنكى ئۇ بالىسىنىڭ قولىدا هېچ نەرسە يوقلۇقىنى بايقىغانىدى. ئۇ يىغىسىنى بېسىۋېلىپ:

— بالام، ساڭا قاتلىما ۋە سۈت تەييارلاپ قويدۇم، — دېدى.

لېكىن ئۇنىڭ بۇ گېپى كىچىك هېنرىتوننىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇ ئۆز هالى بىلەن ئالدى تەرەپكە مېڭىپ، چىرايىدىن تەبەسسۇم نۇرلىرىنى چاقناتقان هالدا: «بىر پارچىمۇ.... بىر پارچىمۇ...» دېدى ۋە ئارقىدىن: «بىر پارچىنىمۇ ئۇنتۇپ قالماپتىمەن» دەپ قوشۇپ قويدى.

ئانىلارغا سۆز: بۇ ئانىنىڭ كۆڭلىدە قانداق ئويلىغانلىقىنى بىلمەيمەن، لېكىن بۇ ھېكايىنى ئوقۇغان ئانىلار يىغلىماي قالمايدۇ. بەلكىم بۇ بالىلىرىمىزدا ئەينەكتەك سۈزۈك قەلب بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. بىزدىكى نىقاب ۋە پىسخىك مۇداپىئەلەرنى بىر ياققا قايرىۋېتەلەيدىغىنى يەنىلا بالىلار. چوڭلارنىڭ كۆڭلى ھەر دائىم ئېرىشىش بىلەن مەھرۇم قېلىشنى دەڭسەپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىمۇ ساپ بولمايدۇ. لېكىن بالىلارنىڭ ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى ئىچ ـ ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىققان، ئۇلار ھېچقاچان ساختىپەزلەرچە ھىجايمايدۇ ياكى يالغاندىن كۆز يېشى قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر قېتىملىق خۇشاللىقى ۋە ئازابى نەزىرىمىزدە ئەرزىمەس ئىشتەك كۆرۈنۈشى مۇمكىن، لېكىن ئۇلارنىڭ قەلبى شۇ قەدەر گۈزەلدۇر. ئەگەر سىز بىر بالىدىن «كىمنى ئەڭ ياخشى كۆرىسىز؟» دەپ سورىسىڭىز، ئۇ چوقۇم «ئاپامنى، يەنە مۇئەللىمنى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. چۈنكى ئانا بىلەن مۇئەللىم ئەڭ دەسلەپتە مۇھەببىتىنى ئۇلارغا سىڭدۈرۈۋېتىدۇ. ئۇنىڭدىن «يەنە كىمنى ياخشى كۆرىسىز؟» دەپ سورىسىڭىز، ئۇ «ئويۇنچۇق، چىرايلىق قەنت ـ گېزەك، تورتلارنى، يەنە كارتون فىلىملەردىكى پېرسوناژلارنى ياخشى كۆرىمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بالىلارنىڭ مۇھەببىتىگە ھېسسىياتلا پاتىدۇ، مەقسەت ـ مۇددىئالار پاتمايدۇ.

# بەختلىك قىز ۋە بەختسىز ئوغۇل

ئىككى ئايال پاراڭلىشىپ قاپتۇ. ئارىدىن بىرى يەنە بىرىدىن:

— ئوغلىڭىز ياخشى كېتىۋاتقاندۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بولدى گېپىنى قىلماڭە، شور پېشانە چىقىپ قالدى ئۇ، — دەپتۇ ئۇ ئايال ئۇھسىنىپ، — ئۇ بىچارە تازىمۇ ھۇرۇن خوتۇن ئېلىپ قالدى، يا تاماق ئەتمەيدۇ، يا ئۆي تازىلىمايدۇ، يا كىر يۇمايدۇ، يا بالىسىنى باقمايدۇ، ھەر كۈنى ئۇخلاشنىلا بىلىدۇ. ئوغلۇم ناشتىلىقنى ئۇنىڭ كارىۋىتىغا ئاپىرىپ بېرىدۇ تېخى!

— ئەمىسە قىزىڭىزچۇ؟

— ئۇنىڭ تەلىيى چىقتى دەڭە، — دەپتۇ ئايال چىرايىغا شۇ ھامان كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — ئۇ يامان ئەمەس ئەرگە تەگدى، ئۆي ئىشلىرىنى ئېرى بىر قوللۇق قىلىدۇ، ئۇنىڭغا پەقەت قولىنى ئەگرى قىلدۇرمايدۇ، تاماق ئېتىش، كىر يۇيۇش، ئۆي تازىلاش، بالا بېقىش دېگەندەك ئىشلارنى ئۆزىلا قىلىۋېتىدۇ، ھەر كۈنى ئەتىگەندە ناشتىلىقنى كارىۋىتىغا ئاپىرىپ بېرىدۇ تېخى!

ئانىلارغا سۆز: ئوخشاش ئەھۋالنى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن كۆزەتسەك، ئوخشاش بولمىغان تۇيغۇغا كېلىمىز. باشقىلارنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ قاراپ باقساق ياكى ئورنىمىزنى

ئالماشتۇرۇپ باقساق، نۇرغۇن ئىشلار باشقىچە بىلىنىدۇ. سىز تېخىمۇ كۆپ كەڭ قورساقلىقتا، تېخىمۇ كۆپ مۇھەببەتكە ئىگە بولۇشىڭىز مۇمكىن.

بالا كىچىك ۋاقتىدا، ئانا بولغۇچى ئۇنىڭ باشقىلارغا بوزەك بولۇپ قېلىشىدىن، زىيان تارتىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىدۇ. بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يەنە كۆچلۈك، جاسارەتلىك بولماسلىقىدىن، جەمئىيەتكە ماسلىشالماسلىقىدىن ئەنسىرەيدۇ، ھەتتا بالىسى بالىلىق بولۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ، ئۇنىڭ ئۆيدە خوتۇن - بالىلىرى بىلەن ئىناق، غەمسىز ئۆتۈۋاتقان ياكى ئۆتمەيۋاتقانلىقىدىن غەم يەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنداق قىلىش بىھاجەت.

بەزىلەر دۇنيادىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىش بالا تەربىيەلەشنى بىلمەسلىك، دەيدۇ. ئاتا - ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيەت ئېڭى بەك كۈچلۈك بولسا، ئۇلارنىڭ پەرزەنت تەربىيەسى بەزى ۋاقىتلاردا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولماي قالىدۇ. بۇنداق ئاتا - ئانىلار بەزىدە تەربىيەلەشنى بىلمەيدىغان، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك بولمىغان ئاتا - ئانىلارغىمۇ يەتمەيدۇ. بەزى ئىشلارغا بىر كۆزىنى يۇمۇپ، بىر كۆزىنى ئېچىپ مۇئامىلە قىلىدىغان ئاتا - ئانىلارنىڭ كۆنى ئازادىرەك ئۆتىدۇ.

# ھاياتلىقتىكى يۇدۇمە سىۋەت

بىر كىشى ھەمىشە تۇرمۇشىدا بىسىمنىڭ ، تۇرمۇش يۈكىنىڭ بەك ئېغىرلىقىدىن قاقشايدىكەن. ئۆزىنى بەك ھارغىن ھېس قىلىپ، بېسىم دەستىدىن يېنىك تىنىمۇ ئالالمايدىكەن. ئۇ باشقىلاردىن تاغ ئېتىكىدە بىر پەيلاسوپ بار، دەپ ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن تەلىم ئالغىلى بېرىپتۇ.

پەيلاسوپ ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بىر قۇرۇق سېۋەتنى بېرىپ: «بۇ سېۋەتنى يۈدۈپ تاغنىڭ چوققىسىغا چىق. لېكىن ھەربىر قەدەم ئالغاندا چوقۇم بىر تاشنى تېرىپ سېۋەتكە سېلىشىڭ كېرەك. تاغنىڭ چوققىسىغا چىققاندا، مەسىلەڭنى ھەل قىلىدىغان ئۇسۇلنى تەبىئىيلا تاپالايسەن، بارغىن، بېرىپ جاۋابىڭنى ئىزدە!» دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بۇ كىشى جاۋاب ئىزدەش سەپىرىگە ئاتلىنىپتۇ.

ئۇ يېڭى يولغا چىققاندا روھىي ھالىتى ناھايىتى جۇشقۇن بولۇپ، يولبويى سەكرەپ ـ تاقلاپ مېڭىپتۇ ھەمدە ئۆزى ئەڭ ياخشى، ئەڭ گۈزەل، دەپ قارىغان نەرسىلەرنى بىر ـ بىردىن سېۋەتكە سېلىپتۇ. ھەربىر نەرسىنى سېۋەتكە تاشلىغاندا، خۇددى

دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل نەرسىگە ئېرىشكەندەك ھېس قىلىپ، تولىمۇ خۇشال بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ خۇشال كۆلكە سادالىرى ئىچىدە سەپىرىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى تاماملاپ بوپتۇ.

لېكىن سېۋەتتىكى نەرسىلەر كۆپەيگەنسېرى، سېۋەت ئېغىرلاپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆز زىممىسىدىكى يۈكنىڭ قەددىنى پۈكۈۋاتقانلىقىنى، يەنە كېلىپ بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىپتۇ... لېكىن ئۇ قەيسەرلىك بىلەن قالغان يولنىمۇ مۇشۇنداق بېسىپ بولۇشنى ئارزۇ قىپتۇ ھەمدە «ئاز قالدى، غەيرەت قىلاي» دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە مەدەت بېرىپتۇ.

ئۇ ئىككىنچى قېتىملىق ئۈچتىن بىر قىسىم يولدا ھەقىقەتەن كۆپ رىيازەت چېكىپتۇ، ئەتراپتىكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ مەپتۇنكار نەرسىلەرگە قاراشقا ھەپسىلىسى قالماپتۇ. سېۋىتىنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇ بۇ نەرسىلەردىن ۋاز كېچىپ، پەقەت ناھايىتى يېنىك ھەم ئېھتىياجلىق بولغان ياكى كەم بولسا بولمايدىغان نەرسىلەرنىلا تاللاپ سېۋىتىگە ساپتۇ. ئۇ بۇنداق ۋاز كېچىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن. پۈتكۈل مۇساپىنى بېسىپ بولۇش، مەنزىلگە يېتىش ئۈچۈن، يېنىدىكى مەپتۇنكار نەرسىلەرگە ھەۋەسمەن بولىدىغان، ئېغىر ياكى يېنىك دەپ ئۇلتۇرماي ھەممىسىگە ئېرىشىشنى ئويلايدىغان ئىش، ئادەمنىڭ ھاياتى مانا مۇشۇنداق ئۆتىدىغان گەپ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېغىر قەدەملىرىنى بېسىپ ئالغا ئىلگىرىلەپتۇ.

ۋاھالەنكى، مەيلى قانداقلىقى يېنىك نەرسىنى سېۋەتكە

سالسۇن، سېۋەتنىڭ ئېغىرلىقى قىلچە يېنىكلىمەپتۇ، پەقەت توختىماي ئېغىرلاپتۇ، يەنە ئېغىرلاپتۇ تاكى بەرداشلىق بېرەلمىگەنگە قەدەر يەنىلا مۇشۇنداق ئېغىرلاپ كېتىۋېرىپتۇ. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ ئۇ يەنىلا سېۋەتنى يۈدۈپ، ئاخىرقى ئۆتكەن بىر قىسىم مۇساپىگە ئاتلىنىپتۇ.

ئۇ شۇ تاپتا مەنزىلنىڭ ھەقىقەتەن يىراق ئەمەسلىكىنى ھېس قىپتۇ. بىراق نېمىنى تەرگەنلىكىگە، سېۋەتكە نېمىنى سالغانلىقىغا قاراشقا رايى قالماپتۇ. كۆز ئالدىدىكى نەرسە قانداق گۈزەل، قانداق ياخشى كۆرىدىغان، قانداق ئېھتىياجلىق ياكى يېنىك نەرسە بولسۇن، ھەممە نەرسىگە بىپەرۋا قارايدىغان بوپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئۇلارنى كۆتۈرۈپ كەتكۈدەك مادارى قالمىغانىكەن.

ئۇ نىشانغا يېتىشكە ئاز قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ غەيرەت قىلىپتۇ. ئاخىر ئۇنىڭ قولى پەيلاسوپنىڭ قولىغا تېگىپ، پۈتۈن مۇساپىنى بېسىپ بولۇپ، بۇ بىر مەيدان كۈرەشنى ئاياغلاشتۇرۇپتۇ.

«جاۋابنى ئەمدى بىلگەنسەن؟» دەپتۇ پەيلاسوپ. ئۇ مەقسەتسىز ھالدا كۈلۈپ قويۇپ، بېشىنى چايقاپ: «جاۋابنى بىلمىدىم، بىراق ھازىر بىلىشكىمۇ موھتاج ئەمەسمەن!» دەپتۇ. پەيلاسوپ ئۇنىڭ جاۋابىدىن ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ.

شۇنداق، پۈتكۈل مۇساپىدىكى ئۈچ باسقۇچ كىشىلىك ھاياتتىكى ئۈچ باسقۇچقا، يەنى ياشلىق، ئوتتۇرا ياشلىق ۋە قېرىلىق دەۋرىگە ئوخشايدۇ. ياش ۋاقتىمىزدا ئەڭ گۈزەل، ئەڭ

ساپ، دەپ قارىغان نەرسىلەرنى تاللايمىز. خۇددى بالىلىق مەزگىلىگە ئوخشاش، بىزدە ھېچقانداق بېسىم، يۈك بولمايدۇ، پەقەت ساددىلىق بىلەن ئۇلارنى گۈزەل نەرسە، دەپ بىلىپلا تېرىۋالىمىز؛ ئوتتۇرا ياشلىق مەزگىلدە، ئەڭ ئەسقاتىدىغان، ئەڭ ئېھتىياجلىق، دەپ قارىغان نەرسىلەرنى تاللايمىز، خۇددى قۇرامىغا يەتكەن ۋاقىتتا، بىزدە مەسئۇلىيەت، يۈك بولغانغا، ھەر ۋاقىت بىر ئائىلىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىنىمىز، كاللىمىزنى سەگەك تۇتقىنىمىزغا ئوخشاش؛ قېرىلىق دەۋرىدە، ئەڭ ئاسان ئېرىشكىلى بولىدىغان، لېكىن باشقىلار ئاسان نەزەردىن ساقىت قىلىدىغان نەرسىلەرنى تاللايمىز.

ھاياتىمىزغا نەزەر سالساق، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكلەرگە، داۋالغۇشلارغا تولغانلىقىنى، لېكىن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. يېشىمىزنىڭ ئۇلغىيىشىغا ئەگىشىپ، چوقۇم تۇرمۇشنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەك. بەلكىم بۇ جەرياندا تۇرمۇشنىڭ بېسىمىنى، شۇنداقلا بۇ بېسىمنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشىمىز مۇمكىن. بىراق ھەربىر ئېغىرلىق قوشۇلۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۆتۈلمىگەن خۇشاللىقلارغا، تەسەللىگە ئېرىشىمىز ياكى قايغۇ ـ ئازابقا دۇچ كېلىمىز. لېكىن كىمنىڭ ھاياتى خۇشاللىق ۋە قايغۇغا تولمىغان، كىمنىڭ ھاياتىدا كۆلكە بىلەن يىغا ئارىلاش كەلمىگەن؟ داۋالغۇش بولمىغان ھاياتنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ تۇرمۇش تەكشى بولمايدۇ، لېكىن ئاخىرقى

نۇقتىغا يېتىپ بارغان دەقىقىدە، بېسىپ ئۆتكەن ئۇچ باسقۇچقا نەزەر سالساق، ھېچكىمدىن قىلىشمىغۇدەك دەرىجىدە ئىشەنچكە پەخىرلىنىشكە تولىمىز. چۈنكى، مەنىلىك ئۆتكەن ھايات ناھايىتى قىزىقارلىق بولىدۇ. شۇڭا ھازىر بۇ يۈكنى قانداق يېنىكلىتىشنىڭ غېمىنى يېيىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

ئانىلارغا سۆز: ئەمەلىيەتتە، مەنمۇ ھېلىقى كىشىگە ئوخشاش كىشىلىك ھاياتتىكى بۇ مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەن. تۇرمۇشنىڭ بېسىمى ئېغىرمۇ؟ ئەلۋەتتە. ھەربىر خىل نەرسىنى سېۋەتكە سالغاندىن كېيىن، ئۇستىمىزدىكى يۈك ئېغىرلاپ كېتىدۇ. ئاتا ـ ئانا بولۇشتىن ئىبارەت بۇ خىزمەتنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى. ئانا بولۇش سۆيۈمچان بىلەن، ھەمىشە پەرزەنت تەربىيەلەشنىڭ ئىنتايىن جاپالىق خىزمەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالىمەن. بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن، ئىنتايىن زور زېھنىي كۈچ ۋە ئەقىل ـ پاراسەت كېرەك. ئەلۋەتتە، بۇ جەرياندا باشقىلار ھېس قىلالمايدىغان ئۆزگىچىلىك ۋە خۇشاللىقلارغا ئېرىشىمىز، شۇڭا پەرزەنت تەربىيەلەش مەڭگۈ ئادەمنى پۇشايمانغا قويىدىغان ئىش ئەمەس. بۇ جەرياندا غەم ـ ئەندىشە، جاپا ـ مۇشەققەت، قايغۇ، بېسىملارنى باشتىن كەچۈرىمىز، شۇنداقلا خۇشاللىق، بەخت ۋە تەسەللىگىمۇ ئىگە بولىمىز. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئاچچىق ـ چۈچۈكلەر، داۋالغۇشلار بىزگە تۇرمۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. بولۇپمۇ بالىمىزنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە چوڭلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە،

قەلبىمىز تەسەللى ۋە ئۇتۇق تۇيغۇسىغا لىق تولغان بولىدۇ.

ئانا بولۇش بىر جەريان. بۇ جەريان خۇددى ئۆگىنىش جەريانىغا ئوخشاش، بىزگە نۇرغۇن قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى سوۋغا قىلىدۇ. دەسلەپتە، نۇرغۇن ئانىلار پەقەت مۇكەممەل ئاتا ـ ئانىلارلا بالىسىنى توغرا كىشىلىك هايات يولىغا باشلىيالايدۇ، دەپ قارايدۇ. لېكىن نۇقسانسىز هايات بولمىغانىغا ئوخشاش، مۇكەممەل ئاتا ـ ئانا بولۇش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئىشەنچلىك ئاتا ـ ئانا بالىسىغا ياخشى تەسىر بېرەلەيدۇ، ئۆزىنىڭ هەقىقىي ۋە تەبىئىيلىكىنى ساقلاپ، بالىنى تېخىمۇ خاتىرجەم قىلىدۇ. ئەكسىچە، بالىسىدىن ۋە ئۆزىدىن ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان ئۈمىدلەرنى كۈتۈش، خاتالىق سادىر قىلغاندا تەدبىر قوللانماسلىق ئاتا ـ ئانىلارنى دائىم جىددىيلەشتۈرۈپ، بالىغىمۇ خاتىرجەمسىزلىك پەيدا قىلىدۇ.

هەقىقىي نەرسە، ئۇ مەيلى سەۋەنلىك، قايغۇ ياكى خۇشاللىق بولسۇن، ئۇنى تاللىغان ئىكەنسەن، ئۇ هاياتىڭنىڭ بىر قىسمىغا تەۋە بولۇپ كېتىدۇ.

# كىچىك ئىشلارغا چېچىلماڭ

بۇرۇن بىر ئايال تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ئىشلارغا چېچىلىپىلا يۈرىدىكەن. ئۇ بۇنداق قىلىشنىڭ ئوبدان ئەمەسلىكىنى بىلىپ، بىر دانا شەيختىن تەلىم سوراپ بېرىپتۇ.

شەيخ ئۇنىڭ بايانلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھېچنېمە دېمەستىن ئۇنى بىر ئېتىكاپخانىغا ئەكىرىپ، سىرتىدىن قۇلۇپلاپ قويۇپتۇ.

ئايال ئاچچىقىدا ئاغزىنى بۇزۇپ شەيخنى تىللاپ كېتىپتۇ، لېكىن شەيخ ئۇنىڭغا پەرۋامۇ قىلماپتۇ. ئارقىدىن ئايال شەيخكە يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ، لېكىن شەيخ يەنىلا ئاڭلىمىغانغا سېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئايال ئاخىر جىمىپ قاپتۇ. بۇ چاغدا شەيخ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن:

— يەنە ئاچچىقىڭىز كېلىۋاتامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— نېمىشقىمۇ بۇ يەرگە كېلىپ بۇ ئازابنى تارتقاندىمەن، دەپ ئۆزۈمگە ئاچچىقىم كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ ئايال.

— ھەتتا ئۆزىنىمۇ كەچۈرەلمەيدىغان ئادەم قانداقمۇ تەمكىن بولالىسۇن؟ — شەيخ شۇنداق دەپ پېشىنى قېقىپ كېتىپ قاپتۇ. يەنە بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن، شەيخ كېلىپ ئۇنىڭدىن:

— يەنە ئاچچىقىڭىز كېلىۋاتامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ئاچچىقىم كەلمىدى، — دەپتۇ ئايال.
— نېمىشقا؟
— ئاچچىقلانسامۇ نېمە ئامال بولاتتى؟
— ئاچچىقىڭىز تېخى بېسىلماپتۇ، ئۇ يەنىلا يۈرىكىڭىزنى بېسىپ تۇرۇپتۇ، ئۇ پارتلىسا ئاقىۋىتى تېخىمۇ يامان بولىدۇ، — شەيخ شۇنداق دەپ يەنە كېتىپ قاپتۇ.

شەيخ ئۈچىنچى قېتىم ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، ئايال ئۇنىڭغا:

— ئەمدى ئاچچىقىم كەلمەيۋاتىدۇ، چۈنكى بۇ ئىشلار ئاچچىقلىنىشقا ئەرزىمەيدىكەن، — دەپتۇ.

— ئاچچىقلىنىشقا ئەرزىش - ئەرزىمەسلىكىنى بىلىدىكەنسىز، قارىغاندا ئىچىڭىزدە يەنىلا ئاچچىقنىڭ ۋەزنى بار ئىكەن، ئاچچىقنىڭ يىلتىزى كېسىلمەپتۇ، — دەپتۇ شەيخ كۈلۈپ.

قۇياش غەربكە قىيسايغان ۋاقىتتا، ئايال شەيختىن:

— ئۇستاز، ئاچچىقلىنىش دېگەن نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ. بۇ چاغدا شەيخ قولىدىكى چاينى يەرگە سېپىپتۇ. ئايال ئۇنىڭغا بىر هازا قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، تۇساتتىن كاللىسى ئېچىلىپ كېتىپتۇ ھەمدە رەھمەت ئېيتىپ يولىغا راۋان بوپتۇ.

ئانلارغا سۆز: بالا گەپ ئاڭلىمىغاندا، ئاتا - ئانا ئەلۋەتتە ئاچچىقلىنىدۇ. تۇرمۇشتا كىشىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرىدىغان

ئىشلار ئازمۇ؟ لېكىن ھەقىقىي ئاچچىقلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلار قانچىلىكتۇ؟ ئاچچىقلىنىش باشقىلار تۇكۇرۇۋەتكەن، لېكىن سىز ئاغزىڭىزغا ئېلىۋالغان ھېلىقى نەرسىگە ئوخشايدۇ، يۇتاي دېسىڭىز ئىچىڭىز ئېلىشىدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىسىڭىز، ئۇ ئۆزلۈكىدىن يوقاپ كېتىدۇ.

ئاچچىقلىنىش باشقىلارنىڭ خاتالىقى ئارقىلىق ئۆزىنى جازالايدىغان ئەخمىقانە ھەرىكەت. ئادەم ھاياتىدا بەخت ۋە خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولۇپ ئۇلگۇرەلمەيۋاتقان يەردە، ئاچچىقلىنىشقا يەنە نەدە ۋاقىت؟

ئۇمىدۋار، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدىغان ئانىلار كەڭ قورساق، ساغلام، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان بالىلارنى تەربىيەلەپ چىقالايدۇ. تۇرلۇك قىيىنچىلىق، ئاۋارىچىلىك ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلىشنى، كەيپىياتىنى كونترول قىلىشنى ئۆگىنىۋالغاندا، دىلخەستىلىكلەرنى يوقاتقىلى بولىدۇ. بالىلىق بولۇشتىن ئىلگىرى سىز بىر ئايال ئىدىڭىز، بالىلىق بولۇپ بۇ يېڭى ھاياتلىققا بەدەل تۆلىگەندىن كېيىن، ئادەتتىكى ئايالدىن ئانىغا ئۆزگىرىسىز.

# ئەڭ ياخشى جاۋاب

بۇ بىر شىركەت خادىم تەكلىپ قىلىش ئىمتىھانىدا چىقارغان سىناق سوئالى:

«بورانلىق يامغۇر ئەدەۋاتقان بىر كېچىسى، سىز ماشىنىڭىزنى ھەيدەپ بىر بېكەتتىن ئۆتۈپ قالدىڭىز. بېكەتتە ئۈچ كىشى ئاپتوبۇس ساقلاۋاتتى. ئۇنىڭ بىرى ئۆلەي دەپ قالغان بىر بوۋاي بولۇپ، تولىمۇ بىچارە ئىدى؛ يەنە بىرى دوختۇر بولۇپ، ئۇ ئىلگىرى جېنىڭىزنى قۇتقۇزۇپ قالغان، ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇشنى ئۇزۇندىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقانىدىڭىز؛ ئۈچىنچى كىشى بىر ئايال (ئەر) بولۇپ، سىز ئۇنى ئەمرىڭىزگە ئېلىشنى (ئۇنىڭغا ياتلىق بولۇشنى) چۈشىڭىزدىمۇ ئويلايتتىڭىز، بۇ قېتىم پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويسىڭىز، بۇنداق پۇرسەت قايتا كەلمەسلىكى مۇمكىن. لېكىن ماشىنىڭىزدا بىرلا ئورۇن بار، بۇنداق ئەھۋالدا سىز قانداق تاللايسىز؟ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈڭ؟»

بۇنىڭ ئادەمنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنى سىنايدىغان سوئال ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، چۈنكى ھەربىر جاۋابنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق سەۋەبى بار.

بوۋاي ئۆلەي دەپ قالغان، شۇڭا ئۇنى ئاۋۋال قۇتقۇزۇشىمىز كېرەك. لېكىن، ئادەم قېرىغاندا هامان ئۆلىدىغان گەپ. شۇڭا دوختۇرنى ماشىنىمىزغا چىقىرىۋېلىشىمىز كېرەك، چۈنكى ئۇ سىزنى قۇتقۇزۇپ قالغان، سىزنىڭچە، بۇ ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرستى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەزىلەر دوختۇرغا كېيىن بىر پۇرسەت چىقىرىپ جاۋاب قايتۇرسا بولىدۇ، لېكىن بۇنداق پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويسا، ئاشىق بولغان «ئۇ» نىڭغا مەڭگۈ ئېرىشەلمەسلىكى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ.

ئىمتىھانغا قاتناشقان 200 كىشى ئىچىدە، پەقەت بىرەيلەنلا قوبۇل قىلىنىپتۇ. ئۇنىڭ جاۋابى مۇنداق ئىكەن:

«دوختۇرغا ماشىنىنىڭ ئاچقۇچىنى بېرىپ، ئۇنىڭدىن بوۋاينى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىشنى ئۆتۈنىمەن، ئۆزۈم قېلىپ ئاشىقىم بىلەن بىللە ئاپتوبۇس ساقلايمەن!»

كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇنى ئەڭ ياخشى جاۋاب، دەپ قارايدۇ، لېكىن ئۇلار (مەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) باشتىلا مۇشۇنداق قىلىشنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ.

ئانىلارغا سۆز: «ۋاز كېچىشنىڭ ئۆزى ئېرىشكەنلىك.»

ئەگەر بىز ئۆزىمىزدىكى تەرسالىق، ئىچى تارلىق ۋە بىر قىسىم ئەۋزەللىكلەردىن ۋاز كەچسەك، تېخىمۇ كۆپ نەرسىگە ئېرىشىشىمىز مۇمكىن. بالىلارغا شۆھرەتپەرەسلىك، مەنپەئەتپەرەسلىك مۇئامىلىسى قىلماي ۋە ئۇلاردىن زىيادە

ئۆمىدلەرنى كۈتمەي، ئۇلارغا كۆپرەك مېھىر بەرسەك، كەڭ قورساق بولساق، ئادەتتىكىچە ۋە تەبىئىي مۇئامىلە قىلساق، بالا كۆڭلەرنىڭ بىر يەردە كىشى ئىشەنگۈسىز يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، بىزنى ھەيران قالدۇرۇشى مۇمكىن. ئەكسىچە، ئۇلاردىكى ئارتۇقچىلىقلارغا پەرۋا قىلماي، قارىغۇلارچە تەربىيە ئۇسۇلىنى قوللانساق، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلىپ قويۇشىمىز مۇمكىن. قۇرامىغا يەتكەن ئادەم ھەممىدىن خەۋەردار ئاقىل بولالمىغان يەردە، بىر بالىنىڭ ھەممە جەھەتتىن پىشىپ يېتىلىشى مۇمكىنمۇ؟ بالىلارنىڭ ئويۇن ئويناش ۋاقتىنى تارتىۋېلىپ، ئۆگىنىشكە زورلايدىغان ئاتا ـ ئانىلار مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغان ئەقىللىق بالىلىرىدىن مەھرۇم بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇلارنىڭ ساغلاملىقى ۋە خۇشاللىقىنىمۇ تارتىۋېلىشى مۇمكىن.

# بەشـنچی قـسـم

## مەن مەڅگوٚ

### یینـڅدا

## مەن مەڭگۈ يېنىڭدا

1989 - يىلى يۈز بەرگەن 8.2 بال يەر تەۋرەش ئامېرىكا زېمىنىنى تۈزلىۋېتەي دەپ قالدى، تۆت مىنۇتقىمۇ يەتمەيدىغان قىسقىغىنە بۇ ۋاقىتتا، 30 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلدى.

بۇزغۇنچىلىق ۋە قالايمىقانچىلىق ئىچىدە، بىر دادا ئايالىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، ئوغلى ئوقۇۋاتقان مەكتەپكە بىرىپ داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى، چۈنكى مەكتەپ تۈپتۈز بولۇپ كەتكەنىدى.

بۇ ئازابلىق مەنزىرىنى كۆرگەن دادا، ئىلگىرى ئوغلىغا بەرگەن «مەيلى قانداق ئىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، مەن چوقۇم يېنىڭدا بولىمەن» دېگەن ۋەدىسىنى ئېسىگە ئالدى. بۇنى ئويلاپ دادىنىڭ كۆز چانىقى ياشقا تولدى. كىشىگە قىلچە ئۈمىد بېغىشلىمايدىغان خىش - كاھىش دۆۋىسى ئالدىدا، دادىنىڭ كاللىسىدا ئوغلىغا بەرگەن ۋەدىسى جاراڭلاپ تۇراتتى.

ئۇ ئوغلى ھەر كۈنى ئەتىگەندە مەكتەپكە بىرىشتا ئۆتىدىغان يولنى تەخمىن قىلىپ، ئاخىر ئوغلى ئوقۇيدىغان سىنىپنىڭ قايسى بىنادا ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى ۋە شۇ جايغا بىرىپ

خىش ـ كاھىش دۆۋىسى ئىچىدىن بالىسىنى ئىزدەشكە باشلىدى.

دادىسى خىش ـ كاھىش دۆۋىسىنى ئاختۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا، باشقا ئاتا ـ ئانىلار نەق مەيدانغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، خارابىگە ئايلانغان بىناغا قاراپ: «ۋاي ئوغلۇمەي، ۋاي قىزىمەي!» دېيىشىپ ۋارقىراشقىلى تۇردى. لېكىن ھېچقايسىسى خارابىنى ئاختۇرۇپ باقاي دېمەيتتى. بەزى ياخشى نىيەتلىك ئاتا ـ ئانىلار «ئەمدى كېچىكتۇق!»، «ئۇلار ئۆلۈپ كەتتى!»، «بۇنداق قىلغاننىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق»، «بولدى قىلايلى!» دېگەندەك گەپلەر بىلەن بۇ دادىغا خارابىلىكتىن چىقىپ كېتىشكە نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى. لېكىن بۇ دادا بۇنداق نەسىھەتلەرگە قۇلاق سالماي، باشقىلاردىن ياردەم تەلەپ قىلاتتى. ئارقىدىن يەنە بىر خىش ـ بىر خىشتىن ئىزدەشكە باشلايتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىدىكىلەرمۇ كېلىپ، بۇ دادىنى نەسىھەت قىلىپ كەتكۈزۈۋەتمەكچى بولدى. ئۇلار: «ئوت ئاپىتى، پارتلاش ھەرقاچان يۈز بېرىشى مۇمكىن، بۇ يەردە تۇرسىڭىز بەك خەتەرلىك، بۇ يەردىكى ئىشنى بىزگە تاپشۇرۇپ، تېزرەك ئۆيىڭىزگە قايتىپ كېتىڭ» دەيتتى. لېكىن دادا ئۇلارغا «ماڭا ياردەم قىلساڭلارچۇ؟» دەپ يالۋۇراتتى.

ساقچىلارمۇ كېلىپ بۇ دادىغا: «شۇ تاپتا ئاچچىقلىنىپ ۋە بىئارام بولۇپ تۇرۇپسىز، بۇ ئىشلارنى ئاخىرلاشتۇرىدىغان ۋاقىت كەلدى، سىز ھازىر باشقىلارنىڭ ئامانلىقىغا خەۋپ يەتكۈزۈۋاتىسىز، بۇ يەردىكى ئىشلارنى بىزگە تاپشۇرۇپ قايتىپ

كېتىڭ!» دەپ نەسىھەت قىلدى. لېكىن بۇ دادا يەنىلا: «ماڭا ياردەم قىلىدىغانلار بارمۇ؟» دەيتتى، لېكىن ھېچكىم ئۇنىڭغا ياردەم قىلاي دېمەيتتى.

ئوغلىنىڭ ھايات ياكى ئۆلگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، بۇ دادا ئۆزى يالغۇز ئىزدەشنى داۋاملاشتۇردى. ۋاقىت مىنۇت ـ سېكۇنتلاپ ئۆتمەكتە ئىدى، ئىزدەش خىزمىتى 38 سائەت داۋاملاشقاندىن كېيىن، بۇ دادا يوغان بىر پارچە تاشنى ئىرغىتىۋەتكەندىن كېيىن، ئاستىدىن ئوغلىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى.

ــ ئامەن ! ــ دادا ۋارقىرىۋەتتى.

ــ دادامىمۇ؟ بۇ مەن، دادا، بەك ياخشى بولدى، سىز ئاخىر كەلدىڭىز. مەن ساۋاقداشلىرىمغا، ئەگەر ھاياتلا بولسىڭىز چوقۇم كېلىپ مېنى قۇتقۇزىدىغانلىقىڭىزنى، مەن قۇتۇلغاندا ئۇلارنىڭمۇ قۇتۇلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدىم. سىز ماڭا مەيلى قانداق ئىش يۈز بەرسۇن، مەڭگۈ يېنىڭدا بولىمەن، دەپ ۋەدە بەرگەنىدىڭىز، سىز ۋەدىڭىزدە تۇردىڭىز، دادا!

ــ تۆۋەندە ئەھۋال قانداق؟

ــ 33 بالىدىن 14 ىلا ھايات قالدى. دادا، بىز بەك قورقۇپ كەتتۇق، ئۇسساپ ھەم قورسىقىمىز ئېچىپ كەتتى. ھېلىمۇ ياخشى سىز كەلدىڭىز. سىنىپ ئۆرۈلۈپ چۈشكەندە ھاسىل بولغان ئۈچ بۇرجەك كاۋاك بىزنى قۇتقۇزۇپ قالدى.

ــ تېز چىققىن ئوغلۇم!

ـــ ياق دادا، باشقا دوستلىرىم ئاۋۋال چىقىۋالسۇن. چۈنكى سىزنىڭ مېنى ئېلىپ كېتىدىغانلىقىڭىزغا، قانداق ئىش يۈز بەرسۇن، هامان يېنىمدا بولىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن!

ئانىلارغا سۆز: گەرچە بۇ بىر دادا توغرىسىدىكى هېكايە بولسىمۇ، لېكىن ئانىلارنى ئىختىيارسىز يىغلىتىۋېتىدۇ. بالىنىڭ هاياتى تەهدىتكە ئۇچرىغان چاغدا، دادا هەممىشە هېچنېمىگە قارىماستىن ئوتتۇرىغا چىقىپ، بارلىق خېيىم ـ خەتەر ۋە مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ؛ بالا ئاغرىپ قېلىپ قان بېرىشكە توغرا كەلسە، ئاتا ـ ئانا قىلچە ئىككىلەنمەستىن يېڭىنى شىمايلايدۇ، هەتتا ئىككىسى تالىشىپ قالىدۇ؛ بالا سۈيدۈكتىن زەهەرلىنىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، بۆرىكىنى ئالماشتۇرۇشقا توغرا كەلگەندىمۇ، ئاتا ـ ئانىلار ئالدى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزىنىڭكىنى ئالماشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ... ئىشقىلىپ، ئاتا ـ ئانىلار بالىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن بارلىقىنى، هەتتا هاياتىنى تەقدىم قىلىشقىمۇ رازى.

يەنە بەزى نادان ئاتا ـ ئانىلار بار، بالىسى جىنايەت ئۆتكۈزۈپ ئۆلۈمگە هۆكۈم قىلىنغاندا، ئۆزىنىڭ هاياتىنى تېگىشكۈسى كېلىپ كېتىدۇ؛ بەزىلەر بالىنىڭ سەۋەنلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ، بالىنىڭ ئورنىدا جازانى قوبۇل قىلماقچى بولىدۇ. گەرچە بۇلارمۇ ئوخشاشلا مەدھىيەلەشكە ۋە هېسداشلىق قىلىشقا ئەرزىسىمۇ، لېكىن بۇ پەقەت ئاتا ـ ئانىنىڭ هەر ۋاقىت بالىنىڭ هاياتىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنىلا چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. هەربىر ئادەم

ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىدا بىر بالا، مەيلى ئۇنىڭ ئەمدىلا ئايغى چىقىۋاتقان بولسۇن ياكى چېكىسىدە ئاق چاچ پەيدا بولغان بولسۇن. بالىڭىزغا ئۇ ياردەمگە موھتاج ۋاقتىدا مەڭگۇ ئۇنىڭ يېنىدا بولىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىڭ. بۇ بەلكىم بىر خىل كۆيۈنۈش بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇنى قوبۇل قىلىش ۋە ئېتىراپ قىلغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ.

# بۇلاق پاسبانى

ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسىنىڭ ۋاپات بولۇپ كەتكەن باستېرى پېتېر مارشال ناھايىتى ئۇستا ناتىق ئىدى، ئۇ «بۇلاق پاسبانى» توغرىسىدىكى ھېكايىنى سۆزلەشكە ئامراق ئىدى. ھېكايىدە مۇنۇلار بايان قىلىناتتى:

ئالپىس تېغىنىڭ شەرقىدىكى تۆپىلىكتە، ئاۋستىرىيەگە تەۋە كەنتلەردىكى ئورمانلىقتا بىر بوۋاي ئولتۇرىدىكەن. نۇرغۇن يىل ئىلگىرى، بازارلىق پارلامېنت ئۇنى تاغ ئارىسىدىكى كۆللەردىكى لاۋا - لاتقىلارنى تازىلاشقا تەكلىپ قىلغان ئىكەن. بۇلاق سۈيى تاغدىكى مەنبەسىدىن ئېقىپ بازارغا بارىدىكەن. بوۋاي ئۈن - تىنسىز ھالدا تاغنى ئارىلاپ، غازاڭ ۋە دەرەخ شاخلىرىنى ھەر ۋاقىت تازىلاپ، بۇلاق سۈيىنىڭ ئېقىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ۋە سۇنى بۇلغايدىغان لاي - لاتقىلارنى ۋاقتىدا تازىلاپ تۇرىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ كەنت ئاستا - ئاستا گۈزەل ئارامگاھقا ئايلىنىپتۇ. گۈزەل ئاق قۇلار زۇمرەتتەك كۆل يۈزىدە ئەركىن ئۈزۈپ يۈرسە، يېقىن ئەتراپتىكى ھەرقايسى سۇ چاقپەلەكلىرىمۇ ئايلىنىپ، ئېتىزلارنى سۇغىرىشقا باشلاپتۇ.

نۇرغۇن يىل شۇنداق ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى ئەتىگەندە بازارلىق

پارلامېنت يېرىم يىلدا بىر ئۆتكۈزۈلىدىغان يىغىننى ئېچىپتۇ. بازارنىڭ خامچوتىنى تەكشۈرگەندە، بەزىلەرنىڭ كۆزى كىشىنىڭ دىققىتىنى ئانچە قوزغىمايدىغان بۇلاق پاسىبانىنىڭ مائاشىغا چۈشۈپ قاپتۇ. مالىيەگە مەسئۇل بۇ كىشى: «بۇ بوۋاي كىم بولىدۇ؟ نېمىشقا ھەر يىلى ئۇنى تەكلىپ قىلىمىز؟ يا ئۇنى ھېچكىم كۆرمىسە. تاغلارنى چارلاپ يۈرىدىغان بۇ ناتونۇش كىشىنىڭ بىزگە ھېچقانداق پايدىسى يوق، بىزمۇ ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىق ئەمەس!» دەپتۇ. بېلەت تاشلاش ئارقىلىق، كۆپچىلىك بىردەك بوۋاينىڭ ۋەزىپىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا قوشۇلۇپتۇ.

دەسلەپكى بىر نەچچە ھەپتىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولماپتۇ. كۈز كېلىشكە باشلىغاندا، دەل - دەرەخلەر يوپۇرماق تاشلاپ، سۇنغان شاخلىرى كۆلگە چۈشۈپ بۇلاق سۈيىنى توسۇپ قويۇپتۇ. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، كىشىلەر بۇلاق سۈيىنىڭ سۈس قوڭۇر رەڭگە ئۆزگەرگەنلىكىنى بايقاپتۇ. ئىككىنچى ھەپتىسى بۇلاق سۈيى تېخىمۇ دۇغلىشىپ كېتىپتۇ. يەنە بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، بۇلاق سۈيىنىڭ ئۈستىنى بىر قەۋەت لاي - توپا قاپلىغاننىڭ ئۈستىگە، ئادەمنىڭ دىمىنى كېسىدىغان سېسىق پۇراق چىقىرىدىغان بولۇپ قاپتۇ. سۇ چاقپەلەكلىرى ئىلگىرىكىدىن ئاستا ئايلىنىدىغان بولۇپ، ئاخىرىغا بارغاندا چىپلا توختاپ قاپتۇ. ئاق قۇ ۋە ساياھەتچىلەرمۇ بۇ يەردىن تېزىپ كېتىپتۇ، تۇرلۇك كېسەللىكلەر كەنتكە ھۇجۇم قىلغىلى تۇرۇپتۇ.

قىيىن ئەھۋالدا قالغان پارلامېنت ئالدىراش ـ تېنەش ئالاھىدە يىغىن ئېچىپ، ئۆزلىرىنىڭ تولىمۇ چوڭ بىر سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئېتىراپ قىپتۇ ھەمدە بۇلاق سۈيىنى قوغدايدىغان بوۋاينى قايتىدىن ئىشقا تەكلىپ قىلىشنى قارار قىپتۇ...

يەنە بىر نەچچە ھەپتىدىن كېيىن، بۇلاق سۈيى ئەسلىدىكى سۈزۈك ھالىتىگە قايتىپتۇ. سۇ چاقپەلەكلىرى يەنە ھەرىكەتكە كېلىپ، يېڭى ھاياتلىق سۈيى ئالپىس تېغى ئېتىكىدىكى بۇ كىچىك كەنتكە يەنە ئېقىشقا باشلاپتۇ.

ئانىلارغا سۆز: بۇ ھېكايە سەل بىمەنىرەك بولسىمۇ، لېكىن قىلچە ئاساسى يوقمۇ ئەمەس. ئۇنىڭغا تولىمۇ جانلىق، ھازىرقى دەۋر تىنىقى بىلەن ئالاقىدار بولغان ئىستىئارە يوشۇرۇنغان.

بۇ دۇنيادا خۇددى بۇلاق پاسىبانى بىلەن كەنت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئوخشاش، بەزى كىشىلەر ساغلاملىقنى قوغدايدىغان، مەززىلىك تائاملارغا قېتىلىدىغان بىر چىمدىم تۇزغا ئوخشايدۇ. بۇلاق پاسىبانى بولمىغان كەنت، خۇددى تۇز ۋە نۇر بولمىغان دۇنياغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلەرگە نىسبەتەن دەل ئاشۇنداق. ئۇلار كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ، تاشقى دۇنيانى كەزگىلى چىققاندا، ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىنى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ شەخسىيەتسىز مۇھەببىتىنى ھېس قىلىدۇ.

تۇرمۇشنىڭ بىزگە بەرگەنلىرىنى تاللاش ئىمكانىيىتىمىز يوق،

لېكىن پەرزەنتلەر شۇنى ئۇنتۇماسلىقى كېرەككى، مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ دۇنيادا بەزى كىشىلەر مەڭگۈ ئۇنىڭدىن ۋاز كەچمەيدۇ. ئۇلار قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە، ئاتا ـ ئانىسى مەڭگۈ ئۇنىڭ كەينىدە قوللاپ تۇرىدۇ.

# مېنىڭ ئانام

تۈرمىنىڭ مەلۇم بىر كامېرىدا بىر نەچچە ئېغىر كېسىلگەن جىنايەتچى بىللە تۇراتتى.

بىر كۈنى، ئۇلار رەڭلىك ژۇرنال ۋاراقلاپ ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىپتۇ. ئارىدىن بىرى ژۇرنالدىكى ئۈنچە - مەرۋايىتلارنىڭ سۈرىتىنى كۆرستىپ، خۇرسىنغان هالدا: «ئەگەر ئانام مۇشۇ ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى تاقىيالىغان بولسا، نەقەدەر خۇشال بولۇپ كېتەتتى - هە!» دەپتۇ.

يەنە بىر جىنايەتچى ژۇرنالدىكى چىرايلىق بىر ئۆينىڭ سۈرىتىنى كۆرستىپ تۇرۇپ: «ئەگەر ئانام مۇشۇنداق چىرايلىق ئۆيدە ئولتۇرالىغان بولسا قانچە ياخشى بولاتتى - هە!» دەپتۇ.

يەنە بىر جىنايەتچى: «ئەگەر ئانامنىڭ مۇشۇنداق بىر ماشىنىسى بولغان بولسا، دائىم مېنى كۆرگىلى كېلەتتى» دەپتۇ.

ژۇرنال ئەڭ ئاخىرىدا بىر جىنايەتچىنىڭ قولىغا يېتىپ بېرىپتۇ، ئۇ ژۇرنالنى تۇتۇپ ئۇزاققىچە گەپ قىلماي ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ ۋە بىر چاغدا كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاققۇزۇپ: «ئەگەر ئانامنىڭ ياخشى ئوغلى بولغان بولسام نەقەدەر ياخشى بولاتتى - هە!» دەپتۇ.

كۆپچىلىك بۇنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز سۈكۈتكە چۆمۈپتۇ.

ئانىلارغا سۆز: قايسى ئانا پەرزەنتىنىڭ ياراملىق ئادەم بولۇشىنى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنى، بەختلىك، خۇشال بولۇشىنى ئۈمىد قىلمايدۇ؟ ئەگەر لازىم بولسا، ئانىلار ھەتتا ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارى، زېھنىي كۈچىنىمۇ پەرزەنتىگە ئاتىۋېتىشكە رازى. ھالبۇكى، بۇ تەقدىم قىلىشقا ھېچقانداق شەخسىيەتچىلىك يوشۇرۇنغان ئەمەس، بەلكى تامامەن بالىغا بولغان مۇھەببەتنى چىقىش قىلغان. مانا بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئادەم — ئانىدۇر.

# رېكورتنى بۇزغان ئانا

بىر چوكان ئۆيگە قايتىپ كېتىۋېتىپ، ئۆيگە يېقىنلاشقان چاغدا، ئادىتى بويىچە تۆتىنچى قەۋەتتىكى ئۆيىنىڭ بالكونىغا قاراپتۇ. ئۇنىڭ ئوماق ئوغلى بالكوندا ئاپىسىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋاتقان ئىكەن. ئوغلى ئاپىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، قولىنى پۇلاڭلىتىپتۇ، بۇ چاغدا ئاپىسىمۇ ئۇنىڭغا قولىنى پۇلاڭلىتىپتۇ. لېكىن ئانا بۇ چاغدا توساتتىن بۇنداق قىلىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ، لېكىن ئۇ كېچىككەن ئىكەن. بالا ئاپىسىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن بەدىنىنى ئالدىغا ئېڭىشتۈرگەندە، توساتتىن تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ بالكوندىن چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۆيدىكىلەر ھاڭ ـ تاڭ قېلىشىپ، كەينى ـ كەينىدىن بالكونغا چىقىپ ۋارقىرىشىپ كېتىپتۇ. بالىنىڭ ئاپىسى بالىسىنىڭ چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ھامان، ھېچنېمىگە قارىماستىن بالىسىنى قۇتقۇزۇشقا ئاتلىنىپتۇ. بەلكىم بۇ ھال تەڭرىنىمۇ تەسىرلەندۈرگەن بولسا كېرەك، ئاپىسى بالىسىنى يەرگە چۈشۈشتىن ئىلگىرى تۇتۇۋاپتۇ. كىشىلەر بۇنىڭدىن ھەيران قاپتۇ: بىر ئايالنىڭ شۇنچە تېز يۈگۈرۈشى ۋە چۈشۈپ كېتىۋاتقان بالىسىنى

تۇتۇۋېلىشى مۇمكىنمۇ؟ چۈنكى ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئايالنىڭ يۈگۈرۈش سۈرئىتى يۈز مېتىرغا يۈگۈرۈش دۇنيا رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىيالايدىكەن.

كېيىن كىشىلەر يۈز مېتىرغا يۈگۈرۈش دۇنيا چېمپىيونلىرىدىن بىر سىناق ئاپتۇ: ئوخشاش ئارىلىق، بالكوندىن چۈشۈپ كېتىۋاتقىنىمۇ ئوخشاش ئېغىرلىقتىكى جىسىم، ئۇلار ئۇنى تۇتۇۋالالامدۇ ـ يوق؟ نەتىجىدە ئۇلار ھەرقانچە تېز يۈگۈرسىمۇ، لېكىن ئۇ نەرسىنى تۇتالماپتۇ. بۇنىڭدىن كىشىلەر «مۇھەببەتنىڭ كۈچى چەكسىز ئۇلۇغكەن» دېگەن خۇلاسىگە كەپتۇ.

ئانىلارغا سۆز: ئانا دېگەن بۇ سۆز بىخەتەرلىك تۇيغۇسى، مۇھەببەت ۋە ئىللىقلىقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بالىنىڭ ئاۋارىچىلىكى ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ يېشى كىچىك بولغاچقا، خەۋپ ـ خەتەردىن قانداق ساقلىنىشنى بىلمەيدۇ. نۇرغۇن ئانىلار بالىسىنىڭ ئېھتىياتسىزلىقى سەۋەبىدىن گېلىغا كەمپۈت قەغىزى تۇرۇپ قېلىش، كۆمىمقوناقنى قۇلىقىغا تىقىۋېلىش، ئۆتكۈر تىغلىق نەرسىلەرنى ئويناش، كۆل بويىدا ئويناۋېتىپ ئېھتىياتسىزلىقتىن سۇغا چۈشۈپ كېتىش... قاتارلىق تۈرلۈك غەم ـ ئەندىشىلەردىن يۈرەكلىرى سۇ بولۇپ كېتىدۇ، مۇشۇ سەۋەبلىك ئۇيقۇسى يېتەرلىك بولماي، روھى چۈشۈپ، بەزىدە: «بۇ بالىنى نېمىشقىمۇ تۇغقاندىمەن؟ بولسا ئۇنى ئىشكاپقا سولاپ قويۇپ، چوڭ بولغاندا بىراقلا چىقىرىۋالسام» دېگەندەك بەڭگىنىڭ خىيالىنىمۇ قىلىپ كېتىدۇ.

ئاياللار ئانا بولغاندىن كېيىن، باتۇر، قەيسەر بولۇپ كېتىدۇ. ئانا بولغان كۈنلەردە، بالىغا بولغان مۇھەببىتى قۇدرەتلىك كۈچ هاسىل قىلىدۇ. ئىلگىرى كېچىدە مېڭىشتىن، چاشقاندىن، سۆۋەرەك ۋە باشقا قۇرت ـ قوڭغۇزلاردىن قورقىدىغان ئايالـلار، ئانا بولغاندىن كېيىن بالىسى ئۈچۈن هېچنېمىدىن قورقمايدىغان بولىدۇ. مانا بۇ ئانا تەبىئىتىنىڭ كۈچى.

## ۋاقىت ۋە مۇھەببەت

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، بىر ئارالدا «خۇشاللىق»، «قايغۇ»، «بىلىم» ۋە «مۇھەببەت»، شۇنداقلا باشقا تۈرلۈك ھېسسىياتلار بىللە تۇرىدىكەن.

بىر كۈنى، ئۇلار ئارالنىڭ چۆكۈپ كېتىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپتۇ ۋە كېمىلەرنى تەييارلىشىپ ئارالدىن كەتمەكچى بوپتۇ. لېكىن «مۇھەببەت» قېپقېلىپ، ئاخىرىغىچە بەرداشلىق بەرمەكچى بوپتۇ.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، ئارال راستىلا چۆكۈشكە باشلاپتۇ، بۇ چاغدا «مۇھەببەت» باشقىلاردىن ياردەم تەلەپ قىلماقچى بوپتۇ. بۇ چاغدا «بايلىق» بىر كېمىنى ھەيدەپ بۇ يەردىن ئۆتۈپتۇ.

— بايلىق، مېنى بىللە ئېلىپ كېتەلەمسەن؟ — دەپتۇ «مۇھەببەت».

— بولمايدۇ، كېمەمدە لىق ئالتۇن - كۈمۈش بار، ساڭا ئورۇن چىقمايدۇ، — دەپتۇ «بايلىق».

ئۇ يەنە «شۆھرەتپەرەسلىك» نىڭ ھەشەمەتلىك بىر كېمىدە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— شۆھرەتپەرەسلىك، ماڭا ياردەم قىلساڭچۇ؟ — دەپتۇ.

— ياردەم قىلالمايمەن، ئۇستىبېشىڭ ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ، چىرايلىق كېيمەمنى مەينەت قىلىۋېتىسەن، — دەپتۇ «شۆھرەتپەرەسلىك».

بىر چاغدا «قايغۇ» يېتىپ كەپتىكەن، «مۇھەببەت» ئۇنىڭدىنمۇ ياردەم تەلەپ قىپتۇ.

— ھەي، مەن بەك قايغۇرۇپ كېتىۋاتىمەن، ئۆزۈم يالغۇز تۇرغۇم بار، — دەپتۇ «قايغۇ» جاۋابەن.

«خۇشاللىق» مۇ «مۇھەببەت» نىڭ يېنىدىن ئۆتۈپتۇ، لېكىن بەك خۇشال بولغاچقا، «مۇھەببەت» نىڭ چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىماپتۇ.

توساتتىن، بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ:

— مۇھەببەت، تېز كەل، سېنى ئېلىپ كېتەي!

بۇ بىر ئاقساقال ئىكەن. «مۇھەببەت» بەك خۇشال بولۇپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. قۇرۇقلۇققا چىققاندىن كېيىن، بۇ ئاقساقال ئۆزى يالغۇز كېتىپ قاپتۇ. «مۇھەببەت» ئۇنىڭدىن بەك مىننەتدار بوپتۇ ۋە «بىلىم»دىن:

— ماڭا ياردەم قىلغان ھېلىقى كىشى كىم بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇنىڭ ئىسمى «ۋاقىت» — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ «بىلىم».

— ۋاقىت؟ ئۇ نېمىشقا ماڭا ياردەم قىلىدۇ؟

— چۈنكى ۋاقىتلا مۇھەببەتنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى چۈشىنىدۇ، — دەپتۇ «بىلىم».

ئانىلارغا سۆز: مەيلى «شۆھرەتپەرەسلىك»، «بايلىق» بولسۇن، «مۇھەببەت» نىڭ قىممىتىنى چۈشەنمىدى، پەقەت «ۋاقىت» لا «مۇھەببەت» نىڭ قىممىتىنى بىلدى. ھەممە ئانىدا بالىغا بولغان مۇھەببەت بار. لېكىن ئۇلارنىڭ ئەجرىنى پەرزەنتلەر چۈشەنمەسلىكى مۇمكىن. بىراق ئۇلار چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئاستا ـ ئاستا ئاتا ـ ئانىنىڭ دەردىنى چۈشىنىدىغان بولىدۇ.

# ئېغىر ۋە يېنىك

ئىككى تۆگىنىڭ بىرىگە ياغاچ، يەنە بىرىگە پاختا ئارتىلغان ئىكەن.

پاختا ئارتىلغان تۆگە ھەمىشە ياغاچ ئارتىلغان تۆگىنى مەسخىرە قىلىدىكەن:

— ئۆزۈڭگە جاپا سېلىپ، شۇنچە ئېغىر نەرسىنى ئارتىۋالغىنىڭنى قارا، ماڭا قارىغىنا، قانداقلا يول بولسا يېنىك قەدەم بىلەن كېتىۋاتىمەن!

ياغاچ ئارتىلغان تۆگە ئۇنىڭ مەسخىرىسىگە ھېچنېمە دېمەپتۇ.

بىر چاغدا ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا بىر دەريا پەيدا بوپتۇ. پاختا ئارتىلغان تۆگە بەردەم قەدەملەر بىلەن سۇغا چۈشۈپتۇ. لېكىن ئەمدىلا ئۆزىنى ماختاي، دەپ تۇرۇشىغا، ئۇستىدىكى يۈكىنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقاپتۇ. ئەسلىدە، ئۇنىڭ ئۇستىدىكى پاختا نۇرغۇن سۇنى سۈمۈرۈۋېلىپ، بارغانسېرى ئېغىرلاپ كېتىۋاتقان ئىكەن. ئۇ قانچە تىركەشكەنسېرى يۈك بارغانسېرى ئېغىرلاپ كېتىۋېرىپتۇ ۋە ئاخىر دەريانىڭ تېگىگە چۆكۈپ كېتىپتۇ.

لېكىن ياغاچ ئارتىلغان تۆگە سۇغا چۆشكەندىن كېيىن، ئۈستىدىكى ئەسلىدىكى ئېغىر ياغاچ لەيلىتىش كۈچى ھاسىل قىلىپ، ئۇنى ھېچقانچە جاپا تارتقۇزمايلا قىرغاققا يەتكۈزۈپ قويۇپتۇ.

ئانىلارغا سۆز: مەسئۇلىيەت بىلەن ھاياتلىق تەڭلا پەيدا بولغان. بەزىدە، ئەڭ يېنىك نەرسە ئەڭ ئېغىر نەرسىگە، ئەڭ ئېغىر نەرسە ئەكسىچە ئەڭ يېنىك نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. خۇددى بىزنىڭ ئۆزىمىزگە، قېرىنداشلىرىمىزغا، دوستلىرىمىزغا، بۇ دۇنياغا قارىتا ئۈستىمىزگە ئالغان مەسئۇلىيىتىمىزگە ئوخشاش.

كىچىك قىزلارنىڭ ساماۋى خىياللىرى قاينىمىدا مەست بولۇپ يۈرگەن ئانىلارغا نەسىھەت قىلىپ قوياي: ھاياتلىقتىكى «ياغاچ» لار گەرچە ئېغىر بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى باتۇرلۇق بىلەن كۆتۈرۈپ مېڭىشىمىز كېرەك. ئەگەر مەسئۇلىيەتنىڭ بېسىمى بولمىسا، ھاياتىمىز تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ.

# راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىسى

ناھىيە ئامبىلى ئەل رايىنى ئۆزىگە قارىتىش ئۈچۈن، ناھىيە-دىكى ئۆزئارا قوشنا ئىككى ئىبادەتخانىنى قايتىدىن سالدۇرماقچى بوپتۇ. ئۇقتۇرۇش چىقىرىلىشى بىلەن، قۇرۇلۇشقا خېرىدارلىقنى تالىشىدىغانلار ئۆچرەت بولۇپ كېتىپتۇ. قاتلامىمۇ قاتلام تاللاش ئارقىلىق، ئىككى گورۇپپا تاللىنىپتۇ: بىرىنچى گورۇپپا قۇرۇ-لۇش ئۇستىلىرىدىن تەشكىل تاپقان، ئىككىنچى گورۇپپا راھىبلاردىن تەشكىل تاپقان ئىكەن.

— ئىككى گورۇپپا بىردىن ئىبادەتخانا سالىسىلەر، قۇرۇ-لۇشقا كېرەكلىك ماتېرىيال ۋە قوراللارنى بىز تەمىنلەيمىز. لې-كىن قۇرۇلۇش ئەڭ قىسقا ۋاقىتتا پۈتۈشى شەرت، قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، ئاخىرىدا ئۇتۇپ چىققان گورۇپپىنى تارتۇقلايمەن، — دەپتۇ ئامبال.

قۇرۇلۇش ئۇستىلىرى تەخىر قىلىپ تۇرالماستىن، نۇرغۇن ماتېرىيال ۋە قوراللارنى ئېلىپ ئىشنى باشلىۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ دەم ئالماستىن قۇرۇلۇش قىلىشى، زىننەتلىشى نەتىجىسىدە، ئىبادەتخانا تېزلا نۇر - زىيالار چاقناپ تۇرىدىغان، نەقىشلىرى ئۆزگىچە قىياپەتكە كىرىپتۇ.

يەنە بىر تەرەپتە، راھىبلار چىلەك، دەسمال، سوپۇنلارنى ئېلىپ كەپتۇ، ئەسلىدە ئۇلار بۇرۇنقى ئىبادەتخانىنى سۈرتۈپ چىقماقچى بولغان ئىكەن.

قۇرۇلۇش ئاخىرلاشقان ۋاقىتتا قۇياش غەربكە ئولتۇراي دەپ قالغان بولۇپ، ئىككى ئىبادەتخانىنى سېلىشتۇرىدىغان ھالقىلىق پەيت ئىكەن. بۇ چاغدا، قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى ئۇستىلار ياسىغان ئىبادەتخانىغا چۈشۈپ، رەڭگارەڭ نۇرلارنى چاقنىتىپ، نۇرى دەل راھىبلار سۈرتكەن ئىبادەتخانىغا چۈشۈپتۇ. بۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئىبادەتخانا تولىمۇ كۆڭۈلگە ياقىدىغان، جىمجىت، شاۋقۇن - سۈرەندىن خالىي، شۇنداقلا كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان، تەبىئىي، سالاپەتلىك تۈسكە كىرىپ، ئۇستىلار ياساپ چىققان، كۆزنى ئالچەكمەن قىلىدىغان ئىبادەتخانا بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىپتۇ.

ئانىلارغا سۆز: قەلب ئىبادەتخانىسى مۇلايىم، تىپتىنچ، تەبىئىي، سالاپەتلىك بولۇشى، شۇنداقلا ئۇ قەلبنى پاكىزلايدىغان، زىيادە ھەشەم - دەرەمدىن خالىي بولۇشى كېرەك. ئەكسىچە بەك ھەشەمەتلىك بولۇپ كەتسە، ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىقتىدارىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

ئەگەر ئانا مېھرىنى قەلب ئىبادەتخانىسى، دەپ ئېيتساق، ئۇنداقتا شۆھرەتپەرەسلىك، مەنپەئەتپەرەسلىك ۋە باشقا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئارزۇ - ئىستەكلەر پەقەت تاشقى جەھەتتىكى ھەشەمەت ھېسابلىنىدۇ، ئۇلارنى يوقىتىۋېتىش

كېرەك. پەقەت قەلب چوڭقۇرلۇقىدىن چىققان قۇربان بېرىش روھى، شەرتسىز مۇھەببەت ھەمدە ئۇنى يېتەكلەيدىغان دانا ھەرىكەتلەرلا «قەلب ئىبادەتخانىسى» نىڭ ئىچىدىكى جەۋھەرلەر ھېسابلىنىدۇ.

# قوپال ياسالغان ياڭراتقۇ

نىسسىن مەكتەپتە ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇزىكا مۇسابىقىسىگە قاتناشماقچى بولۇپ، بىر ياڭراتقۇغا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالدى. ئۇ ئاپىسىغا بۇ تەلىپىنى ئېيتقانىدى، ئاپىسى: «مېنى كەچۈرگىن، مەندە پۇل يوق» دەپ جاۋاب بەردى.

— ئاپا، ئەگەر ياڭراتقۇم بولمىسا مۇسابىقىگە قاتنىشالمايمەن ! — دېدى نىسسىن روھى چۈشۈپ. چۈنكى ئۇ مۇزىكىنى بەك ياخشى كۆرەتتى، ئاۋازى تولىمۇ ساز چىقىدىغان گىتارى بار ئىدى، شۇغىنىسى ياڭراتقۇسى يوق ئىدى. ياڭراتقۇ بولمىسا، ئۇ سەھنىگە چىقىپ مۇسابىقىگە قاتنىشالمايتتى. شۇڭا ئاپىسىنىڭ گېپى ئۇنى غەمگە سېلىپ قويغانىدى.

— نىسسىن، ياڭراتقۇنى ئۆزىمىز ياسىساق قانداق دەيسەن؟ — دېدى ئاپىسى.

— ئۆزىمىز ياسامدۇق؟ — دېدى نىسسىن سەل گۇمان بىلەن، — بولىدۇ، ئاپا!

نىسسىن ياڭراتقۇ ياساشتىن ئانچە چوڭ ئۈمىد كۈتۈپ كەتمىسىمۇ، لېكىن زورىغا ماقۇل بولدى.

— ئەمىسە هازىرلا باشلايلى، چۈنكى مۇسابىقىگە ئانچە كۆپ

ۋاقىت قالمىدى ئەمەسمۇ ! ــ دېدى ئاپىسى.

ياڭراتقۇ ياساش پىلانى ئىجرا قىلىنىشقا باشلىدى. ئۇلار ياڭراتقۇ ياسايدىغان ياغاچ، كاناي ۋە ساندۇقنى ياپىدىغان رەختلەرنى تەييارلىدى. بىر ھەپتە پايپېتەك بولۇش ئارقىلىق، ياڭراتقۇنى ئاخىر پۈتكۈزدى. نېسسىن ئەمدى مۇسابىقىگە قاتنىشالايدىغان بولدى.

لېكىن نېسسىننىڭ قەلبىدىكى گۇمان باشتىن ـ ئاخىر يوقالماي كەلدى، چۈنكى ياڭراتقۇ ياساشقا كەتكەن پۇلغا يامان ئەمەس ياڭراتقۇدىن بىرنى سېتىۋالغىلى بولاتتى.

مۇسابىقە كۈنى يېتىپ كەلدى. نېسسىن دەككە ـ دۈككە ھالدا مەكتەپكە كەلگەندە، مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان باشقا ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭ ياڭراتقۇسىنى كۆرۈشكە باشلىدى.

ــ ئەجەب غەلىتە تۇرىدىغۇ؟ بۇنى ئۆزۈڭ ياسىدىڭمۇ؟ ــ دەپ سورىدى بىرى.

ــ شۇنداق، ئاپام بىلەن ئىككىمىز ياسىدۇق.

نېسسىننىڭ ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە، باللار ئۇنى مازاق قىلمايلا قالماستىن، ئەكسىچە كۆزلىرىدە ئازراق ھەسەت ئوتلىرى چاقناشقا باشلىدى.

ــ ھەي، مېنىڭ ئاپام ئەزەلدىن مەن بىلەن مۇنداق نەرسىلەرنى ياساپ باقمىغان!

نېسسىننىڭ كۆڭلىدىكى خىجىللىق دەرھال تارقاپ، چەكسىز ئىپتىخارلىق ۋە بەخت ھېس قىلدى.

— مېنىڭ ئاپام ھەقىقەتەن قالتىسكەن! ئۇ ئارزۇيۇمنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇچۇن، ۋاقتى ۋە زېھنىنى كۆچىنى شەخسىيەتسىز ھالدا تەقدىم قىلدى!

بۇ چاغدا، نېسسىن ئاپىسىنىڭ باشقىلارنىڭ كۆزىگە چېلىقمايدىغان بىر بۇلۇڭدا ئۆزىگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى.

بىراق نېسسىن مۇسابىقىدە مۇكاپاتقا ئېرىشەلمىدى، چۈنكى ياڭراتقۇدىن چىققان ئاۋاز ئانچە سۈپەتلىك بولمىغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئانچە مەيۇسلىنىپ كەتمىدى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى «غەلىبە»گە ئېرىشكەنلىكىنى بىلەتتى.

بۇ ئىش ئۆتۈپ خېلى ۋاقىتلاردىن كېيىن، نېسسىن ئاپىسى بىلەن بۇ ئىش توغرىسىدا پاراڭلىشىپ قالدى. ئاپىسى كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مەن پەقەت بىر قىسىم ۋاقىتلارنى سەن بىلەن بىرگە ئۆتكۈزۈشنى ئويلىدىم، راست، ئاۋاز ساندۇقى ياسىغان كۈنلەردە بىز خېلى كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋالدۇق. نېسسىن، سېنى سۆيىمەن ئوغلۇم! — دېدى.

— ئاپا، مەنمۇ سىزنى سۆيىمەن!

ئانىلارغا سۆز: خىزمەت، تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىكىدىن بەزىدە تىن ئالالمايمۇ قالىمىز. ئايىغى چىقماس خىزمەت، مېھماندارچىلىق، ئۆگىنىش بىزنى ئائىلىدىكىلەرگە كۆيۈنۈشتىن، بولۇپمۇ بالىلىرىمىزدىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىپ

باردۇ. بەزى ۋاقىتلاردىن بالىلار بىلەن تەڭ بەھرىلىنىش، بالىلارغا كۆيۈنۈش ۋە كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ ھۇزۇرىنى ھېس قىلدۇرۇش ئۇلارغا پۇل، ئويۇنچۇق ۋە يېمەكلىك بەرگەندىن مىڭ ئەلا. ئەمەلىيەتتە بىزگە ئايان، بەزى نەرسىلەرنىڭ قىممىتىنى ماددىي بۇيۇم ئارقىلىق ئۆلچىگىلى بولمايدۇ، ئۇ پەقەت قەلبىمىزدىلا ساقلىنىدۇ.

# دۇنيادىكى ئەڭ تەلەيلىك ئادەم

كەمبەغەل بىر ئائىلىدە، ئانا ـ بالا ئىككىسى بىر ـ بىرىگە ھەمدەم بولۇپ ياشايتتى. ئاپىسى ئىنتايىن جاپالىق ئىشلەپ ئائىلىنى باقاتتى، ئوغلىمۇ تۇرمۇشنىڭ جاپالىق ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، تولىمۇ شۈكۈرچان بولۇپ چوڭ بولدى، ئەزەلدىن ئانىسىغا ئورۇنسىز تەلەپ قويۇپ باقمىدى.

بىر كۈنى، ئوغۇل كوچىلىدە بىرەر ئىشى باردەك ئېغىر ئۇھسىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن ئاپىسى ئوغلىدىن نېمىشقا بۇنداق ئولتۇرىدىغانلىقىنى سورىۋىدى، لېكىن ئۇ ئاپىسىنى تەشۋىشلىنىپ قالدۇرۇپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ ھېچنېمە دېمىدى. كېيىن ئاپىسى سوراپ تۇرۇۋالغاچقا دۇدۇقلاپ تۇرۇپ:

— ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسىنىڭ ۋېلىسىپتى بار، مېنىڭلا يوق... — دېدى.

ئانىسى جىمىپ كەتتى، چۈنكى ئۇنىڭدا ئوغلىغا ۋېلىسىپت ئېلىپ بەرگۈدەك ئارتۇق پۇل يوق ئىدى.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى، ئوغلى خۇشال ھالدا يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئاپىسىغا:

— ئاپا، ماڭا ئىككى كوي بەرسىڭىز، ئايلانما تەخسە ئويۇنىغا

قاتناشماقچى ئىدىم، ئۇنىڭدا ۋېلىسىپىت مۇكاپاتقا ئېرىشكىلى بولىدىكەن، — دېدى. ئاپىسى ئوغلىنىڭ كۆزىدىكى ھاياجانلىق ئۇچقۇنلارنى كۆرۈپ، ھېچنېمە دېمەستىن ئۇنىڭغا پۇل بەردى.

ئوغلى خۇشال ھالدا كېتىپ، ئۇزاق ئۆتمەي سالپايغان پېتى قايتىپ كەلدى.

— مەن دۇنيادىكى ئەڭ تەلەيسىز ئادەم ئىكەنمەن، — دېدى ئۇ غەمكىن ھالدا غۇدۇراپ، چۈنكى ئۇنىڭغا ۋېلىسىپىت مۇكاپات چىقمىغانىدى. ئاپىسى ۋېلىسىپىتنىڭ ئوغلى ئۈچۈن شۇ قەدەر مۇھىملىقىنى ھېس قىلىپ، بىر ئىشنى كۆڭلىگە پۈككەندەك، كەينىگە ئۆرۈلۈپ چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى، ئاپىسى ئوغلىغا يەنە بىر قېتىم بېرىپ تەلىيىنى سىناپ بېقىشنى ئېيتتى. ئوغۇل بۇنىڭدىن سەل ئىككىلىنىپ قالدى، لېكىن ئانىسىنىڭ دەۋىتى بىلەن پۇلنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بىراق بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئامىتى كېلىپ، بىر ۋېلىسىپىتنى مىنگەن پېتى قايتىپ كەلدى ۋە ئاپىسىغا:

— ئاپا، مۇكاپاتقا ئېرىشتىم، ۋېلىسىپىت مۇكاپاتقا ئېرىشتىم. مەن دۇنيادىكى ئەڭ تەلەيلىك ئادەمكەنمەن، ھەرقانچە زور قىيىنچىلىقمۇ مېنى يىقىتالمايدۇ.... — دېدى.

بىر نەچچە يىلدىن كېيىن، بۇ ئوغۇل كەسىپتە ئۇتۇق قازىنىپ، نۇرغۇن مال ـ دۇنيانىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدى، لېكىن ھېلىقى ۋېلىسىپىتنى ئۇ ئىزچىل ساقلاپ كەلدى. ئۇ ھەر قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا يولۇققاندا، ھېلىقى ۋېلىسىپىتنى، ئۆزىنىڭ

دۇنيادىكى ئەڭ تەلەيلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالاتتى.

بۇ ئوغۇل قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ:

— ھېلىقى ۋېلىسىپىت ھەر كۈنى چۈشۈمگە كىرىدۇ، چۈشۈمدە مەن ئۇنى كۆچەپ تېپىپ، ئەتىگە قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقۇدەكمەن...

ھېلىقى ئانا بولسا بىر مەخپىيەتلىكنى ئىزچىل ساقلاپ كەلدى. ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا ئوغلىنى چاقىرتىپ كېلىپ:

— ئوغلۇم، ھېلىقى ۋېلىسىپىتكە قانداق ئېرىشكەنلىكىڭنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى. ئوغلىنىڭ يۈركى جىككىدە قىلىپ، گۇمان بىلەن ئاپىسىغا قارىدى.

— بۇ ۋېلىسىپىتنى مەن سېتىۋالغان، پۇلنى ئۇرۇق - تۇغقان، دوستلىرىمدىن قەرز ئالغانىدىم. چۈنكى ئىشەنچەڭنى يوقىتىپ، ئۆزۈڭنى دۇنيادىكى ئەڭ تەلەيسىز ئادەم، دەپ ھېس قىلىشىڭنى خالىمايتتىم.

ئانىلارغا سۆز: ئاتا - ئانىلار بالىغا نېمىگە قەرزدار؟

ئاتا - ئانىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى — بالىغا ئۆزىنىڭ قىممىتىنى بىلدۈرۈش، ئۇنى ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىگە ئىشەندۈرۈش. چۈنكى غۇرۇرىنى ساقلاش بىلەن ئۆزىگە ئىشىنىش بالىنىڭ ياخشى روھىي ھالىتىنىڭ ئاساسى. ئەگەر بىر بالا دائىم ئۆزىنى بىتەلەي، تۆۋەن چاغلىسا، ھەمىشە كەمچىلىكىنى قۇرداشلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن سېلىشتۇرسا، ئۇنىڭدا ئازراقمۇ ئىشەنچ قالمايدۇ، قالدىغىنى

پەقەتلا مەغلۇبىيەت بولۇپ، ھەرقانداق بىر ئىشنى سىناپ بېقىشنى خالىمايدۇ. بۇنداق بالىنىڭ ئىستىقبالى تولىمۇ خىرە بولىدۇ.

ھەرقانداق بىر بالا مەن تۇغۇلۇپلا، دەپ تەلەپ قىلىپ تۇغۇلغان ئەمەس. بولۇپمۇ ھېچقانداق بالا ئۆزىنىڭ نامرات ئائىلىدە تۇغۇلۇپ قېلىشىنى خالىمايدۇ. نامراتلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، باللار ھەرگىزمۇ نامراتلىقنى تىلىمەيدۇكى، نامراتلىقتا رەھمەت ئېيتىدۇ. ئاتا ـ ئانا بىر بالىنى بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغان ئىكەن، ئۇنىڭغا بەزى نەرسىلەرگە قەرزدار بولىدۇ. ئەگەر ئاتا ـ ئانا بالا ئېرىشىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنى، مەسىلەن: ئۆزىگە ئىشىنىش ۋە غۇرۇرنى بېرەلمىسە، بۇ ئىش بالىنىڭ ئۆمرىگە چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

# ھەممە كۆچىنى ئىشقا سېلىش

شەنبە كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى، بىر بالا قۇم دۆۋىلەنگەن ئويۇنچۇق ئۆيىدە ئويناۋاتاتتى. ئويۇنچۇق ئۆيىدە پىكاپ، يۈك ئاپتوموبىلى، سۇلياۋ چېلەك ۋە سۇلياۋ ئوتىغۇچ بار ئىدى. ئۇ يۇمشاق قۇم دۆۋىسىدە تاشيول ۋە تونېل ياساۋاتقان ۋاقىتتا، يوغان بىر تاشنى بايقاپ قالدى.

ئۇ تاش ئەتراپىدىكى قۇملارنى كولاپ، ئۇنى قۇم ئىچىدىن چىقارماقچى بولدى. لېكىن بالىنىڭ جۈغى كىچىك، تاش بولسا خېلىلا چوڭ ئىدى. ئۇ پۇت ـ قولىنى تەڭ ئىشقا سېلىپ، ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلماستىنلا، تاشنى ئۆينىڭ بىر بۇرجىكىگە دومىلىتىپ ئاپاردى. لېكىن ئۇ شۇ چاغدا تاشنى يۇقىرىغا دومىلىتىپ، تامدىن ئارتىلدۇرۇپ چىقىرىۋېتىشكە ئاجىزلىق قىلىدىغانلىقىنى بايقىدى.

شۇنداقتىمۇ ئۇ قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، قولى بىلەن ئىتتىرىپ، مۈرىسى بىلەن تىرەپ، ئوڭ ـ سولغا چايقاپ يۇرۇپ تاشقا كەينى ـ كەينىدىن ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. لېكىن ھەر قېتىم تاش يۇقىرىغا ئىتتىرىلىپ مەلۇم يەرگە كەلگەندە سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىپ، قۇمغا تېخىمۇ چوڭقۇر پېتىپ كېتەتتى.

بالا ئاچچىقىدا پۇشۇلداپ كېتىپ، بارلىق كۇچىنى ئىشقا سېلىپ تاشنى كۆچەپ ئىتتىردى. لېكىن، تاش يەنىلا دومىلاپ ئەسلىدىكى ئورنىغا قايتىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ قولىنى يارىلاندۇرۇپ قويدى. بالا ئاخىرىدا ئازابلىنىپ يىغلىۋەتتى.

بۇ جەرياننى بالىنىڭ دادىسى ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن ئېنىق كۆرۈپ تۇردى. كۆز يېشى بالىنىڭ مەڭزىگە دومىلاپ چۈشكەندە ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى مۇلايىم، لېكىن قەتئىي ئىدى:

— بالام، نېمىشقا بارلىق كۈچۈڭنى ئىشقا سالمايسەن؟

— ھەممە كۈچۈمنى ئىشقا سالدىم، دادا، — دېدى بالا مىسكىن ھالدا، — ھەممە كۈچۈمنى ئىشقا سالدىم!

— ياق، ئوغلۇم، — دېدى دادىسى ئۇنىڭ گېپىنى تۈزىتىپ، — سەن ھەممە كۈچۈڭنى ئىشلەتمىدىڭ. ھېچبولمىغاندا مەندىن ياردەم تەلەپ قىلمىدىڭ.

بالا دادىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ:

— دادا، ماڭا ياردەم قىلساڭچۇ، — دېدى. دادىسى ئېگىلىپ تاشنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ، ئويۇنچۇق ئۆيىنىڭ سىرتىغا تاشلىۋەتتى.

ئانىلارغا سۆز: بالىلار بەزى ۋاقىتلاردا بەك تارتىنچاق بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق چاغدا ئاتا ـ ئانىلار ئۇلارغا مەدەت بېرىشى، ئۇلار ئامالسىز قالغاندا: «ياردەم تەلەپ قىلغىن» دېيىشى، ئۇلارغا ئادەمنىڭ كەمچىلىكتىن خالىي بولالمايدىغانلىقىنى، ئۇ ھەل

قىلالمىغان ئىشنى دوستلىرى ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئاسانلا ھەل قىلالىشى مۇمكىنلىكىنى بىلدۇرۇشى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا، ئاتا ـ ئانىلار بالا يېنىدا بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار مۇۋاپىق ئادەمنى ياردەمگە چاقىرالايدۇ.

مۇستەقىل بالا ئۆزىگە ماس كېلىدىغان بايلىقنى ئىزدەشكە، بۇ ئارقىلىق مەقسىتىگە يېتىشكە ماھىر كېلىدۇ. ھەرقانداق ئادەم ھاياتىدا ئۆزى مۇستەقىل ھەل قىلالمايدىغان مەسىلىگە دۇچ كېلىدۇ، بالىلارغا مۇۋاپىق ۋاقىتتا ياردەم تەلەپ قىلىشنى ئۆگىتىشمۇ چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە بىر دەرس.

# خۇشال ئۆتكەن ملاد بايرىمى

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتىنى ھۆرمەت قىلغانلىقى، ئۇلار ئۈچۈن بەدەل تۆلىگەنلىكىگە پەرزەنتلەر ئاتا ـ ئانىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۇمىدكە تولدۇرۇش بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ.

ئۆتكەندە ئاتا ـ ئانام مىنىبۇسوتا ئىشتاتىدىكى بىر شىپاخانىغا كېلىپ، بىر ھەپتىلىك سالامەتلىك تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلماقچى بولدى. ئۇ دەل 12 ـ ئاي مەزگىلى بولۇپ، جاھان ناھايىتى سوغۇق ئىدى. قولايلىق بولۇش ئۈچۈن، ئۇلار شىپاخانىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى بىر مېھمانسارايدىن ياتاق ئالدى. ئاپام يەنە ئۆيئىچىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدىغان بولغاچقا، دادامغا بىر نەچە كۈن ھەمراھ بولۇپ، بىرلىكتە ملاد كېچىسى ئۆتكۈزۈشنىمۇ خىيال قىلمايلا كېتىپ قالدى.

شۇ كۈنى كەچتە دادامغا تېلېفون بېرىپ ملاد بايرىمىنى تەبرىكلىدىم، دادامنىڭ تەلەپپۇزى تولىمۇ مىسكىن ئىدى. ئارقىدىن ئاپامغا تېلېفون قىلىپ بايرىمىنى تەبرىكلىدىم، ئۇمۇ خۇرسىنىپ قويۇپ: «بۇ مېنىڭ داداڭسىز ئۆتكۈزگەن تۇنجى ملاد بايرىمىم، ئۇ بولمىسا بايرامىمۇ بايرامدەك بولمايدىكەن» دېدى.

شۇ چاغدا مەن 14 مېھماننى ئۆيگە مىلاد بايرىمىلىق زىياپەتكە چاقىرغانىدىم. مەن بىر تەرەپتىن قورۇمىلارنى تەييارلىسام، يەنە بىر تەرەپتىن قانداق قىلسام دادام ـ ئاپامنى خۇشال قىلالايمەن، دېگەنلەرنى ئويلىدىم. كېيىن ئاچامغا تېلېفون قىلدىم، ئۇ يەنە ئىنىم بىلەن ئالاقىلەشتى. تېلېفون ئالاقىسى ئارقىلىق، بىز دادامنى مىلاد بايرىمىدا دوختۇرخانىدا يالغۇز تاشلاپ قويماسلىقنى قارار قىلدۇق. ئىنىم ئىككى سائەتلىك يولنى بېسىپ، ماشىنا بىلەن دادامنى ئۆيگە ئېلىپ بېرىپ، ئاپامنى تۇيۇقسىز خۇشال قىلىۋېتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مەن دادامغا تېلېفون بېرىپ بۇ پىلانىمىزنى يەتكۈزدۈم.

— ئۇنداق قىلمايلى، — دېدى دادام، — بۇنداق سوغۇقتا كېچىدە ماشىنا ھەيدەش بەك خەتەرلىك.

ئىككى سائەتتىن كېيىن ئىنىم مېھمانسارايىنىڭ ئالدىدا ئۇندى، لېكىن دادام بۇنداق قىلىشقا پەقەتلا ئۇنىماي تۇرىۋالدى. ئىنىم تېلېفوندا ماڭا: «بابى، دادامغا نەسىھەت قىلغىن، ئۇ سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلايدۇ» دېدى.

— دادا، قايتىپ كەلگىن، — دېدىم مەن بوش ئاۋازدا.

دادام ئاخىر ئىنىم بىلەن بىللە ئۆيگە قايتىپ كېلىشكە قوشۇلدى. ئىنىم يولبويى ماشىنىدىكى تېلېفون ئارقىلىق، بىزگە دادامنىڭ كەيپىياتى ۋە ھاۋا رايى ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىپ تۇردى. شۇ ۋاقىتتا، مېھمانلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ بولغان، بىزگە ھەمراھ بولۇپ ساقلىماقتا ئىدى. ھەر قېتىم تېلېفون

جىرىڭلىغاندا، كۆپچىلىكنىڭ ئەڭ يېڭى ئەھۋالدىن خەۋەردار بولغۇسى كېلەتتى. سائەت توققۇزلار بولغان ۋاقىتتا تېلېفون يەنە جىرىڭلىدى، بۇ قېتىم تېلېفوندىن دادامنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى: «بابى، سوۋغات ئالالمىغان تۇرسام، ئاپاڭ بىلەن قانداق كۆرۈشىمەن؟ ئۆتكەن 50 يىلدا ھەر يىلى ئۇنىڭغا مىلاد بايرىمىلىق ئەتىر سوۋغا قىلىپ كەلگەنىدىم». دادامنىڭ ئاپامغا مىلاد بايرىمىلىق ئەتىر سېتىۋېلىشى ئۈچۈن، يول بويىدىكى قايسى مال سېتىۋېلىش مەركەزلىرىنىڭ ھېلىمۇ تىجارەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ چىقتىم.

سائەت توققۇزدىن 52 مىنۇت ئۆتكەندە، ئۇلار بىر كىچىك دۇكاندىن دادام ئالىدىغان ئەتىرنى تاپتى، سائەت 11 دىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە، سالامەت ھالدا ئۆيگە يېتىپ كەلدى. دادام خۇددى بالىلىقتىن كەتمىگەن يىگىتكە ئوخشاش، ماشىنىدىن چۈشۈپلا ئاپامنىڭ كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۆينىڭ كەينىگە ئۆتۈپ يوشۇرۇنۇۋالدى.

— ئاپا، بۈگۈن دادامنى كۆرگىلى بارغانىدىم، دادام بىر مۇنچە كىيىملەرنى يۇغىلى ئەۋەتتى، — دېدى ئىنىم دادامنىڭ سومكىلىرىنى ئاپامغا بېرىپ.

— ھە، — دېدى ئاپام ئۇھسىنىپ، — داداڭنى خويمۇ سېغىنىدىم.

بۇ چاغدا، دادام ئۆينىڭ كەينىدىن چىقىپ: «سۆيۈملۈكۈم...» دېدى.

سەلدىن كېيىن ئىنىم ماڭا تېلېفون قىلىپ، بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ كۆرۈشكەن چاغدىكى تەسىرلىك كۆرۈنۈشنى سۆزلەپ بەردى. مەن دەرھال دادامغا تېلېفون قىلدىم:

— دادا، مىلاد بايرىمىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن!

— ھەي، سىلەر بالىلارنىزە... — دادام ھاياجانلانغىنىدىن گەپ قىلالماي قالدى. مەن گەرچە 200 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولساممۇ، لېكىن يۈرىكىم ئۇلار بىلەن ئىنتايىن ئۆزگىچە بولغان مىلاد كېچىسىنى ئۆتكۈزگەنىدى.

ئانىلارغا سۆز: بالىلار مەيلى قانچىلىك چوڭ بولۇپ كەتسۇن، ئۇلارغا بوۋاق بالىغا كۆيۈنگەندەك كۆيۈنۈش كېرەك؛ بالا مەيلى قانچىلىك كىچىك بولسۇن، خۇددى چوڭ ئادەمنى ھۆرمەتلىگەندەك ھۆرمەتلەش كېرەك. بالىلارغا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلگەن ئاتا ـ ئانا بالىسىنىڭ ياخشى دوستى بولالايدۇ.

# باللار بىلەن ئۆتكەن ھەربىر كۈندىن بەھرىلىنىش

ئىلگىرى «مۇۋەپپەقىيەت» دېگەن سۆزگە بەرگەن تەبىرىم، ئوغلۇم تۇغۇلغاندىن كېيىن تامامەن ئۆزگىرىپ كەتتى.

ئىلگىرى «مۇۋەپپەقىيەت» نى ئالدىن بېكىتكەن بىر كۈنلۈك ئىشنى تاماملاش، دەپ چۈشىنەتتىم. مۇھىمىنىڭ مۇھىمىنى «مۇددەت ئىچىدە ئورۇنداپ بولىدىغان ۋەزىپە» قاتارىغا قويۇپ، ھەر كۈنى ئۇلارنى ئورۇنلاش ئۈچۈن چېپىپ يۈرەتتىم. «مۇھىم ئىشلار تىزىملىكى» دىكى مەلۇم بىر تۈرگە توغرا بەلگىسى ئۇرۇلغاندا، بىر مەھەل شادلىقتا چۆمۈلەتتىم. ئەگەر بىر كۈنى ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ بولغانلىقنى بىلدۈرىدىغان توغرا بەلگىسىنى كۆرەلمىسەم، شۇ كۈننى مەغلۇبىيەتلىك بىر كۈن، دەپ قارايتتىم. شۇنىڭ بىلەن بۈگۈنى ئورۇنلاپ بولالمىغانلىرىمنى قايغۇ ئىچىدە ئەتىسىدىكى خىزمەت خاتىرىسىگە قوشۇپ قوياتتىم، بۇنداق چاغدا ئۇيقۇم ئۇيقۇ، تامىقىم تاماق بولمايتتى. خىيالىم ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ، بۇ نىشانلارنى قانداق ئىشقا ئاشۇرۇشتا قالاتتى.

لېكىن ئوغلۇمنىڭ «پىلان» ى باشقا بىر ئىش ئىدى، ھېلىمۇ ياخشى، ئۇ «پىلانى» نى چوقۇم مەن بىلەن ئورتاق ئورۇنلىشى

كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ قارىقاتتەك كۆزلىرى بىلەن ماڭا تىكىلىشلىرى خۇددى «ئاپا، سىز نېمىگە ئالدىراپ يۈرۈيسىز؟» دەۋاتقاندەك بىلىنەتتى. بۇ هال مېنى قىلىۋاتقان ئىشىمنى توختىتىپ، ئازراق ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلاتتى.

ئەمەلىيەتتە، ئۇ تۇغۇلغان دەسلەپكى بىر نەچچە ئايدا ئۆزۈمنىڭ بارغانسېرى تىتىلداپ كېتىۋاتقانلىقىمنى هېس قىلدىم. بولۇپمۇ ئۇنىڭغا تاماق يېگۈزۈش ۋاقتىم ئىلگىرى بېكىتكەن ۋاقىتتىن ئېشىپ كەتكەندە. هېلىمۇ خېلى كەڭ قوللۇق قىلىپ، مەخسۇس 20 مىنۇت ۋاقىتنى ئۇنىڭغا چۈشلۈك تاماق يېگۈزۈشكە ئاجراتقان ئىدىم، لېكىن يېرىم سائەت هەپىلەشسەممۇ، تاماقنىڭ يېرىمىنىمۇ يېگۈزۈپ بولالمايتتىم.

«بۇنداق بولسا پىلانىمغا تەسىر يەتكۈدەك، ۋاقىت جەدۋىلىنى قايتىدىن تۈزسەم بولىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ غۇدۇرايتتىم مەن چىكىلداپ مېڭىۋاتقان سائەت ئىسترېلكىسىغا قاراپ تىتىلدىغان هالدا. لېكىن كېيىن مەن ئەڭ قىزىقارلىق ئىشنىڭ بالامنى مېنى ۋاقىت جەدۋىلىدىن دەل ۋاقتىدا قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشى ئىكەنلىكىنى هېس قىلىپ قالدىم.

نېمىشقا هەربىر ئىشنى چوقۇم بۇگۈن ئورۇنلاش كېرەك ئىكەن؟ ئوغلۇمنىڭ تاماق يېيىشىگە كۆپ ۋاقىت كېتىدۇ، بەزىدە تېخى ئۇنىڭغا هەمراھ بولۇپ كۆپرەك ئوينىشىم كېرەك. ئۇ ئەنە شۇنداق قىلىپ مېنىڭ «پىلانلىق تۇرمۇش» ۇمغا خىرىس قىلىشقا باشلىدى.

ئۇ تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى مەن ۋاقىت جەدۋىلىنىڭ «مەھبۇسى» ئىدىم. ھەربىر ئىشنى بېكىتىلگەن ۋاقىت ئىچىدە ئورۇنلاپ بولاتتىم. ئوغلۇمغا رەھمەت، مەن ھازىر ئۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى بىلىپ يەتتىم. مۇھىم بولغىنى شۇكى، ئوغلۇم ماڭا تۇرمۇش رىتىمىنى ئاستىلىتىپ، كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنزىرىسىدىن بەھرە ئېلىشنى بىلدۈردى. بويى تىزىمغىمۇ كەلمەيدىغان بۇ «شەيتان» مانا مۇشۇنداق ئەپچىللىك بىلەن كىشىلىك تۇرمۇش مۇساپەمنى قايتا ئورۇنلاشتۇرۇپ، بەزى ئىشلارنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى كۆرۈشۈمگە ياردەم قىلغانىدى.

ھالبۇكى، بۇ ئۆزگىرىشنىڭ ئەھمىيىتى ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشتىلا ئەمەس ئىدى، ئەزەلدىن دىققەت قىلىپ باقمىغان نەرسىلەرنى كۆرۈپ بېقىشنى بىلگەنىدىم.

ئۆيىمىزدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا بىر كۆل بار ئىدى، كۆلنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرىدىغان بىر يول بولۇپ، سەھەردە چېنىققۇچىلاردىن تارتىپ بالىلىرىنى ئايلاندۇرۇپ ئېلىپ چىققان ئانىلارغىچە بۇ يولنى مۇھىم پائالىيەت سورۇنى قىلاتتى. ئوغلۇم تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى ئېرىم بىلەن ئىككىمىز بۇ يولدا كۆپ ماڭغانىدۇق، چاقماق سۈرئىتىدە كۆلنى 100 قېتىملاپ ئايلىنىپ بولغاندىمىز. لېكىن مەن كۆلدە چىرايلىق ئاق قۇلارنىڭ ئۈردەك ۋە غاز توپى ئىچىدە ياشايدىغانلىقىغا دىققەت قىلىپ باقماپتىمەن.

مەن يەنە بىر كۈننىڭ مەلۇم مەزگىلىدە، قۇياش نۇرىنىڭ

كۆلدىن قايتقان، جىمىرلاپ تۇرىدىغان ئەكس نۇرىنىڭ ۋىلىلداشلىرىنىڭ ئالماسقا ئوخشايدىغانلىقىغا دىققەت قىلىپ باقماپتىمەن. ئەگەر ئوغلۇم بولمىغان بولسا، بۇ نەرسىلەردىن مەڭگۈ قۇرۇق قالغان بولۇشۇم مۇمكىن. ھازىر مەن قەدىمىنى ئاستىلىتىپ، بۇ ئاددىي، ئەمما قىممەتلىك گۈزەللىكتىن بەھرىمەن بولىدىغان بولدۇم.

ئوغلۇمنىڭ «مۇۋەپپەقىيەت» كە بەرگەن تەبىرىمنى ئۆزگەرتكەنلىكىگە رەھمەت. «مۇۋەپپەقىيەت» ئوغلۇمنىڭ كۆلۈشى دېمەكتۇر؛ «مۇۋەپپەقىيەت» بەختلىك ھالدا ئانا بولۇپ، بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى كۆزىتىش ۋە ئۇنىڭ بايقاشلىرىدىن تەڭ بەھرىلىنىشتۇر؛ «مۇۋەپپەقىيەت» ئۇنىڭغا ئەللەي ناخشىسى ئېيتىپ بېرىپ، قوينۇمدا ئۇنى شېرىن چۈش قاينىمىغا غەرق قىلىشتۇر؛ «مۇۋەپپەقىيەت» مۇستەھكەم نىكاھ ئارقىلىق ئۇنىڭغا مۇنتىزىم ئۆسۈپ يېتىلىش مۇھىتى يارىتىپ بېرىشتۇر؛ «مۇۋەپپەقىيەت» ئۇ بىر خىل ئەركىنلىك، ئۇ مېنىڭ تۇرمۇش نىشانىمنى چۈشىنىشىمدىن كېلىدۇ، مېنىڭ تۇرمۇش نىشانىم ھەرگىزمۇ ھەر كۈنى ئۆينى چىنىدەك پاكىز تازىلاپ، ھەممە ئىشنى شامال ئۆتمەيدىغان دەرىجىدە مۇكەممەل قىلىش ئەمەس، شۇنداقلا تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى جەھەتلىرىگە چېتىلىدىغان ۋاقىت جەدۋىلى ئۈچۈنمۇ ئەمەس.

يېقىندا ئوغلۇم بىزنى قاتتىق قورقۇتۇۋەتتى. شۇ كۈنى، ئۇ تۇساتتىن قاتتىق قېقىلىپ، يۈزلىرى پوكاندەك قىزىرىپ

كەتتى، بۇنىڭدىن قاتتىق قورقۇپ كېتىپ، دەرھال جىددىي قۇتقۇزۇشقا تېلېفون قىلدۇق. نېمە ئىش بولغاندۇ؟ ئۇنىڭ گېلىگە بىر نەرسە تۇرۇپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئىرىم ئىككىمىز شۇنچە ئەستايىدىل، ئۇنىڭ يېنىغا ئەزەلدىن ئۇششاق نەرسىلەرنى قويۇپ قويمايمىز.

دوختۇرلار يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، قېقىلىش ئالامەتلىرى خېلى ياخشىلاندى. ئۇمۇ بۇرۇنقى شوخ، جانلىق ھالىتىگە قايتتى. شۇ ۋاقىتتا مەن يەنىلا ئەنسىرەپ تۇراتتىم. دوختۇر ماڭا ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشىنىڭ راۋانلىقىنى، لېكىن يەنىلا ئۇنى ئېلىپ بالىلار بۆلۈمىگە ئاپىرىپ كۆرسىتىپ كېلىشىمنى ئېيتتى.

ئۇلار كېتىپ بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن، ئۇنىڭدىكى قېقىلىش يەنە قوزغالدى. ئىرىم ئىككىمىز ئۇنى تېزدىن دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردۇق. ماشىنىمىزنى جىددىي قۇتقۇزۇشنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختاتقاندا، ئۇنىڭدىكى قېقىلىش ئەھۋالى يەنىلا داۋاملاشماقتا ئىدى، تېخى ئۆيدىكى ۋاقىتتىكىدىنمۇ يامانلىشىپ كېتىۋاتاتتى. مەن خۇددى ئېلىشىپ قالغاندەك ئۇنى كۆتۈرگىنىمچە جىددىي قۇتقۇزۇش ئۆيىگە ئېتىلىپ كىردىم ـ دە، ئۇچرىغان بىرىنچى دوختۇرغا ئەھۋالنى بىرنى قويماي ئېيتىپ بەردىم. مۇشۇ ۋاقىتتا، ئۇ بىر ھازا قاتتىق يۆتەلدى ۋە ئاغزىدىن بىر پارچە كەمپۈت قەغىزىنى پۈرقۈپ چىقاردى.

شۇ كۈنى زادى قانداق قىلىپ بۇنداق ئەھۋال يۈز

بەرگەنلىكىنى ھازىرغىچە بىلمەيمەن. گەرچە دوختۇر ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ «چاتاق يوقكەن» دېگەن بولسىمۇ، لېكىن مەسىلە تېخى ھەل بولمىغاندەك ھېس قىلاتتىم. «بۇ ئىش زادى قانداقسىگە يۈز بەرگەندۇ؟» دەپ ئويلايتتىم. ئەگەر كەمپۈت قەغىزى گېلىنى ئېتىۋالغان بولسا قانداق قىلاتتىم؟ ئەگەر كەمپۈت قەغىزىدىن چوڭراق نەرسە بولۇپ قېلىپ، ئۇ پۈرقۈپ چىقىرىۋېتەلمىگەن بولسا قانداق قىلاتتىم؟ ئەگەر...

مەن ھەدەپ تىترەيتتىم، كاللامدىكى بولمىغۇر خىياللارنى كونترول قىلالمايتتىم. ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالسا، مەن قانداقمۇ ياشايمەن؟

بۇ ئىش ماڭا ئوغلۇم بىلەن بىرگە ئۆتكەن ۋاقتىنىڭ ئىنتايىن قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى، ھەربىر كۈندىن ئوبدانراق بەھرە ئېلىشىم كېرەكلىكىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر كۈننى ياخشىراق ئۆتكۈزۈشۈم كېرەككەن. نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇ ھازىرقىغا ئوخشاش ماڭا تايىنىپ ياشاۋېرىشنى، ھەممە ۋاقتىنى مەن بىلەن بىرگە ئۆتكۈزۈشنى ياخشى كۆرىۋەرمەيدۇ...

ئىلگىرى ئۇنىڭ زاكا، ئېمىزگۇ ئىشلىتىدىغان كۈنلىرى ئۆتۈپ كەتكەندە، ئاتا ـ ئانا بولۇشنىڭ راھەت كۈنلىرى كېلىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. لېكىن كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ ئايىغى چىقىپ، تېزىمدا ئولتۇرۇپ ئەللەي ناخشىسى ئاڭلىغاچ ئۇيقۇغا كېتىشنى خالىمايدىغان بولۇپ قېلىشىنى ئويلىسام كۆزلىرىم

ياشقا تولىدۇ. بارلىق ھېرىپ - چارچاش ۋە خۇشاللىقلارنىڭ ھەممىسىنى يىللارنىڭ بوتۇلكىسىغا قاچىلاپ، مەڭگۈگە ساقلاپ قويغۇم كېلىپ كېتىدۇ.

لېكىن ئۇنداق قىلغىلى بولمايدىغانلىقى ماڭا ئايان. شۇڭا ئەمدى ھەربىر دەقىقىنىمۇ ئىسراپ قىلمايمەن. كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ قىممەتلىك ۋاقىتلارنىڭ ئالدىراپ - تېنەپلا ئۆتۈپ كېتىشىنى خالىمايمەن.

ئانىلارغا سۆز: بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى ئاتا - ئانىلارنىڭمۇ بىرگە ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدۇر. بۇ جەرياندىكى خۇشاللىق ۋە قايغۇلارنى ئاتا - ئانىنىڭ ئۆزى بىلىدۇ. بالىلار چوڭ بولۇپ مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىغاندا، ئاتا - ئانىلار ئاندىن بالىسىنىڭ كىچىك ۋاقتىتىكى ئىشلىرىنى ئېسىگە ئېلىشقا باشلايدۇ. چۈنكى بىز ۋاقىتنىڭ ئادەمنى ساقلاپ تۇرمايدىغانلىقىنى، ئاتقان ئوقتەك تېز ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمىز. شۇڭا بالىلار يېنىمىزدا بولغان پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئۇلارغا كۆپرەك مېھىر - مۇھەببىتىمىزنى بېرەيلى، بالىلاردا مەڭگۈلۈك ئۆكۈنۈش قېپقالمىسۇن. بالىلارغا كەم بولۇۋاتقىنى ئويۇنچۇق، يېمەكلىك ئەمەس، سوۋغاتمۇ ئەمەس، بەلكى ئاتا - ئانىسىنىڭ ھەمراھ بولۇشىدۇر.

نورمال يېتىلگەن، ئەقلىي قابىلىيىتى جايىدا بالىنىڭ ئەڭ سىغىنىدىغىنى ئائىلە بولىدۇ. ئۇ مەيلى قەيەرگە بارسۇن، قانداق ئەھۋالدا بولسۇن، كىچىككىنە ۋاقتى چىقسىلا ئۆيىنى دەرھال

ئېسىگە ئالىدۇ. گەرچە ئۇنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن باياشات، ئىنتايىن بەختلىك ياشاۋاتقان، نۇرغۇن ئادەم ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، غەمخورلۇق قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۆيىنى سېغىنىشتىن مۇستەسنا بولالمايدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ جاۋاب ناھايىتى ئاددىي، چۈنكى ئائىلە بالىنىڭ نەزىرىدىكى شادلىق باغچىسى، ئائىلە بولغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭغا ھەقىقىي مەنىدىكى خۇشاللىق ۋە بەخت يار بولىدۇ.

بۇ كىتاب ھەربىي ئىشلار يېزىن نەشرىياتىنىڭ 2005 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىنىدى.

تەرجىمە جەريانىدا، تۇرمۇش ئادىتىمىزگە ماسلاشماسلىق قاتارلىق سەۋەبلەردىن بىر قىسىم ماقالىلەر قىسقارتىلدى.

# ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئەخلاق تەربىيە مەجمۇئەسى
# ئانىلار ئۈچۈن ھېكايەتلەر

تەرجىمە قىلغۇچى: پەتتارجان مۇھەممەت ئەرقۇت

---

پىلانلىغۇچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئايگۈل مەخمۇت تۇرگۇن
مەسئۇل كوررېكتورى: چولپان تۇرسۇن
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى بۇلاقبېشى كوچىسى 196 ـ قورۇ
تور ئادرېسى: http://www.xjpsp.com
باسقۇچى: شىنجاڭ يىبەيفېڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
نەشرى: 2011 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2012 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
فورماتى: 1230 × 880 م م 1/ 32 كەسلەم
باسما تاۋاق: 10.5 قىستۇرما بەت 4
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-5372-4750-4
تىرازى: 5100 — 1
باھاسى: 25.00 يۈەن

---

تارقىتىش بۆلۈمى تېلېفون نومۇرى: (0991) 2823055 پوچتا نومۇرى: 830001



ISBN 978-7-5372-4750-4

9 787537 247504 >

定价：25.00 元